

# بۇلاق

1

1988

AltunOq

uyghurkitap.com









# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

پەسىللىك ژۇرنىلى

9 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 22 - سان

AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**بۇلاق**

بوستاندا

1988 - يىل ئومۇمىي 1 - سان

---

## ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتىدىن

لەيلى ۋە مەجنۇن........................................ موللا پازىل ...... 1
نەشرگە تەييارلىغۇچى: رەجەپ ئىمىن
دىۋانى ناقىس.................................. موللا سابىر بىننى ئابدۇلقادىر... 47
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ياسىن ئىمىن، توختى تۇراخۇن
مىسكىن شېئىرلىرىدىن..............................موللا ھەيدەر ... 82
نەشرگە تەييارلىغۇچى: قادىر بۇلاق
شېئىرلار........ ئەسىرى، موللا ئەلەم، ھەمدى، موللا ياقۇپ، موللا ئىمىن... 90

## شەرق كلاسسك ئەدەبىياتىدىن

«ئەتۋاقۇز زەھەب»تىن..............................ئەللامە زەمەخشەرى ... 99
تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: توختى تىللا

## مەشھۇر كلاسسىكلار

ئۇلۇغ خەلقپەرۋەر شائىر موللا پازىل....................پەردە ئىمىن... 112
ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى....................ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ... 115

## مەشھۇر ئەسەرلەر

يېڭى تېپىلغان بۈيۈك مىراس .............. مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت... 120

## ئەدەبىي مۇھاكىمە

تېكىستكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك .................. كىبرىيە قاھارووۋا... 125
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: رۇزى مۇھەممەت جۇمە

## ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


هەۋزىخان (خەلق داستانى) ................................. 138
رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇللا مەجنۇن
سالىھە نەۋجۇۋان (چۆچەك) ................................. 144
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئوسمان ھەسەن
ئەپسانىلەر ................................................ 156
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇكېرىم راخمان
بېيىت - قوشاقلار ........................................... 161
توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: ئەرشىدىن تاتلىق تۇرسۇنجان قاسىم، ئابلەت قادىر
ماقال - تەمسىللەر ......................................... 170
توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: ئەخەت ھاشىم، ئېلى ئىسمائىل، ھەسەن تىلىۋالدى،
غالىبجان ئوسمان، ئېمىر مۇھەممەت
چاغاتايچە لۇغەت ............................................ 178
تۈزگۈچى: ئابلىمىت ئەھەت


رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ.
نەققاش ۋە خەتتات: تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ليۇپېيچىڭ.

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: دىلشاد (XIX ئەسىردىكى ئۆزبېك شائىرەسى) قوقاندا.
رەسسام: ق. بەشەرووۋ.

1981 - يىل تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «زىبۇننىسا، دىلشاد ۋە ئەنبەر ئاتىنلار شېئىردىيىتىدىن» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى.

2 - بېتىدە: مىسكىن، سالىھى، كاتىپ موللا ئىمىن قاتارلىق شائىرلارنىڭ قول يازما ئەسەرلىرى ئىچىدىكى ئايرىم بەتلەرنىڭ فوتو سۈرىتى.

3 - بېتىدە: ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ دېھلىدىكى قەبرىسى. 1956 - يىل موسكۋادا نەشر قىلىنغان «ھىندىستان بەدىئىي سەنئەت يادىكارلىقلىرى» ناملىق توپلامدىن ئېلىندى.

4 - بېتىدە: ئىدىقۇت خاقانى ئالىپ ئارسلانخان. (X ئەسىر، تۇرپان).

---

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرشىت ئىسلام، ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋەلى خەلپەت، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، تېيىپجان ئېلىيوپ، رەھمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەمتىمىن يۈسۈپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

---


باش مۇھەررىر: ئابدۇۋەلى خەلپەت.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: نىجات مۇخلىس، مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت،
پەرىدە ئىمىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




موللا پازىل

①……………………

بىرەۋگە نازۇ نېئمەتلەر بېرىپدۇر،
بىرەۋگە رەنجۇ مېھنەتلەر بېرىپدۇر.
بىرى ئەيلەپ يۈرۈر سەيرى گۈلىستان،
بىرىسى خارۇ زاراندۇر كۈلىستان.
بىرەۋسى قۇشلارىن قۇشلاپ يۈرۈپدۇر،
بىرەۋسى يولىنى تۇشلاپ يۈرۈپدۇر.
بىرەۋنى رازىق ئەتتى ئۆز ئىشىغە،
سەزاۋار ئەتتى بىرىنى دىن ئىشىغە.
بىرەۋنى ئىلمىگە دانا قىلىپدۇر،
بىرەۋنى ھۆسن ئىلە رەئنا قىلىپدۇر.
بىرەۋ تائەت بىلە بولدى ئەزازىل،
بۇ سۆزلەر بارچەسى كەلدى تەماسىل
قىلىپدۇر بىر - بىرىن بىر ئىشغە مەشغۇل،
بىرەۋنىڭ قولىدا زەنجىر ئىلە غۇل.
قىلىپدۇر بىستۇن مۇنچە سەماۋات،
قىلىپدۇر يەر يۈزىن فەتھى ھەباتات.②
سەماۋات ئۆزرە قىلدى كەۋكەبىستان،
چىراغان بولدى ئول شەمئى شەبىستان.
ياراتتى قۇدرەتىدىن زۇلمەتى نۇر،
بولۇر قىلسە نەزەر نۇرى ئەلا نۇر.
ياراتتى ئابۇ گىلدىن ئادەمىينى،
ياراتتى قۇدرەتى بۇ ئالەمىينى.
كۆرۈڭ، قەترە پەلىدنى پاك قىلدى،
كى بەردى جاننى، ئاخىر خاك قىلدى.
ئېتىپدۇر ئادەمىينى رەڭگۇ بەر رەڭ،
كى بەئزى بىر رەڭئولدى بەئزى بىر رەڭ.
فەلەك ئۆزرە قىلىپ خۇرشىد تابان،
كوھىستان ئىچىرە دۇر لەئلى بەدەخشان.
بۇ ئالەم جەۋرىسىنى قىلدى بىر قاف،
كى بولدۇرغان سۆزىدۇر نۇن بىلە قاف.
ۋۇجۇدىدا ئەگەر مىڭ بولسا بىر تىل،

---

①ئەسلى قول يازمىدا بىر بەت يوقالغان.

②ئەسلى قول يازمىدا بۇ سۆز ئۆچۈپ كەتكەن. قىياسەن ئېلىندى. (م)

تۇگەنمەس ھەر بىردە ئىپىتسە مىڭ يىل.
دۆۋەت بولسە بۇ ئالەم بارچە دەريا،
سىياھىي بولسە بارچە ئابۇ دەريا.
بارى ئالەم ئارا مۇنچە دەرەختلەر،
قەلەم ئەيلەپ بۇتۇرسە نىك بەختلەر.
پۇتۇسە مۇنچە ئالەم ئەھلى مەۋجۇد.
ئادا بولماس جەھاندىن بۇدۇ نابۇد،

بولۇر بۇ سۆزكى نادانغە ئىشارەت،
كى قالغاننى بىرى بەرگەي بىشارەت.
خۇدا سۇنئىدىن ئەر قىلسە ھىكايەت،
تۇگەنمەي قالغاي ئۆتكەي مىڭ قىيامەت.
قىيامەت بولغايۇ قالغاي بۇ سۆزلەر،
ئەدا بولغاي ھەمە دەرياھۇ كۆزلەر.

## نەئت ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم

قىلىپدۇر خەلق ئارا بىر زات پەيدا،
ۋۇجۇدىغە بولۇپدۇر ئۆزى شەيدا.
بارى مـەۋجۇد ئىچرە ئول ئىرۇر پاك،
سۇجۇد ئەتتى ئاڭا بۇ ئەرشى ئەفلاك.
ھەمە مەخلۇق ئۆزە سەرۋەر قىلىپدۇر،
پەيەمبەرلەر ئارا مۇھتەر قىلىپدۇر.
شەھى ئالەم قىلىپ ئول دۇررى يـەكتا،
قەدى نەخلى يۈزى ئاي، كـۆزى شەھلا.
ھەبىبى ھەق ئىرۇركىم ئول شەكەرخەند،
تىشى دۇررى، لەبى لەئلى، سۆزى قەند.
بۇيىدىن بۇي ئالغاي ئەتر سۇنبۇل،
سۆزىدىن بەھرە ئالغاي قۇمرى، بۇلبـۇل.
ھەمە مەۋجۇد ئىرۇر بىر قـەترەسىدىن،
قىزىل گۇلدۇر خىجىل گۇلچىھرەسىدىن،
ئىرۇر ئول شەمئى فانۇسى ئىلاھى،
ئىرۇر ئالەم ئارا خۇرشىدۇ ماھى.
ھـەقىقەتدە ئىرۇر ئالەم مەدارى،
بارى ئالەم ئىرۇر ئانىڭ غۇبارى.

ئانىڭ بىر پەرتەۋىدۇر بارچە ئەفلاك،
تەماشا گاھ ئىرۇر بۇ مۇلكۇ ئەملاك.
بارى مەخلۇق ئارا ئولدۇر يىگـانە،
ئاڭا يەكسان ئىرۇر خىيشۇ بىگانە.
ئاڭا يەتكەن ئىرۇر بۇ خىلئەتى خاس،
ھىمايەت قىلغۇسى كىم قىلسە ئىخلاس.
ئىرۇر رۇيى زەمىن ئانىڭ بىساتى،
بۇ ئالەمدۇر ئاڭا كوھنە رەباتى.
ئانىڭ تەئرىفىنى ھەر سۇبھى ھەر شام،
قىلۇر ئالىمۇ جاھىل، خاس ئىلە ئام.
ئانى ھەر نەرسىگە ئوخشاتسە بولماس،
گۆھەرنى خارۇ خەسگە قاتسە بولماس.
كى خەسگە خارلىق دۇرغە فۇزۇنـلۇق،
ياراشۇر بەگكە ـ بەگلىك، قۇلغە قۇللۇق.
ئىرۇر ئاسىيلارنىڭ قۇلفى كەلىدى،
بارى ئاسىينىڭ ئاندىندۇر ئۇمىدى.
كى تاجىلئەنبىيا ئۇلمۇرسەلىندۇر،
شەفىئى ئەۋۋەلىنۇ ئاخىرىندۇر.

## دەرمەنقەبە چەھار يار باسەفا رىزۋانەللاھۇ تەئالا ئەلەيھىم ئەجمەئىن

يەنە باردۇر رەسۇلنىڭ تۆرت يارى،
ئەبابەكرى سىدىقدۇر يار غارى.
ئىرۇر رۇھىلئەمىنغە پىر ئۇستاد،
قىلىب كافىرلانىڭ ئۇمرىنى بەرباد.

بارى ئەسھاب ئارا شەھباز ئىدىلەر،
پەيەمبەرغە تەخى دەمساز ئىدىلەر.
ئەزەلدە قىلغان ئىرسە ھەق ئىنايەت،
ئۇ بائىسدىن تاپىپ يۈزمىڭ كەرامەت.

www.uyghurkitap.com

ئەمىرلمۇئمىنىن ئۆمەر زەبەردەست،
كى ھەق يادى بىلە ئول دائىما مەست.
پەيەمبەر ئەھلىغە بولدىلار ياۋەر،
زەبۇنۇ ئاجىز ئولدى ئەھلى كافەر.
سەھابە ئىچرە ئېردىلەر ستۇنى،
بارى ئىسلامنىڭ باغرى پۇتۇنى.
قولىغە دۇررنى گەر ئالسە ناگاھ،
تۇشۇپ غەۋغاۋۇ غۇلغۇل ماھ تاماھ.
ئەمىرلمۇئمىنىن ئۇسمان رەۋشەن،
بولۇر يەتتە تامۇغ چۇن باغى گۇلشەن.
كەلامى ھەقنى قىلدىلەر بارى جەمئ،
بۇ ئالەم ئىچرە گويا بولدى بىر شەمئ.
سەخاۋۇ جۇد ئىلم ئېردى شىئارى.
سەفاۋۇ سىدق ئىلم ئېردى شىكارى.
كى ئېردى ئىلم دەرياسىدا غەۋۋاس،
ئالىپ دەريا تەھىدىن دۇرر ئىخلاس.
كى باردۇر بىرلارى ئول شاھىمەردان،
پەيەمبەر سۆزلەرىدۇر شىرى يەزدان.
ئىنايەت ئەيلەبان ھەق بەردى دۇلدۇل،
مىنىب چىقسە تۇشەر جاھىلغە غۇلغۇل.
گەر ئالسە قولىغە شەمشىرى جانباز،
سالىب كۇفر ئەھلىنىڭ جانىغە پەرۋاز.
شۇجائەت شەۋقى، ھىممەت بولدى يارى،
سەخاۋەت بىرلە شەفقەت كار بارى.

## دەرمەنقەبە ھەزرەتى ئەمىرلمۇئمىنىن ھەسەن ۋە ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئېرۇرلار ئىككى شاھى گۇشۋارە،
ھەسەن بىرلە ھۇسەين خۇشكۋارە.
بىرى باغۇ بىرى گۇل گۇلشەنىدۇر،
ئىكەۋ بۇ ئالەمىنىڭ رەۋشەنىدۇر،
بىرى سۇنبۇل بىرىدۇر مۇشكى تاتار،
بىرى ئاق ئالمە ئالغان بىر قىزىل نار.
بىرى رەڭگى، ئەقىقى لەئل مەرجان،
بىردىسى فىرۇزى ياقۇت مەرجان .
بىرى ئايۇ بىرى خۇرشىد ئېرۇرلار،
كى گۇيا شەھ ئارا جەمشىد ئېرۇرلار.
ۋۇجۇدى شەھر گۇيا جان ئېرۇرلار،
يۇرەك، يۇرەك جىگەرلەر قان ئېرۇرلار.
بۇلار سۇرەتدە دۇرلار، نەسلى ئادەم،
ئېرۇر بۇ سەبزەگاھ بۇ ئىككى ئالەم.
بۇلار شاھىنۇ شەھبازى ئېرۇرلار،
سەماۋات ئۆزرە پەرۋازى ئېرۇرلار.
بۇلار مەنزىلگاھىدۇر جەننەتۇ ئەرش،
بۇلارنىڭ سەيرگاھى ئەرشىدىن پەرش.
قىيامەت كۇنىدە چوفان ئېرۇرلار،
ھەمە ئاسىلارغە جويان ئېرۇرلار.
بۇلار بادامۇ نەرگىس، زۇھرە، ئەختەر،
بۇلار قەندۇ ئەسەلدۇر لەئل، شەككەر.
ئىسار ئەيلەر كەمى بىر قەترەئى قان،
تاپار ھەر قەترەغە ئول ئاسىي مىڭ جان.
كى ئەرزىر جان فىدا قىلسە ئۇلارغە،
بېرۇر جانىغە مىڭ جان ھەق ئۇلارغە.
ئۇلارنىڭ لۇتفى كىمگە بولسە ھەمدەم،
بولۇر ئالەمدە ھەق سىررىغە مەھرەم.

## ئۆز ھالىغە ئۆزرخانلىق قىلغانى

ساڭا مەنكىم بۇ سۆزلەرنى دېگەيمەن،
ئۆز ئەھۋالىمغە ھەسرەتلەر يېگەيمەن.
مەن ئول فاسىق ئېرۇرمەن غەرق ئىسيان،
گۇناھىمدۇر مېنىڭ ئالەمگە تولغان..
بۇ ئالەمدە مېنىڭدەك يوق گۇنەھكار،
قارا يۈزمەن تەبەھكارۇ سىيەھكار.

مەنەم بىر ئاسىيۇ گۇمراھ زالىم،
ئۇمىدىم باركى ھەقدىن تۇتسە سالىم.
بولۇپمەن نەفىس دۇنياغە گىرىفتار،
نەچە بولسە ئۇقۇبەتكە سەزاۋار.
گۇناھى مەئسىيەت تۇخمىن سالۇرمەن،
نەچە تۇرلۇك ئۇقۇبەتكە قالۇرمەن.
ھەۋاۋۇ ھىرس باشىمغە تۇشۇپدۇر،
مېنى يولدىن چىقارماقغە تۇرۇپدۇر.
چىقىپ يولدىن بارىپ شەيتان كويىغە،
نە شەيتان بەلكى ئۆز نەفسىم كويىغە.
بىلۇرمەن ئالەم ئىچرە ئاقۇ قارا،
ئىرۇر باغرىم مېنىڭكى سەڭگى خارا.
كۆرۇپ، بىلىپ ئۆزۇم ئوتغە سالۇرمەن،
جەفاۋۇ جەۋر جانىمغە قىلۇرمەن.

مەنەم زارۇ زەئىفى ناتەۋانى،
مەئاسى جەھەتىدىن ئەيلەپ فىغانى.
خۇسۇس بۇ خارۇ ئاسي بىنەۋامەن،
ھەمە ئفىسقى فۇجۇرغە مۇبتەلامەن.
بارى غافىللاغە سەردار ئىرۇرمەن،
ھەمە جاھىللادىن بىسيار ئىرۇرمەن.
تولۇپ - تاشقان بۇ ئالەمدىن گۇناھىم،
ئەجەپ ئىرمەس قۇراسا كۆپ گۇناھىم.
تەبىبلەردىن تىلەب دەردىمغە دەرمان،
دەۋا بەرسە ئىچىمدە قالماس ئەرمان.
گۇناھىم دەردىغە بىچارەدۇرمەن،
دەۋاسى كويىدا ئەۋۋارەدۇرمەن.
بۇ ھالىمدا ماڭا يوق يارۇ دىلدار،
كى بولغاي تاكىم ئول بىر زەررە غەمخار.

## مۇناجات بەدەرگاھى قازىيۇل ھاجات

ئىلاھا، رەھمەتىڭ ساچقىل باشىمغە،
ئىلاھا، رەھمە قىلغىل كۆز ياشىمغە.
مېنىڭ ئەرزىمگە يەتكىل، ئەي ئۇغانىم،
دەۋاسىز غەم بىلە مىڭ چىقتى جانىم.
سېنىڭ ئالدىڭغە كەلدىم داد ئەيلەپ،
فىغانۇ نالەۋۇ فەرياد ئەيلەپ.
يەنە سەندىن بۆلەك يوقتۇر پەناھىم،
ماڭا دەستگىر بولغىل، ئەي ئىلاھىم.
مېنىڭ ھالىمغە يەت نازىر ئىرۇرسەن،
بارى ئىشلاردا سەن ھازىر ئىرۇرسەن.
يەنە سەندىن بۆلەك دەستگىر يوقتۇر،
ئۆزۇڭدىن ئۆزگە ھەم تەدبىر يوقتۇر.
ماڭا دەستگىر بولغىل، ئەي ئىلاھىم،
ۋەگەر نە ھەددىن ئاشقاي ئىنتىزارىم.
بۇ دۇنيا كويىدا مەجنۇن قىلىپسەن،
ئەلفدەك قامەتىمنى نۇن قىلىپسەن.
ئەگەر بىھۇش ئىسەم ھۇشيار قىلغىل،
ۋەفاسىز دۇنيادىن بىزار قىلغىل.

بۇزۇغ كۆڭلۇم ئۆيىن ئاباد قىلسۇن،
مېنى سۆيگەن كۆڭۈللەر شاد ئولسۇن.
ھەۋادارىم بولۇپ دەستىمنى ئالغىل،
شەرابى شەۋقىدىن كۆڭلۇمگە سالغىل.
بولۇپدۇرمەن ساڭا ئاسىيۇ گۇمراھ،
قىل ئەندى جانۇ ئىمانىمنى ھەمراھ.
مېنى تائەت بىلە قىلغىل سەرەفراز،
ساڭا مىڭ تىل بىلە مەن ئەيتايىن راز.
ماڭا دەستگىر ئىرۇرسەن، ھەيىي جەببار،
بارى ئاسىغە سەن سەتتارۇ غەففار.
زەبۇنمەن خەلق ئارا بارچە كىشىدىن،
بولۇر ۋاقىف خەلايىق ئۆز ئىشىدىن.
مېنى بەندەم دېمەكدىن ئار قىلمە،
تولا دۇشمەنلەر ئىچرە خار قىلمە.
مەئاسى بىرلە گەر بولسام سەرىشتە،
سېنىڭ لۇتفۇڭ بىلە بولغۇم فەرىشتە.
گۇناھىمغە ئەگەر باقسام تولادۇر،
ئىنايەت بىرلە باقساڭ رەد بولادۇر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇرۇۋۋەت سەندىن ئىرۇر، ئەي ئىلاھىم،
كى يوق سەندىن بۆلەك پۇشتى پەناھىم.
قەفەسدە قۇش كەبى بولدۇم گىرىفتار،
بولۇپ تۇرلۇك ئۇقۇبەتكە سەزاۋار.
قەفەسدىن سەن مېنى ئازاد قىلغىل،
بارى غەم - غۇسسەنى بەرباد قىلغىل.
ئاياغىمنىڭ باغىنى سەن بوشاتقىل،
مۇرادىمنى بېرىپ كۆڭلۈم خۇش ئەتكىل.
ماڭا مۇشكىل، سېنىڭ ئالدىڭدا ئاسان،
ئىشىم پۈتكەرمەسەڭ مەندە نە ئىمكان.
سېنىڭ شەفقەتلەرىڭدىن قىلدىم ئۈممىد،
مۇرادىمنى بېرىپ، ياندۇرما نەۋمىد.
ئىنايەتدۇر خۇيۇڭ چوڭغە، كىچىككە،
نە بولدى لۇتفى قىلساڭ مەن كىچىككە.

## قەلەم كاغەزگە جەۋاب بەرگەنى

قەلەم ئەيدىكى: «ئەي كاغەز دىلئارام،
ھەياتىم بولغالى مەن داغى بەھرام.
ئاچىپ رازى نىھانىم، ئەي نىگارىم،
بەيان ئەيلەي بۇرۇنقى ئېئتىبارىم».
ئەزەلدە يار ئېردىم ئۆزى بىرلە،
كى دائىم مەشغۇل ئېردىم سۆزى بىرلە.
بار ئېردى ئاندا بىر نۇرى مۇھەممەد،
بار ئېردى بىزدە ئىشق نۇرى مۇھەممەد.
قەدىم ئېردۇك بارى مەۋجۇدلەردىن،
ئىرۇرمىز بىز ئۇچار شەھۋەتلەردىن.
بار ئېردۇك كېچە - كۈندۈز خىزمەتىدە،
تۇرۇپ قايىمۇ سايىم ھەزرەتىدە.
بار ئېردى ئالدىدا كۆپ ھۈرمەتىمىز،
زەۋال ئولماس بىزنىڭ بۇ دەۋلەتىمىز.
بىزنىڭ بىرلە مۇزەييەن بارچە ئالەم،
ئاغىرلاپ بىزنى ئول جەببارى ئەئزەم.
ئەگەر ھەركىم باشىدا بىر قەلەمدۇر،
كى گويا شاھ باشىدا ئەلەمدۇر.
ئىرۇرمەن ئالەم ئەھلىغە فەسانە،
كى ھۈرمەت تابغۇسىدۇر بىبەھانە.
ئانى «ئەھلى قەلەم»دەرلەر خەلايىق،
ئاڭا تەگمەس خەلايىقدىن ئەلايىق.
مېنىڭ ھەمراھلارىم بولغايلەر ئالىم،
ئىكى ئالەم ئارا يۈرگەيلەر سالىم.
تەمامى ئەل ئاڭا ئىززەت قىلۇرلار،
مۇنىڭ ئۈچۈن ئاڭا ھۈرمەت قىلۇرلار.

## ئەرز داشت قەلەم

ئەلا ئەي خانەئى سۇنبۇل زەبانىم،
سېنىڭ ھەمراھلىقىڭدا چىقسۇ جانىم.
بۇ كۆڭلۈم سىررىدىن ئاگاھ بولۇرسەن،
ياردىن سەن ماڭا دىلخاھ ئىرۇرسەن.
كىچىك ئېردىم ساڭا بولغاندا ھەمراھ،
يەنە سەندىن بۆلەك يوق باشىمە شاھ.
بۇ سۆزلەردە ماڭا سەن ھەمزەبان بول،
بۇ يولدا سەن ماڭا بىر ھەم ئەيان بول.
كى سەن مەن بىز ئىكەۋ ھەمراھ بولۇپ،
ئاچىپ ئەسرارلار ھەمراز بولۇپ.
مەن ئەيتاي، سەن ئىشىت، ئەي يار دىلدار،
ماڭا سەن يار بەر، ئەي نىك دىلدار.
ساڭا ئىزھار ئەيلەي راز پىنھان،
بۇ كاغەز ئۆزرە قىلدىم نالە ئەفغان،
قىلالى سىررى پىنھان ئاشكارا،
سەھاب يەڭلىغ ئارتسۇن سەڭگى خارا.
مېنىڭ جانۇ دىلىم ھەمراھى سەنسەن،
جەھان ئىچرە يارىنىڭ ماھى سەنسەن.

بۇ سۆزلەرنى قەلەم ئالدى ئۆزىگە،
قىلىپ نەققىشلەرىن كاغەز يۈزىگە.
مۇنىڭ بىرلە قەلەم تەھرىر قىلدى،
بۇ كاغەز يۈزىگە تەسۋىر قىلدى.
قەلەم بىرلە بۇ كاغەز بولدى ھەمراز،
قەلەم كاغەز بىلە ئاچتىلا بۇ راز.
باشىن قويى سالىپ، ئەيدى قەلەمشاھ:
«مېنىڭ ھالىمغە بولغىل ئەمدى ئاگاھ.
ساڭا مەن ئاشىق ئېردىم غايىبانە،
قارا قىلدىم يۈزۈم مەن دۇ زىمانە.
سېنى ئىزدەپ تاپارغە يوقتۇر ھالىم،
قاۋاردى قالمادى مەندە مەجالىم.
قەلەمدان ئىچرە مەن بولدۇم گىرىفتار،
ۋە گەرنە ئورنۇم ئېردى تاقى دەستار.
جەھان ئىچرە ئىدىم مەن بىر يىگانە،
بولۇپ ئالەم ئارا شاھى جەھانە.
سېنىڭ كويۇڭدا مەن يارى ۋەفادار،
بۇ يەڭلىغ ھالغە بولدۇم خەرىدار.
كېتىپ مەغزىم قالىپدۇر ئۇستىخانىم.
تامار ياشىم يۈزۈڭگە جانۇ جانىم.
سېنىڭ ۋەسلىڭنى ئىزدەپ، ئەي گۇلىستان،
ئۆزۈمگە مەنزىل ئەتتىم جاڭگالىستان.
تىلەر ئېردىم ۋىسالىڭنى خۇدايىم،
قاۋارىپ، سارغارىپ بۇ بولدى ھالىم.
تۇرار ئېردىم كېچە ـ كۈندۈزلا قايىم،
قۇتۇلدۇم فۇرقەت ئوتىدەك مۇلايىم.
سېنى تاپماقغە ئېردىم ئاررۇمەند،
ۋىسالىڭ بىرلە بولدۇم ئەمدى خۇرسەند.
خۇداغە شۇكرىكىم بىز ئىككى دىلدار،
ئايىتىشتۇق ئىكەۋلەن سىررۇ ئەسرار».
ئوشۇنداغلار دەبان ئول يىغلار ئېردى،
رەقىبلەر جانىنى ئول داغلار ئېردى.
بەناگاھ چىرقىراپ قىچقىرسە بىردەم،
ئاقار ئېردى ياشى كۆزدىن دەما ـ دەم.
دېدىكىم: «سىررۇ ئەسرارىمنى ئاچتىم،
يۈزۈڭگە قان كەبى ياشىمنى ساچتىم».

## سىفەتى ئەھلى ئىشق

كى ئىشق ئەھلىنى ئەھلىللاھ دەرلەر،
ئانىڭ كۆڭلىنى بەيتىللاھ دەرلەر.
ئۇلار كۆرمەككەدۇر بىر مەردە ئەھۋال،
ئاڭا ھەق يادىدۇر ئەفئالۇ ئەقۋال.
ئۇلارنىڭ قامەتىدۇر نۇن يەڭلىغ،
بەرەھنە پاۋۇ سەر مەجنۇن يەڭلىغ.
ئۇلاردىن رەڭگى ئالغان كەھرەبالار،
ئۇلارنى كۆرگەن ئېرسە مەرھەبالار.
خەبەر تابغان ئۇلار ھەق سىرلارىدىن،
بېرىپ جان يانماغان بۇ پىرلارىدىن.
ئۇلارنىڭ خىرقەسىدىن بولسە ھەركىم،
ئۇلارنىڭ خىرقەسىدىن كەيسە ھەركىم.
ئۇلار بولغاي ئاڭا تۈرلۈك ھىمايات،
بولۇپ خىرقە قىيامەتتە مۇباھات.
مۇھەممەت ئۇممەتى ئۇممەتلەر ئىچرە،
چۈمۈپ غەۋۋاس يەڭلىغ نېئمەتلەر ئىچرە.
پەيەمبەرلىككە ئول بولدى سەزاۋار،
بارى ئاسىغە ئول بولدى خەرىدار.
ئېرۇر خۇرشىد بەرراندەك شۇئائىي،
بارى ئالەمگە يەتكەي بىر شۇجائىي.
بارى ئالەم ئانىڭ بۇلبۇللارىدۇر،
ھەمە شامۇ سەھەر بۇلبۇللارىدۇر.
تۇفەيلىدۇر ئانىڭ بىر مۇنچە مەۋجۇد،
بارى مەۋجۇد ئارا ئول زاتى بەھبۇد.
تەما شاگاھ ئېرۇر جەنناتى ئەنھار،
ئېرۇر بىر سايەبان ئەفلاكى ئەشجار.
ئەگەر مىڭ تىل بىلە ئەيسە تەھىيات،
يېتىشمەس مۇنچە ۋەسفىغە زەكىيات،

www.uyghurkitap.com

ئۇچەۋلەن بولغاي ئېردۇك يارۇ ھەمدەم،
گەھى بىز يوقتۇرۇر سىررىغە مەھرەم.
كى بىلمەس ئېردى سىررىنى فەرىشتە.
ئۇلار بولدى مەئاسىغە سىرىشتە.
بولۇڭ سامېئ بەيان ئەيلەي بىلىشىم،
خۇدادىن ئۆزگەسى بىلمەس قىلىشىم.
بىھىشت، ئەرشۇ، فەرىشتەھ بارچە ئەفلاك،
ھەمە ھۇرۇ قۇسۇرۇ مۇلكۇ ئەملاك.
بارى دىۋۇ پەرىيۇ جىنۇ ئىنسان،
ياراتتى كۇللى شۇربۇ، باغۇ، ئەيۋان.
نەچە دەريالادا باردۇر گۇھەرلەر،
زۇمۇرەت، ياقۇتۇ، مەرجانۇ جەۋھەر.
نېكىم نۇقرە بىلە ئالماس كانى،
كى قەرھۇ قورغاشۇن، ئالماس كانى.
نەيەرلەردىن ئۇنۇپدۇر بىر گىياھى،
تولاۋۇ ئاز ئېرۇر يا بەرگى كاھى.
ھەمە پەررەندەۋۇ چەررەندەلەرنىڭ،
خۇرۇس، خوكۇ بارى دەررەندەلـەرنىڭ.
بۇلارنىڭ قايسىدۇر مەتلۇبۇ مەرغۇب،
بۇلارنىڭ قايسىدۇر ئاشىقۇ مەئشۇق.
بىلۇرمەن قايسى نەردۇر قايسى مادە،
بىلۇرمەن قايسى پۇرشەۋق قايسى سادە.
بىلۇرمەن نەچچەدۇر كۆكدە كەۋاكىب،
نەزەردىن ئۆتكەي ئول چەندان مەراتىب.
ھەمە تاغلاردا ئەھجاردىن بىلۇرمەن،
ھەمە باغلاردا ئەشجاردىن بىلۇرمەن.
بىلۇرمەن بەھرۇ بەر ئىچرە نە باردۇر،
ئېرۇر ھۇرمەتلىكۇ يا قانچە خاردۇر.
بۇلارنىڭ بارچەسىن سانىن بىلۇرمەن،
نە يەڭلىغ قىلغانىن قىلسە بىلۇرمەن.
بارى مەۋجۇد ئارا بىر شاھ ئېرۇرمـەن،
بارىنىڭ ھالىدىن ئاگاھ ئېرۇرمەن.
ھەمە قەندۇ نەباتۇ نۇقلە، شەككەر،
كەمالۇ قەرزۇ شەھدۇ مۇنچە شەككەر.
بۇلارغە كۆپ كىشىلەر ئارزۇ مەند،
داۋادۇر بارچەسى ئەھلى خىرەدمەند.
بارىن شىردىن قىلۇر ياخشى كىشىلەر،
قىلۇر ئازادەلىك ئەركەك تىشىلەر.
ئەگەر ھەديە قىلىپ مەئشۇقلارىغە،
ئىبەرسە خۇش كېلۇر مەخلۇقلارىغە.
بەيان ئەيلەي بۇ مۇنچە شەككەرىمنى،
كېسىپ، قايناتىپ ئالغان شەككەرىمنى.
سۆزۈم بىسيار ئېردى ئاز قىلدىم،
كى سىررى ھەق ئىشىكىن ياز قىلدىم.
ئەگەر ھەق سىررىنى قىلساڭ كىتابەت،
تۈگەنمەي بولغۇسى يۈزمىڭ قىيامەت.
بۇ ئالەمنىڭ چىراغى مەن ئېرۇرمەن،
كى خاتىرلار فەراغى مەن ئېرۇرمەن.
بۇ ئالەمدە بولۇبدۇرمەن ساڭا دوست،
ئۆزۈمدىن سۆزلەرەم مەن، ئەي شەۋەكپوست.
يامان بولغاي كىشى ئۆزدىن ئايتسە،
كى ئەھدىغە ۋەفا قىلغاي قايتسە.
بۇ بائىسدىن تىلىمنى كەستى كاتىب،
قارا قىلدى يۈزۈم چەندان مەراتىب.
پەياپەي مەن سۆزۈمنى راست قىلدىم،
ئەمەس ئۆزدىن ۋەلى بىخاست قىلدىم.
بۇ سۆزلەرنى تەمام ئەتتى قەلەمشاھ،
ئۆزگە ئەيلەدى كاغەزنى دىلخاھ.

كاغەز قەلەمگە جاۋاب بەرگەنى

مېنىڭ ئەۋسافىم ئىشتكىل قەلەمشاھ①، مېنىڭ زادىم ئېرۇر ئۈژمە دەرەختى،
بارى ئالەم ئارا مەندۇرمەن دىلخاھ. شەجەرلەرنىڭ ئېرۇر ئول نىك بەختى.

① ئەسلى قولیازمىدا بۇ سۆز «كلىمشاھ» شەكلىدە يېزىلىپ قالغان (م).

بارى ئەشجار ئىچرە ئول تولادۇر،
ئەگەر ھەر يەرگە تىكسە ئول بولادۇر.
كۆچەت تىكسە بولۇر ھەر كىم ئانى شاد،
تامۇغدىن بولغۇسى ئول بەندە ئازاد.
تىنار ھارغان تۆبەندە سايەسىدە،
ئۆلۆكلەر جان تاپارلار سايەسىدە.
بارى مىۋە ئاراسى ئول ئىرۇر ئاق،
يېمەككە بارچەدىن تاتلىغۇ يۇمشاق.
ئاڭا سەيلى ئۈچۈن ئەركەك تىشىلەر،
كېلۇر پىرى - جۇۋانۇ قىز كىشىلەر.
سۆيىنى قايناتىپ گەر قىلسە ھەلۋا،
ئوقۇرلەر خەتمە خۇجە يەتتە موللا.
مېنىڭ مېۋەمنى يەپ يىلغا چىقارلار،
شەھەر ئىچرە كېلىپ پۇلغا ساتارلار.
ياغاچىنى بەقەم دەرلەر خەلايىق،
بولۇر قىرمىزى يەڭلىغ بىر ئەلايىق.
ئەگەر ھەركىم رەڭ ئالسا ئول دىلئارا،
قىلىپ كەيسە ئۆلۆك تاپار دىلئاسا،
تايانۇرلەر تاياقىم پىر، بەرنا،
ياغاچىمدىن بولۇرگەر قىلسەلەر يا.
ياپۇرماقىمنى يەپ ئول كىرم ئەيىۇب،
بەرىشىم بولغۇسى يا سەبرى ئەيىۇب.

بەرىشىم ئەيلەبان ئەۋقات قىلغاي،
قەرى، قىزۇ جۇۋان سىمىياپ قىلغاي.
بارى مەخلۇقدىن روپۇش ئىردىم،
ھەرارەتدىن گەھى بىھۇش ئىردىم.
ئۆزۈم توپراق ئارا ياتقان ئىرۇرمەن،
مۇھەببەت شەربەتىن تاتقان ئىرۇرمەن.
ئۇ بائىسدىن ماڭا مۇنداق كەرامات،
كەلامى ھەق بولۇپ مەندىن بۇ ھالات.
خەلايىق كۆزىدىن پۇشىدە ئىردىم،
قەزانى شەۋقىدە جۇشىدە ئىردىم.
بۇ يەڭلىغ ئىردىيۇ مەن زار بولدۇم،
كەلامى ھەقغە ۋاسىل بۇ ۋۇجۇدۇم.
ماڭا فەتۋا پۇتۇر موللاۋۇ مۇفتى،
كى گۇيا مەسىھ زەررىن گويۇ گۇفتى.
بۇ يەڭلىغدۇر مېنىڭكى ئەسلى نەسلىم،
سېنىڭ بىرلە ئەزەلدە ئىردى ۋەسلىم.
سويۇپ كاغەزچى پوستۇم ئاق قىلدى،
سوقۇپ، يەنچىپ مېنى يۇمشاق قىلدى.
سېنىڭسىز ئىشقا كىرمەي، ئەي قەلەمشاھ،
يۇرۇگىل يۈزۈمە گويا ئەلەم شاھ.
بۇ كاغەز ئەيلەدى سۆزىنى ئىتمام،
قەلەم ئەيلەپ ئاڭا تەئزىمۇ ئىكرام.

دەرمەزھەبى ئىبلىس ئەلەيھىللەئىنە

ئەزازىل پىشەۋايى نەفس ئىرۇر،
كى ئاسي گۇمرەھۇ يەكنەفس ئىرۇر.
ھەمە گۇمراھلارنىڭ پىشەۋاسى،
يىتەلمەس قەۋمىغە قىلغان جەفاسى.
بارى ئاسىغە ئول سەردار ئىردى،
مەلىك، مۇلكۇ، مەلەك بىزار ئىردى①.
جەھاندا بارچەدىن ئول ئالىم ئىردى،
تەبەھكارۇ سىيەھكار زالىم ئىردى.
بارى مەخلۇقلاردىن ئول زەبەردەست،
كى بىر سائەتدە بولدى بارچەدىن پەست.
قويى بارمۇ ھەمە مەخلۇق ئىچىندە،
كى ھەم فارۇق ھەم مەھرۇم ئىچىندە.
قىلىپ ۋەسۋاس ئالەم بۇلبۇلىنى،
تۇزۇتغاي بىر نەفەسدە مىڭ گۇلىنى.
ئانىڭ زۇلمەتلەرى رەۋشەن كۆرۈنۈر،
ئانىڭ دەۋزەخلەرى گۇلشەن كۆرۈنۈر.
ئانىڭ باردۇر تۈمەن تۈرلۈك بەلاسى،
كىمىكىم باردۇرۇر ئول مۇبتەلاسى.

① ئەسلى قوليازمىدا بۇ «سۆز بولدى دەپ» يېزىلىپ قالغان. (م)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كىمنى قۇھشۇ قىلسە خابى غەفلەت،
قىلۇر شەيتان چىرىكى بىرلە ئۇلفەت.
قىلۇر ۋەسۋاس ئۇل شەيتان چىرىكى،
بولۇر ئەلگە ھەمە ھاسىل چىرىكى.
يانار ئوت ئىچرە سالغاي ئۇل كىشىنى،
يامان قىلغاي ئانىڭ فىكر ئەندىشىنى.
فەسادۇ مەئسىيەتلەر ئاندا پەيدا،
يۈزى بولغاي قارا چۇن مىسلى يەلدا.
غەزەبدۇر بىر قاراقچى سەختى گىرى،
ئەلەمچىيۇ قەلاۋۇزۇ بۇرىيدى.
ئىرۇر دىگەن ئەكل بىر پەھلىۋانى،
بۇ لەشكەر ئىچرە ئۇلدۇر بىر قابانى.
يىمەك دەرلەر ئانى تۈركى تىلىدا،
ئاناسى تۇغقان ئۇل توڭگۇز يىلىدا.
تۇغار ئاندىن تەمامى ئەيشۇ راھەت،
قوپار ئاندىن تۇمەن تۇرلۇك ئەلامەت.
بىرى شەھۋەت ئىرۇر زاھىردا، ئەي دوست،
جۇدا قىلغان بارىنى كاسەدىن پوست.
زىنا دەپ بىر ئوغۇلدۇر دىلىرەبايى،
كۆرۈنۈر كۆزگە ئۇل گۇلگۇن قەبايى.
قىلۇر ئاسى خۇدا ئالدىدا ئەرنى،
شەرابۇ شۇرب قىلغان بىخەبەرنى.
بىرى غەيبەت ئىرۇر ئۇلدۇر قارا يۈز،
ھەرامى بولدى يەيدا ئۇل قىلاۋۇز.
بىر ئوغلى كىزبدۇر يالغانچى مۇردار،
بىرى لۇغەتكە ئۇل بولدى سەزاۋار.
تەمەئ دىگەن ئىرۇر بىر زىر دەستى،
تەمەئلىكلەر ئىرۇر مەخلۇق پەستى.
كى باردۇر بەرھەم ئۇردىيۇ ئاتى ھىرس،
كۆرۈنمەس كۆزگە ئۇلدۇر رافىزى خىرس.
يەنە بىر خوجە ئاتلىغ قارغۇ بار،
كۆزى ئاچ بىر گەدايى قارغۇ بار.
بۇ لەشكەرسىز كىشىدۇر نەفس دىگەن،
مىسالىدۇر ئانى قىفچاق دىگەن.

## دەر ھەسبى ھال خۇدگۇيەند

بولۇپدۇر ئىككى فىرقە ئاندا پەيدا،
بىرى مەئشۇق بىرى ئىشقىدا شەيدا.
بىرى باغ ئىچرە گويا نەخلى بوستان،
بىرى يىل ئىچرەدۇر فەسلى زىمىستان.
بىرى خۇرشىد يەڭلىغ ئالەم ئارا،
قاراڭغۇدۇر بىرى گوياكى يەلدا.
بىرىدۇر خەلق ئارا چۇن تەنكى خۇشبۇي،
سارىغراقدۇر بىرى چۇن گۇيى بەدگۇي.
بىرى گوياكى جەننەت ئىچرە بوستان،
بىرى گوياكى دەۋزەخ ئىچرە زىندان.
جەھان ئىچرە بىرى ئالىمۇ فازىل،
بىرى فاجىر بىرى فاسىقۇ جاھىل،
قولۇڭدىن كەلسە ياخشىلىقكى پەيدا،
ئەگەر قىلساڭ بولۇر ئالەم ھۇۋەيدا.
بىرى قاتتىغ ئىرۇر چۇن سەڭگى خارا،
بىرى باغرى پۈتۈندۇر بەئزى قارا.
بۇ ياخشى خۇيلۇغۇڭدۇر بارچە ئاشىق،
يامان خۇيلۇقلارىدۇر بارچە فاسىق.
ئۆزۈڭدە بولماسا بولغىل خەرىدار،
بۇ يەڭلىغ خۇلقدىن سەن قىلماغىل ئار.
ئۆزۈڭنىڭ ئاشىقى ئەتتار ئىلەردۇر،
كۆزۈڭنىڭ مۇجۇبى دىدار ئىلەردۇر.
ئۆتۈپدۇر ئۆمرىڭىز كۈنلەر بولۇپ ھىچ،
كى ئاخىر ئۆمر مىڭ يىل بولسا ھەم ھىچ.

## بۇ دۇنيانىڭ بىۋەفالىقىنىڭ بەيانى

بىلىڭ بۇ دۇنيا بىر غەددار ئېرۇر،
ۋەفاسىز دۇنياۋۇ مەككار ئېرۇر.
چېقىر كۆزلۆك، يامان سۆزلۆك پەلىدى،
يۆزى ئەگرى گۇناھكارلار كەلىدى.
نەزەردىن ئۆتسە ناگاھ جىلۋە ئەيلەپ،
ئالۇر يۆزمىڭ كۆڭۆلنى شىۋە ئەيلەپ.
يىگىتلەركىم كۆرۆپ گۇلگۇن قەباسى،
قىلۇر مىڭ جانىنى ئانىڭ فىداسى.
ۋەفا ئەيلەپ ئۆزىگە ھەمدەم ئەتمەس،
ئانى چىركىن تەنىگە مەھرەم ئەتمەس.
بۇ دۇنيا تالىبىغە نەقشە ئەنۋار،
كى ئارىق خەلقىغە چىركىن مۇردار.
ئانىڭ ئاشىقلارى ھەيران يۆرۇرلەر،
باشى چۇن گويى سەرگەردان يۆرۇرلەر.
ئانى ئىزدەپ يۆرۇرلەر كويۇ سەھرا،
تۇتالماسلار چۇ ماھى ئالەم ئارا.
كۆرەلمەس ئاشىقى ھەرگىز يۆزىنى،
ئېشىتۇر ھەر زەمان دۇنيا سۆزىنى،
غاجىغان ئۇستىخان ئېرۇر بۇ دۇنيا،
ئانىڭ تالىبلارى سەگ بولدى گويا.
كىشكى ھىرس دۇنياغە ئالىشتى،
كى گويا شىشە بىرلە كوھ ئالىشتى.
كىمىكىم تالىب ئېرسە بىۋەفاغە،
گىرىفتار ئولغۇسى تۆرلۆك بەلاغە.
كىشىكىم مىھرىنى دۇنياغە بەردى،
كى گويا دىنىنى دۇنياغە بەردى.
ئېشىت فەرزەندى ئادەم بۇ سۆزۆمنى،
بەلالارغە سالىپ ئۆزۆم ئۆزۆمنى.
بولۇپدۇرمەن ئاڭا مەن ھەم گىرىفتار،
بولۇپ يۆزمىڭ بەلالارغا سەزاۋار.
جەفاۋۇ كۇلفەتى بىسيار بولدى،
كىمىكىم بىلدى ئول بىزار بولدى.
يېمەك بولدى ماڭا غەم - غۇسسە، قايغۇ،
ئىچىم بولدى مېنىڭ زەھرىلە ئاغۇ.

تەماكۇ ئورنىدا تارتامە كۇلفەت،
ئىزا بىرلە ئەلەم كۆپ رەنجۇ مىھنەت.
ھۇجۇم ئەتسە بۇ دۇنيا نەفسى شەيتان،
تۆكەرمەن ياش ئىلەچۇن ئەبر باران.
جەۋاب ئەيتالمايىن بۇ ئۆچ بەلاغە،
قالۇرمەن مىڭ تۆمەن تۆرلۆك بەلاغە.
كى ئۇلاشتى ھەرى گويا ئۆزۆمگە،
ئۇرارمەن كاجى غەملەرنى يۆزۆمگە.
ئېشەككە ئاچ بۆرى ئۇلاشقانىدەك
چۇ ئالدىغە سالىپ قوغلاشقانىدەك،
قومۇشقە ئوت تۇتاشقاندىن زىيادە،
ۋە يا بىر نەچچە مەست تاپتىلا بادە.
ۋەيا بىر قەبلى پۇلىغە يىقىلدى،
ئالۇرمەن دەپ چۇقۇرلارغە تىقىلدى.
ۋەيا قوزى ئاناسىغە ئۇلاشتى،
ۋەيا ئاشىق مەئشۇقغە ئۇلاشتى.
ۋەيا ھەم بىر گەدايى سەن قەرىن ئاچ،
كىنانى گىربەئىگە زارۇ مۇھتاج.
ۋەيا مۇفلىسغە بولدى نان بۇلانى،
ئالۇر كۆڭلۆمدەكى دۇررى مەئانى.
ئىلاھا بۇ بەلالاردىن قولۇم ئال،
كى شەۋقۇڭ شەربەتىدىن كۆڭلۆمە سال.
شەرابى شەۋقىدىن بىر جۇرئەئى بەر،
كۆرۆشسۇن بۇ تەنىمگە ئاندەكى تەر.
بۇ دەردىمغە بويۇرغىل نەچچە پەرھىز،
مېنى ئەيلەپ بۇ ئالەمدە شەكەر رىز.
زەئىف ئولغان تەنىمگە دارۇ بەرگىل،
بۇ بىچارە كۆڭۆلگە چارە بەرگىل.
مېنى ھەر خارۇ خەسكە خار قىلمە،
بولۇر - بولماس كىشىگە يار قىلمە.
ئۆزۆڭدىن ئۆزگەگە كۆپ قىلمە مۇھتاج،
كى مەن بىچارەئى ئاجىزۇ قەللاج.
مېنىڭ دەردىمغە ئەندى ئەيلە دەرمان،
ماڭا مۇشكىل سېنىڭ ئالدىڭدا ئاسان.

## شەھەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ بەيانى

زەمانە تەڭ ئىردى يۇرت ۋەيران،
بۇ ئىلدە بار ئىردى كۆپ داغى ھىجران.
بۇ يۇرتنىڭ ئىردى كافىر پادشاھى،
بۇ بائىسدىن بولۇر ئىردى سىپاھى.
بۇ كافىرلارغـە بىزار ئىردى فانىچى،
بۇ يۇرتدا ھەر كۈنى مىڭ ئەردى خەرجى.
بار ئىردى ئۈستۈمىزدە مىڭ قالماق،
بارى ئەلگە ھەمە ئول ئىردى توخماق،
ئۇلاغ بىرلە ھەمە ئەل مەست ئىدىلەر،
خەسۇ خاشاكـدىن ھەم پەست ئىدىلەر.
ئۇلارغە تاپسە ئەل قارنىغە تاپماي،
بارى يوقى ئوچۇق ھەرگىز ياپالماي.
كىيىملەرى ئۇلارنىڭ ئەسكى پوستىن،
زەبۇن بولغاي ئۇلار چاچۇق ئاستىن.
تولاسى ئىردىيۇ تۇل نەقل مەجلىس،
ئۇ بائىسدىن بولۇپ قەللاج مۇفلىس.
ئۇلاركىم نان ئۈزرە جان بىرۇرلەر،
ئۇلۇقچىلار ئۇرۇپ ھەيدەپ يۈرۈرلەر.
قاراڭغۇدۇر ئۇلارغە رۇز رەۋشەن،
كى گويا بىر تىكەنلىك ئىردى گۇلشەن.
ھەمە بوستانلار جاڭگالىستان ئىردى،
گۇلىستانلار ھەمە خارىستان ئىردى.
ھەمە چۆل بولدى ياخشى باغ باغات،
بلارنىڭ ئورنىغە ئۈندى قەراغات.
خەراب ئولدى ھەمە ھەم ئۆيۈ ئەيۋان،
بولۇپ ئەردى بۇ يۇرت يەر بىرلەيەكسان.

ھەمە ئەل نان كويىدا ئىردى مەجنۇن،
ئەلىفدەك قامەتى ئىردى ھەمە نۇن.
ئانادىن ئوغلىغە پەردە يوق ئىردى،
كۆڭۈلنى بەرگۈدەك رەئنا يوق ئىردى،
يوق ئىردى چىھرەلەردە قەترە نۇرى،
يىمەك ـ ئىچمەكدە يوق ئىردى ھوزۇرى.
ئەگەر بىر جاننى بىر نانغە بەرسە،
خەرىدارى يوق ئىردى دانغە بەرسە.
تاتىبان ئاھ ئۇرۇپ ئەركەك ـ تىشىلەر،
ئۇلار فەريادىغە يەتمەس كىشىلەر.
يوق ئىردى ئالغۇچىلارنىڭ ھەياسى،
بۇ ئەلنىڭ قولىدا ئىردى يوتاسى.
ھەمە زەردارلار ئىردى ئەلەمچى،
كۈنى كەچمەك گەدالارغە سالىمچى.
تولا ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاقساقالى،
ئىچىدىن كۆپ ئىدى تاش ئاقسالى،
بۇ يەڭلىغ ۋەقتدە قىلغان كىتابىم،
گەھى گۇشەھدىدىن بولغاي خەيالىم.
ھەمە ئەل تۇغقانىغە كۆپ پۇشايمان،
قارالىقلار كەبى ئىردى پەرىشان.
بۇ ھالغە پايلاماي باشغە ئۇرۇپ خاك،
قىلىبان ھەم ياقاسىن تائىتەك چاك.
بۇ يۇرتنىڭ ھالىنى ئاغاز قىلدىم،
تولا ئىردى سۆزۈم مەن ئاز قىلدىم
ئەگەر مۇندىن تولا قىلسام كەلامىم،
ئوقۇغان ئەلگە مىڭ بولسۇن سەلامىم.

## موللا كىچىكنىڭ ئەھۋالىنىڭ بەيانى

ئۆزۈم بىر نامراد ئىردىم ئەيال مەند،
يەنە ھىچنەرسە يوقتۇر غەير فەرزەند.
يىقىلغاندا قوپارغە يوق مەجالىم،
ئانى داد ئەتكەلى يەتمەيدۇر ھالىم.

ئاتىم «فازىل» ئىدى بولدى «كىچىك» نام،
«كىچىك» دەر ئىردى بارچە خاس ئىلە ئام.
كۆڭۈلدە بار ئىدى كۆپ دەردۇ غەملەر،
ئۆيۈمدە بار ئىدى كۆپ كۇس كەملەر.

بار ئېردى باشمە يۈز مىڭ سەۋدا،
ئىجارە دار ئىدىم ھوۋلۇمدا غەۋغا.
سايبۇن خانە مېنىڭ قولۇمدا ئېردى،
تولا تەرجى مېنىڭ ھولۇمدا ئېردى.
بىرىشىم كۆپ كىشىگە بار ئېردى،
كى ھاجەتمەندلارىم ئەغيار ئېردى.
ئۇشۇنداغ ۋەقتىدە قىلدىم سەر ئەنجام،
قۇرۇپ سۆز قۇشلارىغە دان ئىلە دام.
گەھى قۇشلار مېنىڭ دامىمغە تۈشتى،
يۈرەك باغرىم كەبى ھەسرەتكە تۈشتى.

كەباب ئەيلەپ جىگەر ھەسرەت ئوتىدا،
كۆيۈپ جانىم داغى فۇرقەت ئوتىدا.
كى ھىممەت قىلدىمۇ تۇردۇم نەچە كۈن،
سۆز ئۈستۈن جەھد ئەيلەپ بەس تۈنۈ كۈن.
كىتابىم تەئرىخى قايغۇ①دا ئېردى،
دېمەك غەم - غۇسسەئى قايغۇدا ئېردى.
ئەگەر كۆپ سۆزلەسەم چىقغاي جەفانې،
پات ئاڭلانماي قالۇر ئەلگە گۇمانى.
ئۆزۈمنىڭ سىن سالىم ھەمد② ئېردى،
دىلو، جانىم، خەيالىم غەمدە ئېردى.

## ئاغاز داستانى لەيلى - مەجنۇن

بۇ كۆڭلۈم مۈلكىگە پەرۋاز قىلدى،
كى لەيلى - مەجنۇننى ئاغاز قىلدى.
قىلىپ بۇ سۆزدە بىر راۋىيۇ ئەخبار،
ئىشىتكەن خەلق جانىغە قىلۇر كار.
كى نەقل ئەتتى ھىكاياتى ئەجايىب،
بۇ سۆزلەر بارچەسىدۇر بىر غەرايىب.
سالىپدۇرمەن بۇ سۆزلەرنى ئاراغە،
بىلىندۇرمەيدۇر مەن كۆڭلى قاراغە،
ئالىپ خىرمەنلەرىمدىن خۇشەئى بەر،
قىلىپدۇرمەن يولۇمدا تۇشەئى تەر.
يۈرۈپ كەزدىم تولا گۇلباغلارنى،
يۈرەكىم ئۈزرە قويدۇم داغلارنى.
تاپىپ، ئىزدەپ بارى تاغلار ئاراكان،
تاپىپ ئول كاندىن لەئلى بەدەخشان،
بۇ كۆڭلۈم قۇشلارى قۇشلاردا بۇلبۇل،
بارى گۇللەر ئاراسىدىن قىزىلگۇل.
قوشۇلۇپ ئەرز ئول دەريايى ئۇممان،

ئالىپ دەريا تەھىدىن دۇررى غەلتان.
ئاڭا ھەمراھ ئېدى بۇ ھەجر گەۋھەر،
كى خىللاپ ئالدىمۇ بۇ مۇنچە جەۋھەر.
زىرىۋ، نۇقرە گەھى ئالدىم گەھى يوق،
بۇ مىسكىن ئادەمىگە ئاج گەۋھەر يوق.
كىرىپمەن رەستەئى بازار ئىچرە،
كى گويا نافەئى تاتار ئىچرە.
كىزىپ سەير ئەيلەدىم شەھرى جەھاننى،
كۆرۈپ فەھم ئەيلەدىم ياخشى - ياماننى.
مەتائى سۆزنى خۇشلاپ ئالدىم ئاندىن،
كى خۇشھال بولۇبان ياندىم ئاندىن.
ھەمە دۇنيادا ئىستەپ خۇبلارنى،
بارى مەتلۇب ھەم مەرغۇبلارنى.
بارى ياخشىلانى ئالدىم ئارادىن،
ئاقىنى ئالدىمۇ ياخشى قارادىن.
پۈتۈپ بۇ ياخشىلارنى نەزم قىلدىم،
كى گويا نۇشدارى بەزم قىلدىم.

① «قايغۇ» سۆزى بۇ يەردە ئەبجەد ھېسابى بويىچە كىتابنىڭ يېزىلغان يىلىنى (ھىجىرىيە 1117 -، مىلادىيە 1705 - يىلىنى) كۆرسىتىدۇ (م).

② ھەمد (حمد) سۆزى بۇ يەردە ئەبجەد ھېسابى بويىچە 52 دېگەن رەقەمنى (ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىۋاتقان چاغدىكى يېشىنى) ئىپادىلەپ كەلگەن (م).

www.uyghurkitap.com

بۇ كۆڭلۈمگە بولۇر بىر فەتھى بابى،
كى، خىللاپ ئالدىمۇ قىلدىم كىتابى.
تىلەپ ھەقدىن مەدەدلەر بىرلە يارى،
تىلىم قىلدىم بۇ سۆزلەر بىرلە جارى.
خەيالىم بولدىيۇ سۆز سەير قىلدىم،
بۇ سۆز بابىدا كۆپ تەدبىر قىلدىم،
ئەگەر سەھۋ خەتاسى بولسـە سۆزدە،
قۇسۇرۇ ئەيبۇ نۇقسان باردۇ كۆزدە.
مەسەلدۇر ھەر كىشىنىڭ بىلگەنىچە،
ئىشى پۈتسە قىلدىن كەلگەنىچە.
ئۆزۈمنىڭ دانىشى ھەم شۇنچە ئېرۇر،
قولۇمدىن كەلمىشى ھەم شۇنچە ئېرۇر.
بەقەدرى ھال كۆڭلۈم بولدى مەغرۇر،
يامان - ياخشى ئىسە مەئزۇر مەقدۇر.
دىسە ھەقدىن خەتاۋۇ سەھۋ بولسە،
نە ياخشىدۇر ئوقۇمچى ئەفۋ قىلسە.
باشىمدا ئېردى غەم كۆزۈمدە پۇرخۇن،
پۈتۈپ نەزم ئەيلەدىم بۇ «لەيلى - مەجنۇن».

## ئەھلى ئەرەبنىڭ سىفەتىنىڭ بەيانى

بار ئېردى ئول زەماندا كۆپ ئەرەبلەر،
ھەمە ئەيلەپ تەماشاۋۇ تەرەبلەر،
ئابادانلىق ئىدى ئول يۇرت مەئمۇر،
باردىسى ئېردى ئول مالىغە مەغرۇر.
يىگىتلەر بار ئىدى قۇمران يەڭلىغ،
پېتىپ سەيدىغە ئول ۋەيران يەڭلىغ.
بار ئېردى كۆپ غەنىيۇ مالدارى،
يۇرۇر ئېردى ئۇلار يارى بەيارى.
گەھى بىر بىر ئىدى بىر نەرە شىرى،
شۇجائەت بابىدا قەندۇ دەلىرى.
بەلىگە باغلاغاندا تىير تەركەش،
بولۇپ روباد يەڭلىغ شىر سەركەش.
ئەگەر كەلسە بەياگەھ ئالدىغە شىر،
كەمەند بىرلە ئالۇر قىلماسلەر تەقسىر.
قۇرۇشقۇ ئوترۇ كەلسە ئول دىلاۋەر،
ئۇرۇپ ئەيلەر ئىدى بىر سەڭگى خاۋەر.
ئەگەر يۈز كەلسە ئالدىغە بەياگاھ،
ئۇرۇپ قىلغاي ئىدى گويا ھەرىگاھ.
غورۇرى بار ئىدى ئەل سايەسىدىن،
زەرۇ زىۋەر بىلە سەرمايەسىدىن.
قىلۇر بولسە ئەگەر ھەركىشگە ئىنئام،
بارىن بېرىپ قالۇر ئېردى نىكۇ كام.
ئويۇنغە كەلگۇچە ھەنگامەلەرغە.
ھەمە زىباۋۇ ئەتلەس جامەلەرغە.
ئويۇنى بىرلە ئەيلەر ئىشرەتى توي،
قىلىپ ئاش، ئات - كالاۋۇ تىيۋەۋۇ قوي.
ئويۇن ئويناپ تەمامى جەمئ بولۇپ،
قارا تۈندە بىرى چۇن شەمئ بولۇپ.
تىكەر ئېردى ئاق ئۆيۇ خىـيمە خىرگاھ،
بىرى بىرگە بولۇبان يار دىلخاھ.
سەراپەردە قاناتلار تارتار ئېردى،
نەچۇككىم خاھلاسا ئاندا بار ئېردى.
بار ئېردى ھافىزاۋۇ خۇش نەۋالار،
قىلىپ نەغمە بىلە تۈرلۈك سەدالار.
غەزەل بىرلە قىلىپ ئاھەڭگى تەرتىب،
بېرۇر ئېردى بۇ مەجلىسلەردە تەرتىب.
چالىپ نەققارەۋۇ بۇ چەڭ ئىلە نەي،
كى ئۇدۇ بەربەتۇ قانوۇ سۇرنەي،
كى ياخشى قىزلارى چۇن ماھ تەلئەت،
قىلۇر ئېردى پەرىلەر بىرلە ئۇلفەت،
قەددى شەمشاد ئىدىلەر يۈزى گۇل - گۇل،
ئاڭا نالان ئىدىلەر تۇتى، بۇلبۇل.
ئانىڭ سۇنبۇل بۇيىدىن ئەل دىماغى،
مۇئەتتەر ھەم بولۇپ كوپ خۇش دىماغى.
لەبى لەئلى بەدەخشاندىن زىيادە،
كى مەستى ئىشقلارغە ئېردى بادە.

قاشى ئەگمە ھىلالى ئەبرۇ يەڭلىغ،
قەددى نەۋبەر ئىدى شەمشاد يەڭلىغ.
يىدى سۇنبۇل، بىنەفشەدىن مۇئەسسەر،
بارى ئۆيلەر بولۇر ئىردى مۇئەتتەر.
تىشى يۇنچىدىن ئارتۇق دۇررى مەكنۇن،
ئانىڭ ئاشقلارى بولماسمۇ مەجنۇن.
خىرام ئەيلەردە ئەر ئەر مۇنفەئىلدۇر،
بۇ نەرگىس كۆزىدىن زۇھرە خىجىلدۇر.

يىگىتلەركىم بۇ قىزلارغە تەماشا،
قىلىپ، ئايرىلسالار دەرئىردى ۋەيلا.
بۇ ئەلدا بار ئىدى كۆپ كىشى ئالىم،
يوق ئىردى ئاندا ھىچ خۇنخور زالىم.
ئۇلار ئۆز ئىشىغە ھازىر ئىدىلەر،
خۇدانىڭ سۇنئىغە نازىر ئىدىلەر.
بۇ يەڭلىغ خەلق ئىدىلەر ئول ئەرەبلەر،
بار ئىردى كۆپ غەرايىبۇ ئەجەبلەر.

## خاجە نۇئمانىنىڭ سىفەتلەرىنىڭ بەيانى

بار ئىردى بۇ ئەرەب تۇرلۇك قەبىلە،
بەنى ئامىر دىگەن بارى بەخىلە.
ئەرەب ئەھلى ئارا ئىردى ئۇلار زور،
ئۇلار ئالدىدا ئىردى بارچەسى مور.
بارى قورقۇپ ئۇلار ھەيبەتلەرىدىن،
غەزەب ۋەقتىدەقى ۋەھشەتلەرىدىن.
بۇلارنىڭ بىر ئۇلۇغى بار ئىردى،
ئاڭا بەختۇسەئادەت يار ئىردى.
ئۆزى ھەم ئالىم ئىردى ئاتى نۇئمان،
كىلۇا ئىردى تۇمەن تۇرلۇكلەر مىھمان.
كى مەردى ئىردىيۇ فازىل، سەخى دەست،
ئۇلۇغ ئىردى باردىن بارچەدىن پەست.
ئۆزى بىر شىر مەرد ئىردىيۇ ئاقىل،
ئەرەبلەرغە ئىدى ئول پىرى كامىل،
ئۆيىن مىھمان ئۈچۈن شايەستە قىلغان،
ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى شىكەستە قىلغان.
بىرىپ مىھمانغا ھەر تۇرلۇك ھەباتات،
كى شىرىن شەربەتى قەندۇ نە باتات.
بارى مىھمانغە ئەيلەپ جان فىداسى،
ئاڭا ھەم قىلغان ئىرمەسكىم سەداسى.
ھەر ئايدا بىر زەكات بەرسە مالىدىن،
كىمەيمەس ئىردىكىم ھەرگىز مالىدىن.
تىيۋەدىن مىڭ كىلۇر ئىردى زەكاتى،
بۇ يەڭلىغ ئۆتكەن ئىردى بەر ھەياتى.

زەكاتىغە ئانىڭ قويىن ساناسە،
بىرۇر ئىردى يەنە قويىدىن خۇلاسى.
ئاتىدا مىڭ ئاتى بار ئىردى قاشقە،
كى تاشدىن سەكرەر ئىردى يەنە تاشقە.
ئاتىدىن بىرۇر ئىردى بىرمىڭ ئايغىر،
بىرۇردى قىلمايىن ھەرگىزلا تەقسىر.
يوق ئىردى قۇل كۆڭۈللەردە ھىسابى،
بار ئىردى ئون تىيۋەگە يۇك كىتابى.
زەرۇ زىۋەر بىلە دۇررۇ جەۋاھىر،
بار ئىردى قانچە دىسە ئاندا زاھىر.
دەۋاسىز ئەلنىڭ ئول دەردىگە دەرمان،
بۇ لەئل، ياقۇتۇ يۇنجىيۇ مەرجان.
قىلىپ ئىردى خۇدا مالىنى بىسيار،
ئۆزى قىلغان ئىدىكىم نىك كىردار.
ئول ئىردى ھەق شوناسى ھەق پەرەستى،
خۇدا يادىدا ئىردى ئىشق مەستى.
پەيەمبەرلەر كەبى ئول ئىردى خۇشخۇي،
فەرىشتە سۇرەت ئىردى ئول سەفىد موي.
ئۆزى ئىردى بەنى ئامىرغە سەردار،
كى ھەق ئەسرارىدىن بولغان خەبەردار.
كى چىقماس ئىردى ئامىرلار سۆزىدىن،
ئەگەر ئايرىلسە ھەم ئىككى كۆزىدىن.
ئۆزى ئانداغ كىشى ئىردى خىرەرمەند،
مۇڭا يوق ھىچنىمەدىن غەير فەرزەند.

كى ھېچ فەرزەندى يوق ئېردى ئانىڭكى.
كى دىلبەرسىز ئۆتتۈپ ئۆمرى مۇنىڭكى.
بۇ ھالەتدىن بەسى ئېردى فەرىشان،
قىلۇر ئېردى دەمادەم ئاھۇ ئەفغان.
جىگەر خۇن ئېردى ئانىڭ كۆزى پۇر نەم،
كېزىپ يۈرگەن ئىدى دەردىغە مەرھەم.
بۇ فەرزەند بابىدا ئېردى تەلەبكار،
بۇ ھەسرەت ئوتىغە ئېردى گىرىفتار.
بىرۇر ئېردى تەسەددۇقلار قىلىپ ئاش،
قىلىپ زارۇ تەزەررۇئلار تۆكۈپ ياش.
قىلۇر ئېردى بەسى خەيراتۇ ئېھسان،
بۇلۇر ئېردى تەمامى ئەلگە ئەئيان.
بەنى ئامىر قىلۇر ئېردى دۇئالەر.
مۇنىڭ ھەققىدە كۆپ شامۇ سەھەرلەر.

### خاجەنۇئمان شىكارغە چىققانلارىنىڭ بەيانى

كۈنى كۈنلەردە بىركۈن خاجە نۇئمان،
شىكارى سەير ئەيلەپ تۇرفە ئارمان،
كۈنى ئەزم ئەيلەدى سەھرا سارىغە،
خەبەر تۇشتى بۇ ئامىرلار بارىغە.
ھەمە قەسد ئەتتىيۇ بارى ئامىرلار،
كى جابدۇق راست قىلدىيۇ ئامىرلار.
بۇلار ھەم ئەيلەدى ئەزمى شىكارى،
بۇلارنىڭ بار ئىدى مۇنداق شىئارى.
ھەمە جابدۇغلارىنى راست ئەيلەپ،
كەمى جانى بىلە بىخاست ئەيلەپ.
ھەمە كەلدى بارى نۇئمان قاشىغە،
كەباب ئولغان جىگەر بەريان قاشىغە.
شىكار ئەيلەرگە خۇش ئاتلاندى نۇئمان،
تەسەددۇقلار قىلىپ خەيراتۇ ئېھسان.
بەناگاھ يۈردىلەر سەھرا سارىغە،
يېتىپ كەلدىكى بىر تاغنىڭ تۇبىگە،
شىكار ئەيلەپ قولانۇ شىر ئىلە كەرك،
كېچە ـ كۈندۈز يۈرۈبان قىلمايىن تەرك.
نەچەكىم ئۇچراسا بۇغىيۇ ئاھۇ،
چىقارۇر ئېردىلەر فەرياد ـ ئاھۇ.
ساچىلىپ كەتتىلەر ھەرقايسى بىريان،
تۇشۇبان كەتتى بىريان خاجەنۇئمان.
كى سەيدىغە چۇشۇپ بىر ياخشى جانۋەر،
ئاچىلدى كۆڭلى بولدى پۇر ئەنۋەر.
بولۇپ بۇ سەيردىن خۇشـھالۇ خۇررەم،
ئۆزىگە تاپمادى بىر يار ھەمدەم.
كېلىبان كۆڭلىگە فەرزەند ھەۋاسى،
كۆڭۈل بىر سۆيگۈدەك بەندى ھەۋاسى.



ئەگەر ئالدىمغە باقسام يوقتۇر يالىم،
ئەگەر ئۆلسەم قالۇر بىر مۇنچە مالىم.
زەرۇ زىۋەرلەرىم بىسيار بولغاي،
بارى دۇشمەنلەرىكىم شاد بولغاي.
ئەگەر ئۆلسەم ئاتىم بىر يولى ئۆچكەي،
نەۋكەر چاكەرلەرىم ھەرسارى كۆچكەي.

دەرىغا، بولغاي ئىېردى مەندە فەرزەند،
ئۆزۈمنى قىلغاي ئىېردىم ئاندا خۇرسەند.
ئاياغىدىن تۇتاشىپ ئوت باشىغە،
بۇ ئوت تەئسىر ئېتىپ ئىچدىن تاشىغە.
بۇ بائىسدىن مەلامەت بولدى پەيدا،
بۇ نۇئمان جانۇ كۆڭلى بولدى شەيدا.
بۇ فەرزەند جىهەتىدىن ھەيران ئىېردى،
بۇ ھەسرەتدىن كۆزى گىريان ئىېردى.
جىگەر بەريان بولۇپ بۇ پىرى نۇئمان،
ئىنايەت قىلدى ئولدەم ھەيىي سۇبهان.

## خاجە نۇئمان زاھىدغە ئۇچراغانى

كۆرۈندى كۆزىگە بىر مۇرغىزارى،
كى قۇمرى، بۇلبۇل ئاندا سەد ھەزارى.
يۈرۈدى رىغبەت ئەيلەپ خاجە دەرھال،
يېتىپ مەنزىلىگە بولدى تۇرفە خۇشھال.
ئەجەب بىر خۇش ھەۋا مەنزىلنى كۆردى،
كى تۇتى، قۇمرىيۇ بۇلبۇلنى كۆردى.
يېتىپ كەلدى نە كۆردى بىر دەرەختى،
تۈبىدە ئولتۇرۇپ بىر نىك بەختى.
ئاتىدىن تۈشتىيۇ ئېئزاز بىرلە،
بەئەۋنى نۇسرەتۇ ھەم راز بىرلە.
سەلام ئەتتى كېلىپ تەئزىم ئەيلەپ،
ئەلەيك ئالدى تۈمەن تەكلىم ئەيلەپ.
ئالىندا تەقسىر ئېتىپ تۇردى نۇئمان،
ئېتىپ تەگرى ئىلە كۆپ لۇتف ئېهسان.
كۆرۈشتىلەر كېلىپ بۇ پىر مەردلەر،
قۇچاقلاشىپ ئالىپ بۇ شىر مەردلەر.
بۇلار بولدى ئىككەۋلەن يارۇ دىلدار،
بۇ شەيىخغە ئەيلەدى ھالىنى ئىزھار.
بۇ زاھىد سوردى:«سەن قايدىن كېلۇرسەن،
ئەرەبنىڭ قايسى خەلقىدىن بولۇرسەن؟»
جەۋابىغە دېدى: «ئەي شەيخ دىلدۇز،
كەلامىڭدۇر سېنىڭ جانۇ جىگەر سۈز.
قەبىلەمدۇر مېنىڭ ئامىر دېگەيلەر،
ئۇلار ھالىم كۆرۈپ ھەسرەت يېگەيلەر.
مەن ئول ئەلنىڭ ئەدەدىنى بىلۇرمەن،
ئول ئەلدە كىمنى سورساڭىز بىلۇرمەن.»
سورادى شەيخكىم: «نە ھەسرەتىڭ بار،
ساڭا نە غەمكى ئانداغ ھەزرەتىڭ بار؟»
«ئېرۇرمەن ئول ئەل ئىچرە يار دىلدار،
ئېرۇرمەنكىم ئامىرلار ئىچرە سەردار.»
ئۆز ئەھۋالىن سەراسەر قىلدى تەقرىر.
بېرۇر گۇياكى شەيخ ھەم تۈشكە تەئبىر.

## زاھىد خاجە نۇئمانغە ئەھۋالىنى ئايتغانى

«ساڭا بار بىر مەنازىئ كىردىگارى،
غەمىڭنى قىلغۇچى پەرۋەردىگارى.
ئەزەلدە ئول ساڭا دىلدار بولغاي،
بارى غەمخار ئارا غەمخار بولغاي.
ئەزەلدە يوق ئىدىڭ پەيدا قىلىپدۇر،
بۇ ئالەمغە سېنى شەيدا قىلىپدۇر.
يوق ئىېردى سەندە ھېچ نامۇ نىشانى،
ۋۇجۇدۇڭ ئەيلەدى دۇررى مەئانى.
كۆڭۈلدە نە غەمىڭ بولسە ئايتغىل،
مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئول غەمدىن ساۋۇتغىل.
خۇداغە نالەئى ئەفغان قىلايىن،
نەچۈك دەردۇ غەمىڭ دەرمان قىلايىن.
ئەگەر قىلسام دۇئا بولغاي ئىجابەت،
ساڭا بولغاي دۇئا بىر تاجۇ دەۋلەت.
كى مەن ئانداغ كىشىدۇرمەنكى زاھىد،
كېچە ـ كۈندۈز ئىبادەت بىرلە ئابىد.

دۇئا قىلسام يىغاچلاردىن ھەباتات،
بولۇر پەيدا ئانىڭدىن كۆپ نەباتات.
ئەگەر تىلسىزلارغە قىلسام دۇئايى،
ئەگەر داغ ئۇواسەۋۇ قىلغاي دۇئايى.
قاراغۇ بولسە تاپغاي چەشم بىينا،
ئەگەر غافىل ئىسە بولغاي چۇ دانا.
قۇلاغى گەر ئىشىتمەس بولسە ئول كەر،
ئاچىلماس گەر يەنە ئول بولسە بىر خەر.
قولى تۇتماس ئەگەر بولسە چولاقى،
قولى تۇتغاي ئەگەر بولسە ئۇلاغى.
ئەگە پالەنچ ئىسە قىلغايمە دەرمان،
ئىچىدە قالماغاي بىر زەررە ئارمان.
ئەگەر بىر قەرزدارى مۇندا كەلسە،
ئەجەب ئېرمەس بارى قەرزى ئۈزۈلسە.

ئەگەر يا ھەم كىشى بەند بولسە زىندان،
خەلاس ئەتكەي ئانى فەتتاھى بۇرھان.
ئەجەب ئېرمەس ساڭا كىم بەرسە فەرزەند،
ساڭا ئول بولغۇسى بىر جان پەيۋەند.
شەرابى شەۋق ھاالى نۇش ئەيلە،
ئۇ فەرزەندىلىك بىلە دىلجۇش ئەيلە.
سەنا بىرلە مۇناجاتى قىلالى،
ئۇخەتتىڭگە مۇباھاتى قىلالى.
دېگىل سەن قوپ مۇناجاتىمغە ئامىن،
سەنا ئەيلەي بەرۇھى ئالى «ياسىن».
ئوغۇل بەرگەي ساڭا كىم ئىنشائەللاھ،
ماڭا سەن ھەم دېگىلكىم بارەكەللاھ.»
بۇ شەيخ بولدى مۇناجاتىغە مەشغۇل،
رىدا بويىنغە سالىپ ئاچىبان قول.

## خاجە نۇئمانغە زاھىد مۇناجات قىلغانلارى

كۆزىن يۇمدىيۇ باتىن كۆزىن ئاچتى،
ھەم ئولدەم ھەق سارى سىردىنى ئاچتى.
ئۇشولدەم خاجە نۇئمان زار يىغلاپ،
كى جانى بىلە [ئول] بويىننى باغلاپ.
بولۇر ئېردى كۆزىدىن ياشى دەريا،
ئۆيۈڭلەر قالغاي ئېردى بارچە ئەھيا.
دېدى: «ئەي، مەھرەمى ئەسرار پىنھان،
بارى مۇشكۇلىلەنى ئاسان قىلغان.
ھەمە غايىبنى سەن ھازىر قىلۇرسەن،
بارى ناپاكنى تاھىر قىلۇرسەن.
قىلۇرسەن پادىشالارنى گەدايى،
ئالىپ مۇلكىن قىلۇرسەن بىنەۋايى.
ئېتىپسەن بارچەدىن بىر گەۋھەرى پاك،
قىلۇرسەن نەچچە مۇددەتدىن كىيىن خاك.
كى تىرگۈزدۈك بېرىپ تۇفراقىغە جان،
سالىپسەن ئاندا ئېرفان بىرلە مەرجان.
ھەۋا بىرلە قىلىپسەن ئاسمانلار،
بۇلۇتلار ئەيلەبان كۆكدە فىغانلار.

ئىلاھا جۇملە پەيغەمبەرلەر ھەققى،
ساڭا ئېيتغان سەنا، تەسبىھلەر ھەققى.
بەھەققى ھۇرمەتى ‹تاھا› ۋە ‹ياسىن›،
بەھەققى ھۇرمەتى ‹ھامىم›، ‹ياسىن›.
ئىلاھا، جۇملە مەۋجۇدات ھەققى،
ئىلاھا، جۇملە مەخلۇقات ھەققى.
بەھەققى ھۇرمەتى جۇملە مەلائىك،
بەھەققى ھۇرمەتى جۇملە خەلايىق.
بەھەققى ھۇرمەتى جەنناتى ئەنھار،
بەھەققى ھۇرمەتى ئەشجار ئىزھار.
بەھەققى ھۇرمەتى مالىكى رىزۋان،
بەھەققى ھۇرمەتى ۋەلدان غىلمان.
بەھەققى ھۇرمەتى ئوتتۇز سەپارە،
بەھەققى ھۇرمەتى جۇملە سەتارە.
بەھەققى ھۇرمەتى چەشمى مۇھەممەد،
بەھەققى ھۇرمەتى ئالى مۇھەممەد.
بەھەققى ھۇرمەتى ئەسھابى ئىشان،
بەھەققى ھۇرمەتى ئەھبابى ئىشان.

بەھەققى ھۇرمەتى دۇ گۇشۋارە،
ھەسەن بىرلە ھۇسەيىندىن خۇشكۇۋارە. -
ئىلاھاكىم، بۇلارنىڭ جانى ھەققى،
جەفا بىرلە ئاقىزغان قانى ھەققى.
كېلىپدۇر ئالدىڭە بۇ پىر نۇئمان،
كى بەرگىل دەردىغە بىر دارۇ دەرمان.
بۇ نۇئماننى، مېنى سەن قىلمە نەۋمىد،
بەھەققى ھۇرمەتى تەكبىر، تەمجىد.
ئىلاھا، سەن ئانىڭ دادىغە يەتكىل،
قىغانۇ نالە - فەريادىغە يەتكىل.
ئىلاھا، يوق كىشىكىم سەندىن ئۆزگە،
سېنىڭ نۇئمان ئارادا مەندىن ئۆزگە.
ئانى فەرزەند ئۈچۈن كۆپ قىلماغىل زار،
غەمى فەرزەند ئىلە قىلمە گىرىفتار.

ئىلاھا، قىل دۇئالارنى ئىجابەت،
ئوغۇل بەرگىل بۇ نۇئمانغە كەرامەت.
ئىلاھا بۇ دۇئا مەقبۇل بولسۇن،
ئوغۇل بەرگىل ساڭا مەجنۇن بولسۇن.
ئانىڭ ئۈچۈن ساڭا مەن ئەيلەدىم داد،
دۇئانى قىل ئىجابەت قىلما بەرباد.
ساقالىنىڭ ئاقىغە رەھىم قىلغىل،
بۇ نۇئمان دەردىغە دەرمان بەرگىل.
كى بىچارە ئېرۇر بۇ پىرى نۇئمان،
ئەگەر نەۋمىد ياندۇرساڭ نە ئىمكان.
ئاڭا بەستە ئىشىكىن ئەيلەگىل باز،
بۇ كۈن بولدى ماڭا ئول يارى دەمساز.»
تەمام ئەتتى دۇئا ئەللاھۇ ئەكبەر،
بۇ ھەم ھەيران بولۇپ ئەللاھۇ ئەكبەر.

## شەيخ زاھىد دۇئاسىنى تەمام قىلغانى

بۇ نۇئمان قوپتىيۇ قۇچتى تىزىنى،
ئاياغىغە سۈرۈپ تۇردى يۈزىنى.
دېدى: «ئەي پىر مەردى ۋەلى نېئمەت.
ساڭا ھەم قىلغۇسىدۇر تەڭرى رەھمەت.
ماڭا سەن بۇ يۇسۇن كۆپ قىلدىڭ ئىنئام،
سېنىڭ ئىشىڭنى ھەم قىلغاي سەرەنجام.
بار ئېردى مۇندا بىر دۇررى شەب ئەفرۇز،
سەدەفدىن چىققان ئېردى بەلكى يالغۇز.
يەنە ھەم بار ئىدى بىر جۇفت جەۋھەر،
نىيازىغە قويۇپ ئۈچ دانە جەۋھەر.
نىيازىغە بۇ شەيخ ئەتتى دۇئالار،
قىلىپ تۇتى كەبى تۈرلۈك ھەۋالار.
بىتىپ بىر بارچەغە تەئۋىز قىلدى،
بۇ نۇئمان قولىغە تەكرىز قىلدى.
كۆچۈك قىلسۇن مۇنى بويىندا ھەمراھ.
خۇدا بەرگەي ساڭا فەرزەند دىلخاھ.»
قوپۇپ تەئزىم قىلدى خاجە نۇئمان،
كى شەيخ ئەتتى مۇنى ئول نەۋئى مېھمان.

قوپۇپ تۇردى تۇمەن تەئزىم بىرلە،
تىلەپ رۇخسەت تۇمەن تەكلىم بىرلە.
ئېيتتى: «ئەي پىرىم مەن ئەمدى يانسام،
بارىپ ئەمدى قەبىلەمغە ئۇلانسام.»
دېدى ئول شەيخ: «ئەي داناي مەئقۇل.
نىيازىڭ ھەق قاتىدا بولدى مەقبۇل.
بار ئەمدى ئۆز قەبىلەڭغە ئۇلانغىل،
تەماشا بىرلە ۋەسلىڭغە ئۇلانغىل.
خۇدايىمغەكى تاپشۇردۇم سېنى مەن،
خەيالىڭدىن چىقارماغىل مېنى سەن.
سېنى مەن ھەم دۇئادا ياد قىلغۇم،
بۇزۇغ كۆڭلۈڭنى مەن ئاباد قىلغۇم.»
قىلىبان خەيرىباد ئول ئىككى ھەمراز،
بولۇبان بىر بىرىگە يارى دەمساز.
بولۇبان خاجە بۇ ئىشدىن بەسى شاد،
ئاچىلدى كۆڭلى بولدى غەمدىن ئازاد،
يانىبان خۇجە نۇئمان يولغە كىردى،
خىرەد، جانۇ تەننى ھەققە بەردى.

www.uyghurkitap.com

بەسى خۇشالۇ خۇررەم ئېردى خاجە،
خۇدا يادىغە ھەمدەم ئېردى خاجە.
قۇيۇندەك يۈرۈر ئېردى خوجە ئاتى،
سىيەھ قەئىاس ئېردى زاتى ئاتى.
يۈرۈر ئېردى قىلىبان شىددەتى جەھد،
ئاتى رەفتار ئېردى گويىيا مەرد.
يېتىشتى خەيلىغە كۆردىكى خۇشھال،
سورادىلەر، ساڭا نە بولدى ئەھۋال.
ئانىڭ ھالىغە بارچە ئېردى ھەيران،
چىقىپ يىلىباسۇن ئالدىغە فەراۋان.
دېدىلەر: «بارچەنىڭ جانى، جەھانى،
فىدا بولسۇن ساڭا جانۇ جەھانى.
بولۇپسەن سەن بۇ كۈن خۇشۋەقت، خۇررەم،
ئۆزۈڭگە تاپتىڭ ئوخشە يار ھەمدەم.

نەچۈك خۇشۋەقتلىك رو بەردى سىزگە،
قىلىڭ ئول ۋاقىئە تەقرىر بىزگە.»
ئەيتتى خوجە: «ئەي خەيلى خەيالىم،
ھىكايە ئەيلەيىن تاپقان ۋىسالىم.
فەلان يەردە بارىپ تاپتىم كىمەرسە،
جەھاندا كۆرمەدىم ئانداغ نېمەرسە.
بار ئىكەن مەنزىلى خۇشرۇي ئەعزا،
بېرۇر ئۆتكەن كۆڭۈللەرگە دىل ئاسا.
جەزىرە ئوتراسىدا بىر دەرەختى،
تۈبىدە ئولتۇرۇپدۇر نىك بەختى.
بۇ كۈن ئۆتكەنىن ئول قىلدى ھېكايەت،
ماڭا مۇنداغ ئۇلار قىلدى ئىنايەت.
يورۇدۇم تاپتىم ئانداغ مەن سىلەرنى،
بارىپ خۇشھال كۆرەي ئۆيدەكىلەرنى.»

**خاجە نۇئمان زاھىددىن دۇئا ئالىپ يانغانلارى**

تاراشتى ئۆچلەرى ھەرقايىسى بىريان،
ئۆيىگە ياندىلەر خۇشھالۇ خەندان.
كى ھەرقايىسى ئۆيىگە يېتىشتى،
بالا ـ بارقالارى بىرلە تافىشتى.
كى قىلدى ئاش تاپقان سەيد بىرلە،
كى گويا بولدى نەۋرۇز ئەيد بىرلە.
بولۇپ ھەرقايىسى ئۆز ئۆيىدە مېھمان،
بولۇپ خۇشۋەقت خۇررەم خوجە نۇئمان.
بەنى ئامىر ئىكەۋ ھەم بولدىلەر شاد،

بۇزۇغ بولغان كۆڭۈللەر بولدى ئاباد.
كى ھەركىم بىر بىرىن مېھمان ئەيلەپ،
نەچە تۈرلۈك تەئام ئەلۋان ئەيلەپ.
كۈلۈپ، ئوينەپ ئۆيىدە بارچە مەئمۇر،
بۇلار ئىچرە يوق ئېردى ھېچ مەھجۇر.
بۇ يەڭلىغ بازلار ھەڭگامە ئەيلەپ،
نەۋاۋۇ نەغمەۋۇ ئاغاز ئەيلەپ،
تەماشاۋۇ تەرەبلەر بىرلە مەئمۇر،
بىرى بىرگە دېيىشۇر ئېردى مەغرۇر.

**خوجە نۇئمان زاھىدنىڭ سىرىنى كۆچىگە بەيان قىلغانى**

ئىشىتمەك خوجە نۇئماندىن ھىكايەت
كېرەكدۇر، ئەلگە بولغان خاب خارەت.
دېدى كۆچىگە نۇئمان: «ئەي خوجەستە،
كۆڭۈلدىن بارچە غەم بولدى گۇشەستە.
گۇزەر تۈشتى ماڭا سەيرى بەيابان،
يولۇقتى ئالدىمە بىر پەرى كەنئان.

كى گۇيا سۇرەتى ئېردى فەرىشتە،
ھەمە تائەت بىلە ئېردى سەرىشتە.
كۆرەرمەن دۇنيادا ئەركەك ـ تىشىنى،
كۆزۈم كۆرگەن ئەمەس ئانداغ كىشىنى.
كۆزى گۇيا ئانىڭ پۇر نۇرى سۇبھان،
سەناۋۇ ھەمد بىرلە كۆڭلى تولغان.

سەقالىدا قارا يوق ئېردى بىر تال،
يۈزىنى كۆردۈمۈ قالدىم بولۇپ لال.
ماڭا تۇرفە ئىنايەت قىلدى ئول پىر،
مۇناجاتى ماڭا ئول قىلدى تەھرىر.
مېنىڭ ھەققىمدە ئول قىلدى دۇئالار،
بىزىڭ دەردلەرگە ئول بولدى دەۋالار.
سېنىڭ ئۈچۈن بىتىپ تەئۋىز قىلدى،
ماڭا شەكلىنى ئول تەكرىز قىلدى.
كۆچىگە بەردى ئول تەئۋىزنى دەرھال،
خۇجەستە ھەم ئانىڭدىن بولدى خۇشھال،
خۇجەستە ئالدىيۇ تەئزىم قىلدى،
بۇ نۇئمانغە تۈمەن تەسلىم قىلدى.
دېدى: «ئەي خاجە بىر نىكۇ خىرەدمەند.
كى ھەق بەرسە كېرەك بىر جان پەيۋەند.
سەقايۇر بولسا ئاغرىقنىڭ قاشىغە،
ئۆزى كەلگەي تەبىب ئاغرىق قاشىغە.
سەبەب بىرلە تاقىپسەن پىرى كامىل،
قىلۇر پىرى مۇرىدنى ھەققە مايىل.
ئايا، ئەي خو جەنىكۇ خەستە ئاھىم،
مۇرادىم سەن ھەمە خەيلى خەيالىم.
ساڭا مۇنداغ ئىشارەتلەر بولۇپدۇر،
ماڭا مۇنداغ بىشارەتلەر بولۇپدۇر،
خۇدا بىرلە بولالى ھەم سەنۇ مەن،
ئېرۇر ئول بارچەنىڭ مەقسۇدى بەرگەن.
خەزىنە كۆپدۇرۇر يوق ئىنتىھاسى،
قەدىم ئېرۇر ئەنىڭ يوق ئىنتىھاسى.
كى بىزگە بەرگەنى بىرلە كامايماس،
بۇ سۆزلەرگە داغى سالدىلار قىقاس.

مۇرادىمىز بېرىپ ھەق شاد قىلغاي،
بارى غەم - غۇسسەنى بەرباد قىلغاي».
دېدى: «خاجە سەن ئېردىڭ بەسى غەمناك،
بۇ فەرزەند بابىدىن سەن بولما غەمناك.
كى بەرگەي بىزگە ھەق دۇررى يېگانە،
ئەدا قىلغىل ئانىڭ ئۈچۈن دۇكانە.
تىلەگىل ھاجەتىڭنى زار يىغلاپ،
مىرادىڭ ھەق سارىدىن زار ئىڭراپ.
كى مەن ھەم بۇ تەنىمنى پاك ئەيلەي،
ئۆزۈمنى گويىيا بىر خاك ئەيلەي.
كى مەن ھەم ئەيلەيىن ئەفغانۇ زارى،
كۆزۈمدىن ياش ئاقىزىپ ئەبرۇ زارى.
مۇناجات ئەيلەلى بولسۇن ئىجابەت،
كى ھەق بىزگە قىلۇر فەرزەند ئىنايەت.
ئانىڭ بىرلە قىلۇرمىز كۆڭلۈمىز شاد،
ئاتىنى قويغۇمىزدۇر خاجە فەرزاد.
بولۇر دىلبەندىمىز بىريار ھەمدەم،
كى بولغاي كۆڭلۈمىز سىررىغە مەھرەم.
ئانىڭ بىرلە ئاۋۇتۇپ ئۆزىمىزنى،
كى سۈرتەرمىز يۈزىگە كۆزىمىزنى.
ئانىڭ زەۋقى بىلە بولۇپ شەھەنشاھ،
كېتەر ئەۋسافىمىز ئەزماھ تاماھ.
ئانىڭ بىرلە بولۇرمىز خۇش دىماغى،
چۇ بۇلبۇل بولدى گويا پىرى زاغى».
بۇ سۆزلەردىن تەسەللى تاپتى نۇئمان،
كۆزىدىن ياش ئاقىپ چۇن ئەبر باران.
قوپۇپ ئەزم ئەيلەدى قىلغاي تەھارەت،
خۇدانىڭ دەرگەھىنغە قويسە ھاجەت.

## خوجەستە خۇدايىتەئالاغە مۇناجات قىلىپ فەرزەند تىلەگەنى

تەھارەت بىرلە ئۆزىن پاك قىلدى،
باشىن چالىپ يۈزىن بىر خاك قىلدى.
خۇدا دەرگاھىغە قىلدى مۇناجات،
فەرىشتەلەر ئارا بولدى مۇباھات.

دۇئا قىلدى تەزەررۇئ بىرلە زارى،
ياشى بولدى ئاقىپ يۈز سارى جارى.
دېدىكىم: «ئەي ئىلاھا، بار قىلدىڭ،
مېنى غەم - غۇسسەدىن ئەفكار قىلدىڭ.

www.uyghurkitap.com

كۆتەر فەرزەند غەممنى بۇ كۆڭۈلدىن،
كۆزۈم ياشى ئېرۇر تۆھفە كۆڭۈلدىن.
ئوغۇل بىرلە بۇ جانىمنى سۆيۈندۇر،
بۇ سەرگەردان باشىم گويا قۇيۇندۇر.
گۈلى بىر گويىيا بىر كۆركۈممىزى،
چۇ بولسۇن دائىما كۆڭلۈم ئەسىرى.
ئوغۇل بەرگىل ماڭا چۇن ماھى سۇرەت،
تۆكەر بولسۇن ماڭا چۇن فەتھى نۇسرەت.
ئاڭا بەختى ـ سائادەت يار بولسۇن،
كى ئول بىر تالىبى دىيدار بولسۇن.
تىلەرمەن بارچە ئاتئەللاھ ھەققى،
تىلەرمەن بارچە ئەبدۇللاھ ھەققى.
بەھەققى ھۇرمەتى تەۋراتۇ، ئىنجىل،
بەھەققى ھۇرمەتى تەسبىھۇ تەھلىل.
تىلەرمەن ئول زەبۇر، فۇرقان ھەققى،
تىلەرمەن رەۋزەئى «قۇرئان» ھەققى.
ياراتقان ئەرش ئىلە شەمسۇ سەماۋات،
تۆرەتكەن ئەرشۇ كۇرسى، بارچە جەننات.
بۇلار ھەققى تىلەيدۇرمەن تىلەكىم،

بۇ ھالىمدا مېنىڭ تۇتقىل بىلەكىم.
قولۇمنى ئالماساڭ بۇ ئىش ئاراسى،
كى ھەرگىز پۈتمەگەي باغرىم ياراسى.
ئوغۇل بەرگىل ئۆزۈڭگە [ئاشنا] قىل،
بۇ تۈشكەن ھاجەتىمنى سەن رەۋا قىل.
مۇرادۇ مەقسەدىم بەرگىل، ئىلاھىم،
بۇ رەھمەت كۆزىدە كۆرگىل ئىلاھىم.
كى شەفقەت كۆزى بىرلە بىر نەزەر قىل،
گۇناھىم مەئسىيەتدىن پۈر ھەزەر قىل.
مېنى قويمە ئۆزۈمگە ئەي شەھەنشاھ،
خەلايىققە مېنى قىل يارۇ دىلخاھ.
بۇزۇلغۇمدۇر مېنى ئۆزۈمگە قويساڭ،
تۈزۈلمەگۈم مېنى ئۆزۈمگە قويساڭ.
مېنى فەرزەند ئىلە قىلغىل سەرەفراز،
ماڭا بولسۇن جەھاندا يارى دەمساز.
ئىلاھا قىل بۇ ھاجەتنى مۇباھات.
ماڭا ياخشى ئوغۇل بەرگىل ئىنايات.
ئىشىكىڭدىن مېنى ياندۇرمە نەۋمىد،
سېنىڭدىن قەتئى قىلماي كۆللى ئۈممىد.

خوجەستە تۈشىدە ھەزرەتى خىزىرنى كۆرۈپ ئوغۇل فەرزەند تاپقانى

مۇناجات ئىچرە ئېردى ئۇيقۇ ئىلتتى،
كى لەۋھىلمەھفۇز ئىچرە كۆڭلى كەتتى.
كۆڭۈل بىر ئايىنەدۇر ئادەم ئىچرە،
ئۇشول ھەم ئايىنەدۇر ئالەم ئىچرە.
بۇ ئىككى ئايىنە بولدى بەرابەر،
كى گويا دارۇيى تاپتى بەرادەر.
كۆرەركىم ئۇيقۇسىدا ئول خوجەستە،
كېلۇر بىر ئارىفى ئۆزدىن كۇشەستە.
باشىدا تاقىيۇ دەستارى بىرلە،
تىلىدا تەسبىھۇ دەستارى بىرلە.
رىدا بويىنداۋۇ قولدا ئەساسى،

تەندە جەندەۋۇ تۈرلۈك سەداسى،
بېلىگە باغلاپ ئېردى بىركەمەر بەند،
يانىدا كۇشتىكارى قور بىلە بەند.
ئەيتتى: «ئەي خوجەستە نې غەمىڭ بار؟
يۈزۈڭدە تۇفراغۇ كۆزدە نەمىڭ بار.
تىلىڭ بۇلبۇل كەبى ئەسرار سەرۋەر،
ئاچىپسەن سەرۋەرى ئەسرار سەرۋەر.
كۆرۈپمەن ھەر زەمان بۇ نەۋئى سەرمەست،
بولۇرسەن گويىيا تۇفراغدىن پەست.
نە تۈرلۈك ھاجەتىڭ بار ماڭا ئايغىل،
مۇرادۇ مەقسەدىڭنى مەندىن ئالغىل.

رەۋا قىلغۇچىدۇرمەن جۇملە ھاجات،
كى مەندە باردۇرۇر تۈرلۈك كەرامات.
كى مەن خىزىر ئېرۇرمەن بىلمەسەڭ بىل،
كى فەرزەند تاپغاسەن گەر ئۆتسە بىر يىل.
ئوغۇل بولغاي ئاتىنى قەيىس قويغىل،
ئاڭا تۈرلۈك تۆمەن تەئزىم قىلغىل.
كى تەبئىنى ئانىڭ كۆيدۇرمە زىنھار،
كى بولغۇڭدۇر بەلالارغە گرىفتار.
خەلايىق ئىچرە ئانى ياخشى ئاسرا،
ئىزا، كۈلفەت ئاڭا يەتكۈرمە ئەسلا.»
بۇ سۆزلەردە خوجەستە كۆزىن ئاچتى،
تۈشىدە بارچە كۆرگەن سىررىن ئاچتى.
بىروقكىم سىلكىنىپ قوپتى خوجەستە،
كى گويا ئىشق مەي ئىچتى خوجەستە.
ھوشىغە گەھ كېلىپ گەھ كېتەر ئېردى،
مۇرادۇ مەقسەدىنى تەڭرى بەردى.
بۇ كۆرگەن تۈشكە ئول خۇشھال بولدى،
گەدا گوياكى مالا مال بولدى.
نە كۆرگەننى كىشىگە سۆزلەيالۇر،
نە سىررىنى ئىچىدە كىزلەيالۇر.
خۇداغە شۈكرىلەر ئول قىلدى بىسيار،
ماڭا سەن بولدۇڭ ئەمدى يارى غەمخار.

كۆڭلىدە باغلادى نەزرى - نىيازى،
بۇ نۇئمانغە قىلىپ كۆپ ئىشق بازى.
نە ياخشى تۈش كۆرۈپمەن ئەي نىگارىم،
ئاچىلدى لالە يەڭلىغ دىلفىگارىم.
بۇ كۆرگەن تۈشلەرىن تەقرىر قىلدى،
بۇ نۇئمان خاتىرىن تەئسىر قىلدى.
بۇ تۈشلەردىن بۇلار بولدى بەسى شاد،
بۇلارنىڭ كۆڭلى بولدى غەمدىن ئازاد.
دېدى: «ئەي جانۇدىل ئاگاھ بولغىل،
بۇ خاتۇنلار ئارا بىر شاھ بولغىل.
نىيەت قىلدىلەرۇ كۆپ خەيرۇ ئېھسان،
تولا جانلىق بىلە قىلدى ئۇلار قان.
كۇشىشلار قىلدىلار كۆپ تىيۋە ئاتنى،
بوغۇزلاپ قوي، كالا ئەيلەپ بىساتنى.
ئەرەبلەرنى يىغىپ كۆپ خاس ئىلە ئام،
قىلىپ ئاشنىڭ مەئاشنى سەرەنجام.
بۇ ئەللەر ھەم دۇئا - تەكبىر قىلدى،
مۇنىڭ ھالاتىغە تەدبىر قىلدى.
سەنا، تەسبىھ ئىلە ئەيلەپ مۇناجات،
خۇداغە مۇستەجاب ئولدى بۇ دەئۋات.
نىيازىغە قىلىپ كۆپ تىيۋە، قويىنى،
بۇ ئىشلار مەشھۇر ئولدى، كۆچى كۆردى

## خۇدايىتەئالا خاجە نۇئمانغە فەرزەند ئەتا قىلغانى

بۇ ئۇمرى ئۆتكەن ئېردى ھەيز كۆرمەي،
ئېتەك كىرىنى قەترە ئەسلا كۆرمەي.
ئۆتۈپ بىر نەچچە كۈن كۆرۈپ خۇجەستە،
بارى غەم - غۇسسەدىن بولدى كۇشەستە.
ئارىندى ھەيزدىن ئول پاك بولدى،
چۇ غۇنچە يىرگىشىپ بەرچاك بولدى.
نەچە كۈن غۇنچەسى بەرچاك بولدى،
خۇجەستە كۆڭلى كۆپ چالاك بولدى.

نەچە كۈن بۇئىكەۋ بولدى ھەۋەسناك،
ئارىندى ھەيزدىن ئول بولدىيۇ پاك.
بۇ ھالەتدىن ئىكەۋلەن بولدىلەر شاد،
كى گويا شىرزاددىن تاپتى گۇلشاد.
ئىكەۋلەن ئەرۇ خاتۇن سالدى بىستەر،
كى گويا كاغەز ئۈزرە باستى بىستەر.
ياتىپ ئويناشتىلەر ئىككى گۇلئەندام،
قىلىپ ئەيشۇ فەراغەت بولدى ئەلھام.

www.uyghurkitap.com

سەدەف ئىچرە تاپىپ بىر دۇرر جەۋھەر،
خوشور قانىپ بولار خاتۇنۇ شەۋھەر.
كى گويا ئەيد ئىلە نەۋرۇز بولدى،
جەھان ئىچرە شەھى فىروز بولدى.
خۇجەستە ھامىلە بولغان بىلىندى،
يېڭى باشتىن يەنە قىزدەك قىلىندى.
مۇنىڭ بىرلە ئۆتۈپ بىر نەچچە ئاي، كۈن،
تۇتار تەئۆز پۇتۇتۇپ ھەر تۈنۈ كۈن.
قىلىپ پەرھىز ئۆزگە قىلدى پەرۋا،
قايۇ كۈن بولغۇسىدۇر بۇ گىرىھ راھ.
كى ساقۇ تازە بولسۇن دەپ خەيالى،
بولۇر ئول بىزگە بىر دەفئى مەلالى.
تەبىبلار كەلتۇرۇپ ئول دارۇ دەرمان،
ئەگەر ئۆلسەم ئىچىمدە قالماس ئارمان.

مەجنۇننىڭ ۋۇجۇدغە كەلگەنى

تارىخان قاغۇنى بولدى چەچەكلەر،
كى گويا بەرگىدە بولدى خەمەكلەر.
خۇجەستە ھەملەنىڭ ۋەقتى يېتىشتى،
كى گويا بۇ خەمەكلەر بارچە پىشتى.
خۇجەستەنىڭ بويى ئاغىرىر بولدى،
قارىدى، قورساقى ھەم ئاغىرىر بولدى.
بەناگاھ بىلسەكى تۇلغاق يەيدا،
بولۇر ئېردى ئېرى جان بىرلە شەيدا.
يىغىلغان پارە بۇ ئەنگىزى شەھبان،
ھەمە چۆرە لەبىدە ئىگراشىبان.
دەر ئېردى بۇ خۇجەستە، ۋاھ - ۋەيلا،
بۇ ھالەتلەر بىلەكىم ئاھ - ۋەيلا.
فەرەھ تاپتى بۇ خاجە كۆڭلى دەرھال،
نىياز ئەتتى خۇداغە جان بىلە مال.
سەدەفدىن چىقتىيۇ دۇرر شەب ئەفرۇز،
بولۇبان خاجە نۇئمان شاھ فىرۇز.
ئانى كۆردىيۇ نۇئمان شاد بولدى،
سۆيۈندى غەمدىن ئول ئازاد بولدى.
بۇ كاندىن تاپتى بىر لەئلى دىلئارا،
بۇ ئوغلىنى كۆرۈپ بولدى دىلئاسا.
بىھىشتىدىن چىقتى يا بىر ھۇر غۇلمان،
نىياز ئەتتى خۇداغە مال ھەم جان.
ئانىڭ شۇكرىغە نۇئمان ئەيلەدى نەزر،
دىلۇ جان بىرلە گويا شەمس ئىلە نەزر.
بۇ خاجە كۆپ خەزىنە ئاغزىن ئاچتى،
بۇ خەيرات ھەددىن تولدىيۇ تاشتى.
فەقىرلەرنى يىغىپ ئىنئام قىلدى،
ئاياغى، باش، بويى گۇلفام قىلدى.
ھەمە زاھىد بىلە ئالىمۇ، قازى،
بارىن قىلدى بۇلار راغىبۇ رازى.
بارىن سۆيدىيۇ شەھزاد ئەھلى دىلنى،
ھەمە ئارىۇ ئاشىق، باغدا گۈلنى.
ھەمە جەمئ ئەتتى ئەشرافۇ ئەكابىر،
بارىن غايىب ئەرەبلەر بولدى ھازىر.
قىلىپ تۇرلۇك تەئام ئەلۋانۇ ئەلۋان،
يىغىپ بۇ خەلقنى ئول قىلدى مېھمان.
قىلىپ قەندۇ ئەسەللەر بىرلە شەربەت،
قىلىپ كۆكنار، مەئجۇن بىرلە سۇھبەت.
قىلىپ قىلسە بىرۇنج ئۆگرەۋۇ ھەلۋا،
يەنە چۆپ، چۆچىرە، نارىنۇ، بوغرا.
قىلىپ تەييار خىل - خىل رەۋغەنى نان،
بۇ ناندىن تازە بولدى جانۇ ئىمان.
بۇ نەچچە خىل نىئامەلار قىلدى بىسيار،
كىشىكىم كور بولدى بولسە ئەغيار.
ئاتىنى قويدىلەر قەيىس ئىبنى نۇئمان،
بۇ ئاتغە رەھمەت ئەتتى بارچە مېھمان.
بەنى ئامىر قەبىلە شاد بولدى،
كۆڭۈل قايغۇسىدىن ئازاد بولدى.
ئۆيى - ئۆيلەردە ھەم ئىززەتلەر ئاغاز،
پەرىلەر بىرلە گويا بولدى ھەمراز.

بەنى ئامىر بۇ نۇئمانغە قوۋاندى،
بۇلار گوياكى بىر تاغقە قوۋاندى.
كۆرە كەلدى بارى نۇئمان ئۆيىگە،
بۇلار بولدى بارى مىھمان ئۆيىگە.
كى نۇئمانغە ئۆيى بولدى ئەيدگاھ،
كىتىپ ئاۋازەلەر ئەزماھى تا ماھ.
قىلىپ يەتتە كېچە - كۇندۇز مىھمان،
بارى بۇلبۇل بولۇپ مۇرغى خۇش ئەلھان.
قىلۇر ئېردى ھەمە نەغمە نەۋالار،
كى ئاغرىق دەردىگە تاپتى دەۋالار.
كى بۇ نۇئمان كۆچى خۇشھال بولدى،
گەدا گوياكى مالا مال بولدى.
بۇ خاجە ھەم يەنە باشتىن قىلىپ توي،
تىيۋە، ئاتۇ كالا ۋە ئۆلتۇرۇپ قوي.
تەئاملار كۆپ قىلىپ ئەلۋان - ئەلۋان،
بۇلارغە ئەيلەدى جانىنى قۇربان.
سەرۇپالار بېرىپ قىلدى سەرەفىراز،
بارى بولدى بۇ نۇئمان بىرلە ھەمىراز.
بۇلار ھەم پىشكەشلەر قىلدى سوۋغات،
ھەمە قۇتلۇغلۇغىغە تىيۋەۋۇ ئات.
بىھىشتىلەر كەبى خۇشھالۇخۇررەم،
پەرى بىرلە مەلائىك بولدى ھەمدەم.
بارى ئەلنىڭ دەرىغ ئاغرىق شىشىلدى،
ھەمەنىڭ غۇنچەسى گۇلدەك ئاچىلدى.

بىرى گۇلگۇن قەباسى بىرلە مەغرۇر،
بىرى بىرگە بولۇبان زارۇ مەھجۇر.
بىرى مەھۋەش جەمالى بىرلە شەيدا،
بولۇر ئېردى تولا ئۇلفەتلەر پەيدا.
بىرى قاشى قاراغە ئاشىق ئېردى،
بىرى فەرھاد بېرى ھەم ۋامىق ئېردى.
بىرى نازۇك نىھالى بىرلە خۇشھال،
بۇلارنىڭ ئالدىدا تۇتى بولۇپ لال.
بىرى غۇنچە لەبىنىڭ ھەسرەتىدە،
تەماشا ئەيلەبان بۇ ئىشرەتىدە.
بىرى ھەم سىيمتەنلەرگە خەرىدار،
بىرى بىرگە بولۇبان يارۇ دىلدار.
بىرى - بىرى بىلەن كۆڭلىن ئاۋۇتۇپ،
بىرى بىرنىڭ يىراقىنى ياۋۇتۇپ.
نەچە كۇن بۇ ياسۇن ئىشرەتلەر بىرلە،
ئاغىرلاپ بىر - بىرىن ئىززەتلەر بىرلە.
ئويۇن ھەڭگامەلەر ئاخىرغە يەتتى،
بۇلارنىڭ شۇھرەتى ئالەمگە يەتتى.
تەمام ئولدى بۇ نۇئمان ئۆيىدىن بەزم،
بۇ مىھانلار بارى ئۆيىگە قىلىپ ئەزم.
ۋىدائ ئەيلەشتىلەر بۇ خاجە بىرلە،
كۆتەردى زەللەلەرنى مۇنچە بىرلە.
بۇلار مەجلىسلەرىنى ئەيلەب ئېتمام،
ئۇزادى بارچەسى ھەم خاس ھەم ئام.

## مەجنۇننى تەئرىف قىلغانلارى

بۇ قەيس ئېردى ئاناسىغە ئويۇنچۇق،
بەنى ئامىرغە ئېردى بىر قوۋانچۇق.
ئوغۇل ئېردى چۇنان بىر ماھى تەلئەت،
پۇتۇلگەندۇر ئاڭا ئىشقى مۇھەببەت.
قاشىنىڭ تەرزى گويا بىر ھىلالى،
قەدىنىڭ نازۇكى نەخلى نىھالى.
لەبى غۇنچە ئىدى ياقۇتۇ مەرجان،
بەنى ئامىرلاغە ئول كەلدى مىھمان.

خىجىل ئەردى كەۋاكىپ زۇھرە بىرلە،
كى ئوينار ئېردى ئول خەر مۇھرەبىرلە.
كى ھەر كۇندە بىر ئايلىق بولۇر ئېردى،
يىدى ئۆينى مۇئەتتەر قىلۇر ئېردى.
ئاڭا يۆرگەك قىلىپ كىمخابۇ ئەتلەس،
كى رەشكىن ئېردى ئاندىن چەرخى ئەتلەس.
قىلۇر ئېردى تۇمەن تەئزىم ئاناسى،
كى ئىكرام ئىچرە يوق ھەرگىز خەتاسى.

www.uyghurkitap.com

ئاكا قىلدىلار دائىم بىر قوش ئاندا،
تايانۇر ئىدى ئورنىدىن قوپاردا.
ياشى ئوتتۇرا،، چىرايى قوخلۇق ئىدى،
ھەمە خاتۇنلار ئىچرە مەخلۇق ئىدى.
جىلا چەككۈش ئىدى قار ئاۋاز،
بارى مىكرۇ ھىيلەلەر ئىچرە تەنباز.
كۆمۈر سۇرتۇپ قاشىغە ئوسمە يەكىلىغ،
يۈزى ئىدى ئانىڭكى باسمە يەكىلىغ.
بۇ فەند بابىدا شاگرد ئىدى ئىبلىس،
ھۈنەر ئىدى ئاكا بۇ مىكر تەلبىس.
ئۈجۈبە ئىدى ئول ئۈگرە پىشانە،
بىرۇر ئىدى جەۋانلىقدىن نىشانە.
ياندا قامچىيۇ ئىگنە قولىدا،
خىزتۇنلارغە يەمان سۆزلەر تىلىدا.
كۆزدىگە كۆپ كىشنى ئىلماس ئىدى،
ئۆزدىن ئۆزگەنى ئول بىمەس ئىدى.
ئاكا مۇنداق خاتۇننى قىلدى دايە،
گۈل ئۆزرە قىلدى گويا ئەبرى سايە.
بەناگاھ قەيسىنى قولىغە ئالدى،
كى گويا باغرى بىرلە يەرگە چالدى.
كۆزىنى ئاچتى كۆردى بۇ قەرىنى،
مەگەر زىندانغە سالدى بۇ پەرىنى.
يىغى سالدى بىر ئوق چىمدىلاغاندەك،
جەراھەت بولدى باغرى تىرماغاندەك.
ئاچىپ ئاغزىن يۇمۇپ سالدى كۆزىنى،
بۇ يەكىلىغدۇر دىبان دۇنيا يۈزىنى.
خەيال ئەتتى بۇ ئالەمغە ئۈجۈبە،
ئاناسى ئىدى گويا ئەسكى جۈبە
يىغىدىن بىر زەمان ئولتۇرماس ئىدى،
كۆزىن ئاچىپ يۈزىنى كۆرمەس ئىدى.
نەدامەتلەر قىلىپ بۇ كەلگەنىگە،
ئاناسىنىڭ يۈزىنى كۆرگەنىگە.
خەيالىغە بۇ كەلدى، چىقىسە جانى،
قۇتۇلسە بۇ قەرىدىن بىر زەمانى.
زىيادە قىلدى ئول سائەت بەسائەت،
بۇ نۇئماندىن ئۇچۇپ كۆككە فەراغەت.
خەيال ئەتتى ئەيالنى كۆردى، تۇتتى،
ھەمە زەھر، ئاغۇۋۇ خۇنابە يۇتتى.
مۇشەۋۋەش بولدىيۇ زىھنى ئالىشتى،
كى گويا شىرنى شىرنىغە ئالىشتى.
دۇئاخانلار ئوقۇر ئىدى دۇئالار،
بۇ نۇئمان ئىيتىبان ھەقغە سەنالار.
كۆڭلىدە ئەيلەدى ئول نەزرى نىيەت،
بۇ ئامىر ئەھلىغە تۇشتى بۇ شۇھرەت.
يىغىلدىلار ئاكا قىزۇ جۇۋانلار،
ئانىڭ ھالاتىغە ئەيلەب فىغانلار.
يۈۋار ئىدى ئانى ھەر نەرسە بىرلە،
تۇرار ئىدى يىغىسى بۇسە بىرلە.
قۇچاقىغە ئالىپ بىر ھۈرۋەش قىز،
ئانىڭكى كۈلكۈسى ئىدى شەكەر رىز.
چىرايى ئىدى بىر ماھى دىئارا،
مۇنىڭكى بۇنچەسى بولدى دىلئاسا.
كۇلۇپ - ئوينايى بۇ قىزغە تىكدى كۆزدىن،
ئاچىلغان لالە يەكىلىغ ئاچتى ئاغزىن.
قىلىپ بۇ قىز ئەۋۋەل ئىڭگاھ - ئىڭگاھ،
قاتىپ سۆز بولدى ئول گوياكى بىر شاھ.
خەيال ئەتتىكى بىر ھۆرى بىھىشتى،
مۇنىڭ ئىدى بۇ سۇرەت سەرنەۋشتى.
بۇ قىزنىڭ يۈزىگە ئەيلەپ تامەشا،
بولۇر ئىدى كۆڭۈللەرگە دىلاسا.
يىغىسى پەست بولدى بۇ بەلادىن،
قۇتۇلدى خاجە نۇئمان مىڭ جەفادىن.
كى گويا ئەبرىدىن چىقتى تولۇن ئاي،
ۋەيا سۇمرۇغ ئالدى بىر تۇرۇمتاي.
ئاچىلدى چېھرىسى خۇرشىد يەكىلىغ،
بۇ خوجە بولدى ئول جەمشىد يەكىلىغ.
بۇ خۇشھاللىق ئارا كەلدى ئاناسى،
بالانىڭ ئىدى ئول يۈزىنىڭ بەلاسى.
قۇچاقىغە ئالىپ ئاغزىغە سۆيدى،
كى گويا بۇ بالانىڭ جانى كۆيدى.

كى يىغلاپ قىلدى ئۆزىن پارە ـ پارە،
تاپىلماس ئۇل يىغىدىن ئۆزگە چارە.
ئۆزىن بىر ـ بىر قىلىپ قىقاس سالدى،
پۈتى ـ قولىنى ئۇل يەرلەرگە چالدى.
بەناگەھكىم تەتى سالدى بالاغە،
كى گويا بۇ قەرى قالدى بەلاغە.
نە بولغاي ئەمچەكىن ئاغزىغە ئالسە،
كى سۈتىنى شۈمۈپ بىر قەترە ئەمسە.
چالىنىپ يىغلابان بۇ قەيسى بىھال،
هالىدىن كەتتى ئۇل بولدىيۇ بەد هال.
تۆكەر ئېردى ياشىن چۈن ئەبر باران،
بولۇر ئېردى ياشى يۈنجىيۇ مەرجان.
بۇ هالەتدە كېلىپ رەئنا جەۋانى،
قۇچاقىغە ئالىپ بىر سۆيدى ئانى.
كۆزىن ئاچتى يۈزىگە باقتى ئۇلدەم،
كى زۇهراسى بىلە ئۇل بولدى هەمدەم.
كى هاي ـ هايۇ دەبانكىم ياخشى ـ ياخشى،
بۇ هالەتدە ئۇل ئېردى تۇرفە ياخشى.
بۇ هەم گۈل بولدى رەئنانىڭ يۈزىگە،
بېرۇر ئېردى تەسەللىيۇ ئۆزىگە.
يىغىسى پەست بولدى بۇ بالانىڭ،
ئۆزى گۈلچېھرەئى كۆزى ئالانىڭ.
كى بىلدىلەر مۇنىڭ بۇ خۇيى بولغاي،
چىرايلىق كىشىلەر دىلجۇي بولغاي.
بىجىق سالدىكى ئۇل رەئنايى مەھۋەش،
ئىمىشكە ئالدى ئۇل خۇشرۇيى دىلكەش.
يەنە ئويناقلابان خۇشهالۇ خۇررەم،
بۇرەئنا بولدىيۇ سىررىغە مەهرەم.
كېچەش بىرلە مۇنى قىلدىلار دايە،
كى گويا بىر هۇمايە سالدى سايە.
مۇنىڭ بىرلە تەسەللى تاپتى كۆڭلى،
هەمە مەئلۇم قىلدى بارچە خەيلى.
ئانىڭ مەئجۇنى ئېردى ئىشق بىرلە،
سىرىشتە بولغاي ئېردى سىدق بىرلە.
زەكاسىدا بار ئېردى ئىشق مەيلى،
كى ئاخىر بولغۇسى مەهبۇب مەيلى.
كۆرۈڭلەركىم، خۇدانىڭ قۇدرەتىنى،
قىلىپ ئىشقىغە مايىل سۇرەتىنى.
مۇهەببەت سۆيىدىن ئىچكەن قارا تاش،
بولۇپ ئالەمگە مەشهۇر ئۇل قاراقاش.
گەهى ۋەهدەت شەرابىن ئېچىپ بىردەم،
خۇدا يادى بىلە بولغاي دەمادەم.
ئەگەر هىممەت قىلىپ ئىچسەڭ بۇمەيدىن،
ئىنايەت تاپقۇڭ ئۇل قەييۇمى هەيدىن.
قولۇڭدىن كەلسە گەر قىلساڭ بۇ هىممەت،
هەمە مەخلۇق ئارا تاپقۇڭدۇر رەهمەت.
مۇهەببەت ۋادەسىدۇر بىر قىۋۋانچىق،
بارى ئىشىدىن ئېرۇر مەھكەم تايانچۇق.
كى دائىم ئەيلەسە گاهى بەگاهى،
بۇئىشدىن ئۆزگەسىدۇر گاهى ـ گاهى.
مۇنىڭدىن ئۆزگە ئىشنى ئىش دېمەسلەر،
غەمى ئىشقىدىن ئۆگۈتنى يېمەسلەر.
بۇ سۆزلەرنى دېدىم نادانۇ دانا،
ئىشىتسۇن پىر بولسۇن خاهى بەرنا.
كۆزۈڭنى ئاچ ئانىڭ سۈنئىنى كۆرگىل،
ئانىڭدىن ئۆزگەنى تۇفراققە كۆمگىل.
كۆرۈڭ خانىدەۋۇ باقى ئۆزىدۇر،
ئانىڭ ۋەسلى ساڭا دۈشمەن كۆزىدۇر.
هەبادۇر ئۆزگەدۇر مەۋجۇد ئالەم،
پەنادۇر ياپەرى يا جىن ئادەم.
ئەگەر ئاقىل ئىسەڭ بۇ فىكرىنى قىل،
ئەگەر بىلمەس ئىسەڭ بۇ سۆزلەدىن بىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## مەجنۇننى بۆشۈككە سالغانلارى

بۆشۈككە سالدىلار بۇ قەيىس قەسنى،
ياتار ئېردى شوراپ هەردەم لەبىنى.
بۆشۈك ئىچرە ياتىپ ئىشقى بار ئېردى،
نەشاتى ئىشقىغە زەۋقى بار ئېردى.
سۆيۈنۈپ ئىشق ئۈچۈن هەردەم تەرەبلەر،
يىغلىۇر ئېردى هەر تۈرلۈك ئەرەبلەر.
ئويۇن - كۈلكى بىلە تەربىيەت ئەيلەپ،
نەشاتى ئەيىش ئىلە تەبئىيەت ئەيلەپ.
يىغىپ نۇئمان ئەلىنى نەغمەلەرنى،
فەراۋان ئەيلەبان كۆپ تۇئمەلەرنى.
بۇ قەيىس ئۈچۈن قىلىپ نەغمە - نەۋالار.
ئىشىتكەنلەر قىلىپ مىڭ جان فىدالار.
سۇرۇد ئەيلەپ بۇ هافىزلار تەمامى،
بولۇر ئېردى كۆڭۈللەر قەيىس رامى.
نەۋا ئەيلەپ بارىسى ئۇد ئىلە چەڭ،
قىلىپ تۈرلۈك مەقامات بىرلا ئاهەڭ.
بەناگەه قالۇنۇ بەربەتنى چالسە،
بارى ئاقغاي خەزانى قانچە بولسە.
بولۇپ بۇ قەيىسغە مۇندىن تەسەللى،
قىلىپ ئېردى خۇدا ئاندا تەجەللى.
يىگىتلەر هەر تەرەفدە زەۋق ئەيلەپ،
نەۋاۋۇ نەغمەۋۇ كۆپ شەۋق ئەيلەپ.
بارى ئەيلەپ شەرابى شەۋقدىن نۇش،
قەردلەرغە كىرەر ئېردى هەمە جۇش.
بۇ هالەتدىن هەمە هەيران ئېردى،
هەۋاۋۇ ئىشق باشدىن باشقە ئېردى.
كى گويا قەيىس بىر قىران ئېردى،
بۇ يەكلىغ ئەيىش ئىلە تۆرت ياشقە كىردى.

سورار ئېردى كىشىدىن ئىشق سۆزى،
.يانار ئېردى ئانىڭ شەمئى فىروزى.
كى ئاشىق ئىلىدىن هەردەم هىكايە.
مۇڭا بەختۇ، مۇهەببەت هەمچۇ دايە.
كېچە - كۈندۈز بۇ ئېردى فىكرۇ يادى،
قىلۇر ئېردى تەنەئئۇم بىرلە شادى.
شىئار ئېردى ئاڭا ئىشقى مۇهەببەت،
شىكار ئەيلەپ بەلاۋۇ رەنج - مىهنەت.
مۇهەببەتلىك كىشىلەرنى قاشىدىن،
يىراتماس ئېردى ئۆرۈلۈپ باشىدىن.
بۇ ئىشق ئەهلىغە ئېردى ئارزۇمەند،
قىلۇر ئېردى بۇ ئىشقە ئەۋج خۇرسەند.
سوراپ فەرهاد - شىرىندىن هىكايەت،
ئۇلار ئەۋسافىنى ئەيلەپ هىمايەت.
يەنە يۇسۇف - زىلەيخادىن سوراپ سۆز،
قىلىپ ئۇممان كەبى ئىككى قارا كۆز.
يەنە ۋامىق بىلە ئۇزرا ئىشنى،
كېچە - كۈندۈز ئۇلارنىڭ ئەندىشىنى.
بۇلار هالاتىغە هەسرەتلەر ئەيلەپ،
بۇ ئاشىق ئەهلىغە هەيرەتلەر ئەيلەپ.
بۇلاردىن ئەيلەبان هەر بىر نىشانى،
قىلىبان نالەۋۇ ئاهۇ فىغانى.
مۇنىڭ بۇ هالىغە خەلق ئېردى هەيران،
يۈرەك باغرى بارىنىڭ ئەزدى بەريان.
كى باردۇر ئىشق شەهرى ئىچرە بازار،
يىغلىغان ئېردى كۆپدىن - كۆپ خەرىدار.
خەرىدارى ئانىڭ بىسيارى ئېردى،
بۇ دۇنيادىن ئۇلار بىزار ئېردى.

## مەجنۇننى ئاتاسى مەكتەبغە بەرگەنى

بۇ ئەسنادا ئانى مەكتەبغە بەردى،
ئەلىفبەنى هەمە كۆڭلىگە تەردى.

ئۆتۈپ مۇندىن بۇ نەچە ئايۇكۈنلەر،
ئوقۇشدىن خالى بولماي تۈنۈكۈنلەر.

چۇنانچە زەۋقى بار ئېردى ئۇقۇشغە،
رەۋاسى يوق ئىدى ئويناپ كۈلۈشغە.
مۇنىڭكى ھەر تەرەف ئاۋازى كەتتى،
شەھەردىن شۇھرەتى سەھراغە كەتتى.
مۇنى ئىستەپ كېلۇر ئېردى كىشلەر،
تەمامى خەيلىدىن ئەركەك - تىشلەر.
بار ئېردى بىر بەنى ئۇزرا ئاتاسى،
ئاتاسى ئىچرە يوق ھەرگىز خەتاسى.
ئۇلۇغ ئېردى، ئانىڭ ئاتى سەراقە،
مۇنىڭ گۈلباغلارى كەتكەن يىراقە.
بەنى ئۇزرايىنىڭ سەردارى ئېردى،
ئۇلارنىڭ بارچەسى زەردارى ئېردى.
ئۆزى دانا كىشى ئېردى خىرەدمەند،
فۇنۇن بابىدا ئېردى ئول ھۇنەرمەند.
بارى تەدبىر ئىچرە ساھىبى راي،
ئۆزى ھەم ئالىمۇ قازىيۇ ھەم باي.
مۇنىڭ سۆزى ئىلىندە مۇھر تىللا،
بۇ قىلغان ئىش بۇزۇلماس ئېردى ئەسلا،
يوق ئېردى ھېچ مۇنىڭدەك ئالەم ئىچرە،
جىنۇ دىۋە، شەياتىن، ئادەم ئىچرە.
ۋۇجۇدىدىن ئانىڭ فەرزەندى بولماي،
كى فەرزەند يۈزىنى ئالەمدە كۆرمەي.
كى يەتكەن ئۆمرى ئانىڭ ئاخىرىغە،
مەلامەت كۆپ ئىدى بۇ قاسىرىغە.
تىلەكى كېچە - كۈندۈز دائىم ئېردى،
كۈنى روزە تۇتۇپ شەب قايىم ئېردى.

بۇ نۇئماندەك كىشى يوق ئېردى يانە،
يۈرۈپ ئالدىدا كۆپ ئادەم پىيادە.
مۇنىڭدا بار ئېردى كۆپ خەيرۇ ئېھسان،
مۇڭا ياتۇ ئۆز ئېردى بارچە يەكسان.
كېچە ئول تائەت ئەيلەپ ياتماس ئېردى،
يامان ئىشلارنى ھەرگىز قىلماس ئېردى.
كى ھەمسۇھبەت ئىدى ئالىملار بىرلە،
قەۋى دۇشمەن ئىدى زالىملار بىرلە.
خۇدا يادى بىلە كۆڭلىن قىلىپ شاد،
ئىشىدۇر ئاھ - زارۇ نالە - فەرياد.
سەئادەتمەند ئىدى ئول ياخشى كىردار،
شەرىئەت بۇيرۇغىن ئول قىلمايىن خار.
بۇ يىغلىغ ئۆمرىنى ئۆتكەرگەن ئېردى،
تەۋەككۇل بىرلە ئىش پۈتكەرگەن ئېردى.
ئانىڭ ياخشىلىقىن تەئرىنى قىلسە،
سىفاتىنى ئانىڭ تەۋسىف قىلسە،
بۇ سۆز بىسيار ئولۇپ بولغاي مەلامەت،
ئۇقۇغانلا تىلى بولغاي كەلالەت.
ئەگەر ئاقىل ئىسەلەر فەھم قىلغاي،
بۇ سۆزلەرگە گەھ ئاشىقلار قۇۋانغاي.
بۇ سۆزلەر دام بولغاي ئىشق سەيياد،
بۇ ئالەم ئىچرە بولغاي غەمدىن ئازاد.
ھەمە ئازادەلەر ئالغاي بۇ پەندىم،
يىگەيلەر نوقل، شەكەر بىرلە قەندىم.
قۇلاقىغە كىشكىم ئالسە بۇ پەند،
تەۋەككەل بىرلە ئەيلەي ئۆزنى خۇرسەند.

## تەمسىل ھىكايەت

دەيىن نەچە سۆزۈم بارئەي خىرەدمەند،
مۇنى ئالسە بولۇر ھەركىم ھۇنەرمەند.
كى ئەي فەرزەندى ئادەم زىكر قىلغىل،
كى ئەۋۋەل - ئاخىرىڭنى فىكر قىلغىل.
يوق ئېردى بۇ ۋۇجۇدۇڭدىن نىشانە،
كى قەترە نۇتفەدىن بولدۇڭ ئەيانە.

يەلۇ ئوت، ئاب، گىلدىندۇر ۋۇجۇدۇڭ،
ئېرۇر ئىككى كىشىدىندۇر ۋۇجۇدۇڭ.
سالىپ دېھقان تەھقىق ئول ئۇرۇغۇڭ،
ئانا قارنى ئىدى تۇرغان تۇرۇغۇڭ.
بىرى يولدىن ئىككى مەنزىلگە كەلدىڭ،
يوق ئېردى مەملەكەت مەھمىلگە كەلدىڭ.

ئاتاڭ بىرلە ئاناڭ دىۋانە ئىردى،
كى ئەسلىڭ نۇتفەۋۇ بىردانە ئىردى.
بولۇپ بىر نەچچە كۈن ئاندا مەكانىڭ،
سەدەفدە بولدى بۇ دۇرر مەئانىڭ.
فەرىشتەلەر سېنى تەربىيەت ئەيلەپ،
كى جان بىرلە ساڭا تەبئىيەت ئەيلەپ.
تۇشۇكدىن چىقتىڭۇ كىردىڭ بۆشۈككە،
يەنە كىرگۈڭ بۆشۈكدىن بىر تۇشۇككە.
بۇ ئالەم گۈلشەنىدە غۇنچە ئىردىڭ،
ھەلى مۇنچەسەن ئەۋۋەل قانچە ئىردىڭ.
ئەگەر ئۈمرۇڭ مىڭ ئولسە بىبەھادۇر،
بۇ تەندىن چىقسە جان بولغۇڭ بەلادۇر.
سېنىڭ ھۆسنۈڭ ئىرۇر بىر باغى گۈلزار،
بولۇرسەن نەچچە مۇددەتدىن كېيىن خار.
ئاتاڭ سالدى ئاناڭغە تۇخم نۇتفە،
ئانىڭدىن بولدى پەيدا نەچچە فىرقە.
نەچە كۈن سەبزە يەڭلىغ خوبۇ مەرغۇب،
بولۇپ ئالەم ئارا مەتلۇبى مەھبۇب.
ياتىبان تۇفراق ئاستىن ئاندا ئول خاك،
مۇرەببى بولدى ئاندا ئول زەمىنى خاك.
ئۆتۈپ بىر نەچچە كۈندىن غۇنچە بولدۇڭ،
جەھان ئىچرە كى گويا گۈلچە بولدۇڭ.
چۇ غۇنچە يېيىلىشىپ بىرچاك بولغۇڭ،
بولۇبان گۈل، توزۇبان خاك بولغۇڭ.
كى ئىرسەڭ لالەۋۇ گۈللەر بىلە باغ،
خەزان ئەتكەي سېنى پەيدا بولۇپ داغ.

ئەگەر كەلسە ئەجەل بادى خەزانەدەك،
گۈلى چېھرەڭ بولۇر بارى خەزانەدەك.
ئەگەر گۈل بولساڭ ھەم توزغۇڭۇ كەتكۈڭ،
ئەگەر ئوت بولساڭ ھەم ئۆچكۈڭۇ كەتكۈڭ.
بولۇرسەن بارى مەندىڭ يوقمۇ ئىردىڭ،
جەھاندا ئاچ مەندىڭ توقمۇ ئىردىڭ.
كى قالماس بۇ ۋۇجۇدۇڭدىن نىشانە،
قالۇر ياخشى ئىشىڭدىن بىر نىشانە.
پۇلۇ مالىڭدا تولسە بارچە ئالەم،
بولۇر بىر سائەت ئىچرە بارچە بەرھەم.
قىلۇرسەن ئۆتكەن ئىشقە كۆپ پۇشەيمان،
كى بەرمەس فائىدە مىڭ قىلغانىغە ئەفغان.
بىلىپ قىلغىل ئىشىڭنى ئەي دىلاۋەر،
كۈنى بولغاي ئاڭا ئاندىن دىلاسەر.
ساڭا نېچە كېرەك مۇنچە تەكەببۇر،
كى ئاللىڭدا ئىرۇر مۇنچە تەھەييۇر.
نەدەپ مۇنچە تەكەببۇرلار قىلۇرسەن،
بۇ ھالىڭغە تەسەۋۋۇرلار قىلۇرسەن.
بۇدۇر ئەھۋالىڭ، ئەي فەرزەندى ئادەم،
ۋەفا قىلماس ساڭا مەۋجۇد ئالەم.
ۋەفاسىز دۇنياغە بەرمە كۆزۈڭنى،
ياماندىن تىكمەگىل ھەرگىز كۆزۈڭنى.
سۇدىدىن بولغۇسى كۆپرەك زىيانى،
تولا ياخشىسىدىن بولغاي يامانى.

### ئەللاھ تەئالا خوجە نۇئمانغە فەرزەند بەرگەننى ئىشتىپ

#### خاجە سەراقە كەلگەنى

سەراقە كەلدى نۇئماننىڭ قاشىغە،
تۇتاشىپ ئوت ئاياغىسىدىن باشىغە.
كۆرۈشتىلەر ئىككەۋلەن يارۇ دىلدار،
ئەيتىشتىلەر بۇلار كۆپ سىررۇ ئەسرار.
قىلىپ ھەر نەۋئىدىن ھەرفى ھىكايەت،
ئاچىپ ھەر بابىدىن تۈرلۈك رىۋايەت.

سەراقە ئەيدىكىم: «ئەي خوجە نۇئمان،
بۇ كۈن بولدۇم سېنىڭ ئۆيۈڭدە مېھمان.
ئىشىتتىم كىم بىر ئوغلۇڭ بولغان ئىرمىش،
جەھانغە شۇئرەتى جىق تولغان ئىرمىش.
ماڭا قىلدىلار ئاندا ۋەسفى بىسيار،
ئانى كۆرمەككە بولدى بۇ كۆڭۈل زار.

جەھان ئىچرە بولۇپ ئىرمىش فەسانە،
جەممئى ياخشىلار ئىچرە يىگانە.
ئىشىتتىم ۋەسفىنى بولدىيۇ ئەرمان،
تەنىمدە قالمادى بىر زەررە دەرمان.
ئانى كۆرمەك ئەگەر بولسە مۇيەسسەر،
دىماغىم تازە بولغاي خۇش مۇئەتتەر.
قايان بارديۇ ئۇل قەيىسى دىلارا،
ئانى كۆرسەم ماڭا بولسا دىلاسا.
ئانىڭ ۋەسفىدە جانىمنى ئاۋۇتسام،
بۇ كۆڭلۇمدەكى ئوتلارنى ساۋۇتسام.
بۇ كۆڭلۈم غۇنچەسى ھەردەم ئاچارمەن،
كۆزۈمدىن دۇر ئىلە مەرجان ساچارمەن.»
دېدى نۇئمانكى: «ئەي جانىم بەرادەر،
فىدا ئەيلەيكى مەن ھەم جان ئىلە زەر.
بالام زەۋقى ئېرۇر كۆڭلۈم كەلامى،
ئاڭا مەكتەب ئېرۇر بۇ فەتھ بابى،
كى تۇرفە زەۋقى باردۇر بۇ ئوقۇشقە،
مۇئەللىمدە رىزا يوقتۇر سوقۇشقە.
بولۇپ كۆڭلى ئانىڭ مەكتەبدە رەۋشەن.
ئېرۇر مەكتەب ئاڭا چۇن باغى گۇلشەن.
مېنىڭ ھەم بۇ كۆزۈم ئىچرە قاراغىم،
جەھان ئىچرە ئېرۇر خاتىر فەراغىم.
كۆيەر جانىم ئەگەر ئايرىلسە بىردەم،
ئېرۇر ئۇل مۇنىسى جانىمغە ھەمدەم.
مېنىڭ ئالدىمدا ئۇل جاندىن ئەزىزدۇر،
جەھاننىڭ ياخشى شاھى باتەمىزدۇر.
خۇيىنىڭ ياخشىسى رىزۋاندىن ئارتۇق،
قەدىنىڭ ياخشىسى تۇبىدىن ئارتۇق.
كۆزىنىڭ تەرزىدۇر ئاھۇيى مۇشكىن،
فەقىر [لىق] بابىدا ئابدالۇ مىسكىن.»

ئۆزى بۇ سۆز ئارا بىر قۇل بۇيۇردى،
ئانى سۇرئەت بىلەن يولغە بۇيۇردى.
بارىبان قەيىسنى يەتكۇردى دەرھال،
كۆرۈپ بولدى سەراقە كۆڭلى خۇشھال.
قۇچاقىغە ئالىپ يۈزىگە سۆيدى،
بۇ قەيىس ئۇچۇن يۈرەكۇ باغرى كۆيدى،
دېدىكىم: «ئەي بالام، جانۇ جەھانىم،
فىدا ئەيلەي ساڭا رۇھى رەۋانىم.
ماڭا [ھەم] سەن كەبى بەرگەيمۇ جەببار،
تىلەكىم مۇستەجاب ئەتكەيمۇ سەتتار.
سېنىڭدەك بىر بالاغە ئارزۇمەند،
كى ئەقلۇ ھۇش ھەم بولسە خىرەدمەند.»
ئايتتى خۇجە نۇئمانغە: «بەرادەر،
ماڭا سەن بولغىل ئەمدى يارۇ ياۋەر.
كى مەندە يوقتۇرۇر بىر جان پەيۋەند،
مۇڭۇم يوقتۇر مېنىڭ ھەم غەير فەرزەند.
ئۇشول شەيخ ھەزرەتىغە مېنى ئىلتساڭ،
مېنىڭ ھەم ئەرز ئەھۋالىم ئايتساڭ.
ماڭا شايەدكى قىلسە بىر دۇئايى،
بۇ ئالەم ئىچرە مەن تاپسام نەۋائى».
قەبۇل ئەتتى بۇ سۆزنى خوجە نۇئمان:
«قىلايىن مەن سېنىڭ دەردىڭگە دەرمان.
سېنىڭ بىرلە ئىكەۋ بىلە بارالى،
نەيەردە سەن تۇرار بولساڭ تۇرالى».
ئۇشول كۈن جۇمئە ئېردى ئىككى دىلخاھ،
بولۇپ ئاي بىرلە كۈن گوياكى ھەمراھ.
بۇلار خۇشھالۇ خۇررەم يولغە كىردى،
كى سەرسەر بادىدەك ئاتلار كېتۇردى.
يۈرۈپ سۇرئەت بىلە دەشتۇ بەيابان،
كىرىپ يولغە كېزىپ چۆللەر ـ بەيابان.

**خوجە نۇئمان بىلە خوجە سەراقە نەزرى نىياز ئالىپ بارىپ شەيخدىن فەرزەند تىلەگەنى**

يېتىبان شەيخنىڭ مەنزىلگەھىغە،
سەراقە كۆردىكىم بىر مۇرغىزارى،
كى گويا يەتتىلەر سەرۋ شەھىغە.
تۇشۇپدۇر چەۋرەسىگە كوھسارى.

يىدى جەننەت يىدىدەك خۇش مۇئەتتەر،
بارى گۇل، سۇنبۇلۇ هەم دۇد ئەهمەر.
بار ئىردى ئاندا كۆپ قۇمرىيۇ بۇلبۇل،
گۇلىستاندا قىلىپ فەريادۇ غۇلغۇل.
كى بىر چەشمە بار ئىردى سۇيى كەۋسەر،
ياتار ئىردى تۇمەن دۇر ئىلە گەۋهەر.
ساۋۇق مۇزدىن ئىدى تاتلىغ ئەسەلدىن،
چىقىپ ئىچكەن كىشى تۇرلۇك ئەسەلدىن.
بار ئىردى ماه يانى پۇر ئەجايىب،
بۇلەك تەرزى، بۇلەك رەڭگى غەرايىب.
بۇ چەشمە باشىدا بىر تۇپ دەرەختى،
تۇبىدە ئولتۇرۇپ بىر نىك بەختى.
تۇشۇپ ئاتدىن كېلىپ قىلدىلار تەئزىم،
قىلىپ هەم شەيخ بۇلارغە تۇرفە تەكلىم.
نەۋازىش قىلدى هەر بىرنى بۇ ئۇچ پىر،
كېڭەشتىلەر بۇلار كۆپ رايى تەدبىر.
ئاغىرلادى بۇلارنى شەيخ دانا،
چۇنان مەجلىس قىلىبان هەمچۇ بەرنا.
بۇلارنىڭ بار ئىدى نەزرى نىيازى،
ئانى ئۆتكەردىلەر بۇ ئىككى غازى.
بۇلاردىن شەيخ بولدى تۇرفە خۇشهال،
قولىن ئاچتى دۇئا قىلدى بولۇپ لال.
مۇهەييا بار ئىدى تۇرفە تەئامى،
قىلىبان گۇل شەراب ئەيلەپ كەلامى.
يىغىپ سۇفرە سورادى خۇجەلاردىن:
«نەهاجەتكە كېلىپسىز ئانچە يەردىن؟»
جەۋاپ ئەتتى سەراقە: «ئەي تەلەبكار،
بولۇپ فەرزەند ئۇچۇن دا[غى] جىگەرخار.
مېنى فەزەند غەمى ئەيلەپ جىگەر رىش،
ئۇرار ئىردىم يۇرەككە رىش ئۆزە رىش.
غەمىم يوقتۇر غەمى فەرزەندىدىن ئۆزگە،
كەمىم يوقتۇركى جان پەيۋەندىدىن ئۆزگە.
هەياتىم باغىدە يوقتۇر بۇ مىيۋە،
گەهى نەزرى قىلىپ هەلۋاۋۇ شىيۋە.
كى هەقدىن كۆپ دۇرۇر ئىرسە تىلەكىم،
كى بىر فەرزەند بەرسە تۇتسە بىلەكىم.
ئوغۇل يا قىز ئۇچۇن بولدۇم بەسى زار،
بۇ غەم ئىچرە كىشى يوق بولسە غەمخار.
تۇشەر دائىم يۇرەككە داغ ئۆزە داغ،
سەقەردۇر كۆڭلۇمە بۇ گۇلشەنى باغ.
كىشى يوقتۇر مېنىڭ سىررىمغە مەهرەم،
جەراهەت دەردىگە ئول قىلسە مەرهەم.
ئىشىتىپ مەن سېنىڭ ۋەسفىڭنى بىسيار،
ۋىسالىڭغە بولۇبدۇرمەن تەلەبكار.
خەيالىم باركى بىر كەلسەم قاشىڭغە،
دىلۇ جاننى نىسار ئەتسەم باشىڭغە.
ماڭا شايەدكى بىر قىلساڭ دۇئايى،
بۇ كۆڭلۇم دەردىگە تاپسام دەۋايى.
بۇ جانىم بۇلبۇلى خۇشهال بولغاي،
گەدا گويياكى مالامال بولغاي.
كى گويا سۇ كېلۇر قالغان ئارىقغە،
بولۇر راهەت هەمە كۆيگەن تەرىقغە.
مۇنىڭدىن راهەت ئالغاي بۇ تەنۇ جان،
كى تازە بولغۇسىدۇر باشدىن ئىمان.
بۇ يەڭلىغ كۇن ماڭا بولسە مۇيەسسەر،
تەنۇ جانىم، دىلىم بولغاي مۇنەۋۋەر.
ساڭا قىلدىم بارى سىررىمنى مەئلۇم،
دۇئا قىلغىل مېنى ياندۇرمە مەهرۇم.»

**خوجە سەراقەنىڭ هەققىدە شەيخ مۇناجات قىلىپ دۇئا قىلغانلارى**

قەبۇل ئەتتى سەراقەنىڭ سۆزىنى،
قولىن ئاچىپ يۇمۇپ ئىككى كۆزىنى.
باشىدىن ئول زەمان دەستارىن ئالدى،
رىداسىنى ئالىپ بوينىغە سالدى.

www.uyghurkitap.com

كى مەشغۇل ئەيلەدى ئۆزنى دۇئاغە،
كۆڭۈلنى باغلادى ئولدەم خۇداغە.
دېدىكىم: «ئەي ئۇغانىم، بىرۇ بارىم،
كى مەقبۇل ئەيلەگىل بۇ كارۇ بارىم.
كى ئەي رەھمانسەنۇ جەببارۇ ئەئزەم،

كى فەرزەند بەرگىلۇ ئول بولسۇن ھەمدەم.
كىم ئەي سۇلتانسەنۇ ھەننانۇ مەننان،
ئانى قىل ئالەم ئىچرە شاھى دەۋران.
كىم ئەي مۇئتى سەن ھەم ھەييى قەييۇم،
ئانىڭ سىررى ساڭادۇر بارچە مەئلۇم.



ۋەلي نېئمەتلەرىڭ قىلغىل ئاڭا باز،
كى فەرزەندى بىلە بولسۇن سەرەفراز.
تىلەكلەرنى ئىجابەت قىل ئىلاھى،
سۇ ئىچسۇن رەھمەتىڭ بىرلە گىياھى.

ياراتقان مەۋزەئىغە خۇشە بەرگىل،
ئاڭا ئالەم ئارا ئەڭ خوشە بەرگىل.
مۇرادى بەرمەسەڭ بەرگۇچىسى يوق،
ئانىڭ ئەسرارىنى بىلگۇچىسى يوق.

www.uyghurkitap.com

يەنە سەندىن بۆلەك يوقتۇر پەناھى،
كى بولغاي تا ئاڭا بىر تەكيەگاھى.
جەھان ئىچرە ئاڭا فەرزەند بەرگىل،
تەنى مەھزۇنغە جان پەيۋەند بەرگىل.
دۇئالارنى ئىجابەت قىل ئىلاھى،
ئېرۇرسەن بارچەنىڭ پۇشتى پەناھى.
ياراتتى قۇدرەتىڭ بۇ مۇنچە پەيۋەند،
سەراقەغە نە بولغاي بەرسە فەرزەند.
ئېرۇرسەن رازىقۇ خەللاقى ئالەم،
ياراتتىڭ مۇرۇ مورۇ بارچە ئادەم.
ئېرۇرسەن بارچە ئالەمنىڭ پەناھى،»
سەراقەنىڭ ئۆتتۈپ ھەددىن فىغانى.
ئۇشول ھەيندە قۇلاقىغە بىر ئىلھام،
سەراقەنىڭ مۇرادىن بەردى ئەللام.
بۇ شەيخقە ھال ئولۇپ ئەللاھۇ ئەكبەر،
تەمام ئەتتى دۇئا ۋەللاھۇ ئەكبەر.

## شەيخنىڭ دۇئاسى تەمام بولۇپ مۇستەجاب بولغانى

ئەدا قىلدى دۇئاسىن شەيخى زاھىد،
سەراقەغە دېدى: «ئەي مەردى سائىد».
دېدىكىم: «ئەي سەراقە مەن ئىشارەت.
ساڭا ھەقدىن بولۇپ ياخشى بىشارەت.
مۇرادىڭ ھەق سارىدىن تاپتىڭ، ئەي شاھ،
بېرۇر بولدى ساڭا فەرزەند چۇن ماھ.
ساڭا ئاندا بولغاي جان پەيۋەند،
ئەنىڭدە ئەيلەگىل كۆڭلۈڭنى خۇرسەند.
ئەلا ئەي خۇجەئى فەرخۇندە ئەھۋال،
غەمى فەرزەند ئىلە كۆپ بولما بەدھال.
گەھ ئۆتتۈپ دائىما كۆڭلۈڭنى ساۋۇت.
فىراقىڭنى ئانىڭ شەۋقىدە ياۋۇت.
مۇيەسسەر بولغۇسى فەرزەند فىرۇز،
بولۇر ئالەم ئارا شەمئى دىل ئەفرۇز.
بولۇر دىۋانەئى جانباز شەيدا،
بۇ ئالەم ئىچرە بولغاي تاق يەكتا.
بۇ ئالەم ئىچرە ئول خۇرشىد يەڭلىغ،
جەھان ئەھلى ئارا جەمشىد يەڭلىغ.
ئاڭا شەھلەر نىسار ئەتكەيلەر جانىن،
فىدا قىلغايلىكى كۆڭلىن بىرلە مالىن.
بولۇر ئىشق ئەھلىنىڭ جانىغە جانان،
ئاڭا قىلغاي ئۇلار جاننى قۇربان.
مۇيەسسەر بولسە گەر مۇنداغ دىلارام،
بەئۇنى نۇسرەتى فەتتاھى ئەللام.
كى ياخشى ئاسراغىل دۇردانە يەڭلىغ،
سۆزىنى قويماغىل بىگانە يەڭلىغ.
ئاتىنى قويغاسەن لەيلى جەھاندا،
كى ئاتى ئۆچمەگەي ئاخىر زەماندا.
ئانىڭ كۆڭلىنى سەن ئاغرىتمە زىنھار،
سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ھەم ئاغرىتقۇچى بار».
سەراقە شەيخ سۆزىگە ئىناندى،
تىلەپ رۇخسەت بىلە ئۆيىگە ياندى.
بۇ خوجە يولغە كىردى ئەيلەبان ئەزم،
دېدى: «فەرزەند تاپسام ئەيلەرەم بەزم».

## ئاللاھ تەئالا خوجە سەراقەغە فەرزەند بەرگەنى

سەراقە دېدى كۆچىكە: «خوجەستە،
بارى غەم - غۇسسەدىن بولدۇق كۇشەستە.
بارىپ ئول شەيخقە ئەيدىم سەنالار،
مېنىڭ ھەققىمدە ئول قىلدى دۇئالار.
بولۇپدۇر شەيخقە ھەقدىن بىشارەت،
بىشارەتنى ماڭا قىلدى ئىشارەت.
قىلالى تەڭرىگە نەزرى - چىراغى،
بۇ مەھزۇن كۆڭلۈمىز تاپسا فەراغى».

تەسەددۇقلار قىلىپ خەيراتۇ ئىھسان،
قىلىپ ئاشۇ مەئاش ئەلۋانۇ ئەلۋان.
كى ئاچۇ مۇفلىسۇ قەللاجلارنى،
گەداۋۇ مىسكىنۇ مۇھتاجلارنى.
يەتىمۇ قەرزدارۇ بىنەۋالار،
كى ئاجىز، نامۇرادۇ مۇبتەلالار،
يەتىمۇ تۇل خوتۇنۇ بىيۋەلەرنى،
كۇشىش ئەيلەپ كى تاپتى بىيۋەلەرنى.
بۇلارغە قىلدى كۆپ ئىنئامۇ-ئىھسان،
بۇلار ھەم بولدىلار خۇشھالۇ خەندان.
نىسار ئەتتى زەرۇ زىۋەرنى بىسيار،
بۇ بائىسدىن ئاڭا بولدى خۇدا يار.
سەراقەنىڭ كۆچى كۆرمەدى ھەيزلار،
ئۆتۈپ ئىردى بۇ يەڭلىغ ئايۇ يىللار.
ئانىڭ بۇ دەردىگە دەرمان يوق ئىردى،
كۆمۈلگەن چەشمەسىگە كۆز يوق ئىردى.
ئاچىلدى كاندىن لەئلى بەدەخشان،
ئۆز ئالدىدا بولۇپ ماھى دۇرەخشان.
كۆمۈلگەن چەشمەسى گويا ئاچىلدى،
كۇلاھىغە يەراشالار ساچىلدى.
بۇ ئىشدىن بولدى بىھەد شادمانلار،
ئۆلۈك تاپتىكى گويا تازە جانلار.
بىلىندۇردى سەراقەغە ھەم ئولدەم،
چىراكى ئول ئىدى سىررىغە مەھرەم.
سەراقە ھەم بولۇپ خۇشھالۇ خەندان،
كى چەندان ئەيلەدى جانىنى قۇربان.
دېدىكىم: «بار ئىدى مۇنداق تىلەكىم،
خۇدا يارىم بولۇپ تۇتتى بىلەكىم.
كىشكىم تالىب ئىرسە ھەق سارىدىن،
ئىسە سابىت قەدەم تاپقاي سارىدىن.
تىلەكىم ھەرنە بولسە ئانى بولغاي،
مۇھەببەتنى خۇدا كۆڭلىگە سالغاي.»
كى بۇ خۇشھاللىق كەلدى ئۆزىگە،
سۆيەر ئىردى يۈزىگە ھەم كۆزىگە.
دېدى: «ئەي جان-جانىم كەلگىل ئەمدى،
مېنىڭ دەردىمگە بىر دەرمان قىل ئەمدى.»
سەراقە تالىبى سابىت قەدەمنى،
ئۆزىگە تاپغۇسى يارۇ نەدەمنى.
«ئۆزۈڭگە ئەيلەگىل كۆپ دادۇ دەرمان،
ئەگەر فەرزەند تاپساق قالماس ئارمان.
كى شايەد سۇ كېلۇر قالغان ئارىقغە،
ئارام بولغاي كۆيۈپ قالغان تارىقغە،
بۇ يەڭلىغ كۈن ماڭا بولسە مۇيەسسەر،
كى بولغاي جانۇ تەن بىرلە مۇئەتتەر».
خۇجەستە ھەم ئۆزىگە قىلدى پەرۋا،
كى بىر زاغ ئىردى بۇلبۇل بولدى گويا.
يۈزىنى يۇپ تاراپ پاكىزە قىلدى،
ياساپ، تۈزۈپ ئۆيىن تەرزىدە قىلدى.
سەراقە ئىردى بۇ ئىشدىن بەسى شاد،
كى گويا پاھىشەدىن تاپتى بەرباد.
خۇدا بەرسە مۇرادىنى كىشىنىڭ،
ئادا بولغاي ئىشى ئەركەك تىشىنىڭ.
خۇجەستە ھۇجرەسىن قىلدى مۇئەتتەر،
سالىبان سۇنبۇلۇ، گۇل، ئۇدۇ ئەنبەر.
شەرابى ئەرغەۋانلار كەتۈردى،
سەراقەغە تۇتۇپ ئولدەم ئىچۈردى.
ئاچىلدى غۇنچەسىيۇ بولدى لالە،
چۇكافىر باشىغە گوياكى ژالە.
دۇكانى ساق ئىدى بىر-بىر بۇزۇلدى،
كى پەرۋا ئەيلەبان ئاخىر تۇتۇلدى.
كى زەرگەرلىك دۇكان ئىردى دۇكانى،
كى گويا ئىردى ئولدەم لەئل كانى.
سەراقەنى خۇجەستە ئەيلەدى مەست،
ئالىندا قويدى ئوقۇ يا بىلە شەست.
دېدىكىم: «ئەي سەراقە ئات ئوقۇڭنى،
نىساردىن قىل ماڭا بارۇ يوقۇڭنى».
سالىپ زىباۋۇ ئەتلەس كۆرفە قالىن،
قويۇپ بوغجامەئى مىسرىدا قالىن.
ئەدا بولدى خۇجەستە كىر بۇيىدىن،
مۇئەتتەر جان دىماغى پۇر بۇيىدىن.

www.uyghurkitap.com



سەراقە ساغداقدىن رۇم ياسى،
قويۇپ تا سۇلبەسىغە ئوق پاسى.
سەراقە قويدى تاقىنى نىشانە،
بىرئوقكىم ئاتتى جان بىرلە نىشانە.
بۇ ئاتغان ئوق بارىپ تەگدى ھەدەفكە،
خۇجەستە ئالدى بارىنى سەدەفكە.
خوشور قانىپ بۇلار بولدىلارۇ شاد،
كى گويا شىرزاددىن تاپتى گۇلشاد.
بىھىشتىلەر كەبى تاپتىلار ئارام،
قىلدىبان ھەق بۇلارغە ياخشى ئىنئام.
بويىدا قالغانىن ئولدەم بىلىندى،
خۇجەستە باشدىن قىزدەك قىلىندى،
سەئادەت يار بولدى ياخشى ياۋەر،
كى زۇھرە مۇشتەرىگە بولدى ياۋەر.
كى گويا ئايۇ كۈن بولدىلار ھەمراھ،
كى قەللاج ئېردىلار بولدىيۇ بىر شاھ.

بۇلار خۇشھال بولۇپ سىغماي تەنگە،
كىرىپ بىر-بىرىنىڭ جانۇ تەنگە.
مۇنىڭ بىرلە نەچە ئاي-كۈنلەر ئۆتتى،
كى نەچە فەند نەچە كۈنلەر ئۆتتى.
خۇ جەستەنىڭ ھەم ئاي-كۈنى توشتى،
قارىن-قۇرساقى كۆپ ئاغىرى بولدى.
سەراقەغە مۇنى ئول قىلدى مەئلۇم،
تۇغۇتغە ئولتۇرۇپ ئول ياخشى مەزلۇم.
ئۇ بىر تۇغماس ئىدى بولدى تۇغۇشلۇق،
كى ئەر-خاتۇنغا بولدى ئانچە خۇشلۇق.
ئەگەر بولسە بىرەر تولغاق پەيدا،
سەراقە بولۇبان جان بىرلە شەيدا.
چۇ غۇنچە يېرىلىشىپ گۇلدەك ئاچىلدى،
گۇلابى تەر ھەممە يەرگە ساچىلدى.
ھەمە بۇ دايەلەر خۇشھال بولدى،
يۈكدىن بۇ جۇدا دەرھال بولدى.

## لەيلىنىڭ ۋۇجۇدغە كەلگەنى

سەدەفدىن چىقتى گويا بىر شەب ئەفرۇز،
سەراقە بولدى خۇشھالۇ دىل ئەفرۇز.
بۇ كاندىن چىقتى بىر لەئل دىلارا،
ئەرەب خەيلى ئارا بولدى دىلاسا.
گەھى ھەم ئەبردىن چىقتى تولۇن ئاي،
كى يا بۇلبۇل ئېرۇر قۇمرى شەكەر خاي.
چىقىپ بۇ نافەدىن بىر مۇشك خۇشبۇي،
قەفەسدىن چىقتى يا تۇتىيۇ خۇشگۇي.
خەزىنە ئىچرە ياتقان گەۋھەر ئېردى،
ۋەيا يانىغە بىر دۇر جەۋھەر ئېردى.
تۇلۇئ ئەتتىكى يا بىر ئافتابى،
شەرابى ناب ئۆزرە بىر سەھابى.
كى ئوردادىن چىقىپ بىر شاھى دەۋران،
ۋە يا ھەم تۇغدى ئول بىر ماھى تابان.
مۇنىڭدەك ياخشى بىر كۈن، سائەت ئىچرە،
تۇغۇپدۇر سەئد كەۋكەب تالىئ ئىچرە.
كېلىپ بۇ دايەلەر كۆردىلەر قىزدۇر،

بۇ ئالەم ئىچرە شاھى باتەمىزدۇر.
نە كۆردىلەركى بىر زۇھرەئى چىنى،
بارى قىز ھەلقەسىدۇر، ئول نىگىنى.
كۆزى زۇھرە كەبى، يۈز رەڭگى لالە،
قىلۇرلەر جەمئى بۇلبۇللار نەۋالە.
سەراقەغە بولۇبان ئىككى شادى،
دىماغىغە تىگىپ نەۋرۇز بادى.
كى نازۇ نېئمەتىن ئەيلەپ فەراۋان،
قىلىپ شۇكرانەسىگە تۈرلۈك ئەلۋان.
نىيازۇ نەزرلەر بىسيار قىلدى،
ھەمە ئەغيارلارنى يار قىلدى.
ئاچىپ سالدى بارى تۈرلۈك خىراجىن،
كى خەيرات ئەيلەدى بارچە مەتائىن.
فەقىرۇ مىسكىنۇ مۇھتاجلارنى،
گەداۋۇ مۇفلىسۇ قەللاجلارنى.
بارىغە ئەيلەدى خەيراتۇ ئېھسان،
بۇلار ھەم بولدىلەر خۇشھالۇ خەندان.

## سەراقە فەرزەندىنىڭ ھەققىدە ئاش قىلىپ بەرگەنى

ئەرەب ئىچرە بارى مىرزادەلەرنى،
يىغىبان خوجە، خاجەزادەلەرنى.
يىغىپ قازىيۇ مۇفتى بايلارىنى،
كۇشىش ئەيلەپ كى تىيۋە تايلارىنى.
يەنە يىغدى قىرىيۇ - دەللەلەرنى،
كىرىپ - چىققاندا بۇزغان پەللەلەرنى.
كىلىبان تۇرفە بۇ رەئنا جەۋانلار،
ئۆلۈكلەر كۆرسە تاپغاي تازە جانلار.
كۆزى كەۋكەبىدىن قىزلار يىغىلدى،
ئانى كۆرگەن يىگىتلەر زەۋق قىلدى.
بارى سەۋداگەرۇ كاسىبلارىنى،
مۇنەججىم، شائىرۇ كاتىبلارىنى.
كىيىبان خۇسرەۋانە تاجۇ خىلئەت،
كۆرۈبان بىر - بىرىگە ماھى تەلئەت.
كى بەئزى ئىردىلەر خۇش تۇتى گۇفتار،
چۇنانچە بەئزەسىدۇر ئاھۇ رەفتار.
ياسانغان ئىردىلەر تاۋۇس يەڭلىغ،
ئۆز ئالدىغا بولۇپ كاۋۇس يەڭلىغ.
بار ئىردى ئاندا كۆپ ئاھۇيى مۇشكىن،
بۇيىدىن جان تاپار ئابدالۇ مىسكىن.
كى گويا قىزلارى ھۇرى بىھىشتى،
ئۇلار ئىردى بۇ سۇرەت سەرنەۋىشتى.
بار ئىردى ھافىزانى، خۇش نەۋالار،
بۇلارغە ئەيلەبان بۇلبۇل نەۋالار.
بۇلار ھەم ئەيلەبان قالۇن ئىلە چەڭ،
قىلىبان ئۇدۇ بەربەت بىرلە ئاھەڭ.
بەناگاھ ئەيلەسە ئاھەڭگى تەرتىب،
كى ئەيلەر ئىردىلەر بىر - بىرنى تەرغىب.
شەرابى شەۋق ئىچىپ بىر جۇرئەئى نۇش،
قارىلارغە كىرەر ئىردى ھەمە جۇش.
ھەمە ئۇرغۇش قىلۇر ئىردى قارىلار،
كى رەققاسلىق قىلۇر ئىردى پەرىلار.
بەش - ئۇنى بىر بولۇپ ھەڭگامە ئەيلەپ،
ھەمە ئاۋازەۋۇ ئىھتىمامە ئەيلەپ.
يىگىتلەرنىكى ئانداغ جىلۋە بىرلە،
كى ئوينىشىپ - كۈلۈشۈپ زەۋق بىرلە.
يىگىتلەرنى سالىپ نەۋبەتلەرىدە،
بۇلار ھەم ئوينابان رىغبەتلەرىدە.
ھەمە بىر - بىرىگە دەمساز بولدى،
بىھىشتلەر كەبى ھەمراز بولدى.
سەراقە ئۆيى پۇر قىلدى پەرىنى،
بۇ ھەم يىغقان ئىدى بارى بەرىنى.
تولاسى ئىردىيۇ ھەم نەقلى مەجلىس،
نىسار ئەيلەپ جانىن قەللاجۇ مۇفلىس،
بۇلارگە ماھەزەرلەر قىلدى تەييار،
بۇ خەلق ئىچرە ئىدى ئول بايۇ زەردار.
تەئام ئەيلەپ نەچە تۇرلۇك فەراۋان،
بۇ ئەلنىڭ بارچەسىنى قىلدى مىھمان.
تولاسىغە سەرۇپايى شەھانە،
كى قىلماي ھىچ فەرۋا ئول بەھانە.
نىسار ئەيلەپ بۇلارغە دۇررۇ جەۋھەر،
فىدا ئەيلەپ بۇلارغە دۇررۇ گەۋھەر.
سەراقەنىڭ بار ئىردى قىرىق خەزىنە،
بۇلارغە خەرج قىلدى ئول خەزىنە.
ئەرەبلەر بولدىلار خۇشھالۇ خۇررەم،
بارى بولدىيۇ مىلك سىررىغە مەھرەم.
بۇ يەڭلىغ ئەيلەدى ئون كىيچە - كۈن توي،
سالىبان مۇشك، ئەنبەر، ئۇد ئىلە بۇي.
پەرى بىرلە مەلەك دەمساز بولدى،
بىرى - بىرگە ئۇلار ھەمراز بولدى.
بۇلارنىڭ مەجلىسى ئاخىرغە يەتتى،
كى بەئزەسى قوپۇپ ئۆيىگە كەتتى.
قىلىبان بەئزەسى نەغمە - نەۋالار،
نەۋالار تاپتى ئىرسە بىنەۋالار.
يىگى باشدىن يەنە توي قىلدى ئاغاز،
بۇ قالغانلار ھەمە بولدىلار ھەمراز.

www.uyghurkitap.com

باز ئەيلەپ بىر ـ بىرىنى ئالدار ئىردى،
تۇتۇپ قولىدىن بارى تارتارلار ئىردى.
جەفالار قىلغۇچى جانغە بەلالار،
ھەمە گۇلچېھرەۋۇ كۆزى ئالالار.
كى بەئزى بەئزىنىڭ سۆزىگە مەغرۇر،
كى گاھى گاھىنىڭ كۆڭلىدە مەھجۇر.
بۇ يەڭلىغ نەچچە كۆڭلەر تويلار ئۆتتى،
جەۋان ئۆچۈن يىگىت خۇنابە يۇتتى.
سەراقە قىلدى مېھماندارلىق ئىتمام،
ئۆزادى بارچەسى ھەم خاس ئىلە ئام.

## خوجە سەراقە فەرزەندىگە «لەيلى» ئات قويغانى

سەراقەنىڭ بار ئىردى تورفە مەيلى،
ئاڭا دىلخاھ ئىلە ئات قويدى «لەيلى».
ئاڭا تەئيىن ئەيلەپ دايە دىلخاھ،
بەنىلەر ئىچرە ئىردى لەيلى بىر شاھ.
سەراقە تاپتى ئىرسە ياخشى فەرزەند،
مۇرادۇ مەقسەدىغە بولدى پەيۋەند.
كىچە ـ كۈندۈز ئىشى فەرزەندى بىرلە،
شەكەر خوپ مېۋەسى دىلبەندى بىرلە.
قولىدىن بىر زەمانى يەرگە سالماي،
ئانىڭدىن ئۆزگە نەرسە قولغە ئالماي.
بۇ فەرزەند بىرلە كۆڭلىنى ئاۋۇتۇپ،
يورۇپ قوللار يىراقىنى ياۋۇتۇپ.
مۇنىڭ فەرزەندىدىن ئۆزگە كەمى يوق ئىردى،
ئانىڭدىن ئۆزگە ھىچ غەمى يوق ئىردى.
كى ئەمدى بولدى بارچە غەمدىن ئازاد،
كى گويا شىرزاد تاپتىيۇ گۇلشاد.
خۇدا بەردى ئاڭا بىر ياخشى قىزنى،
جەھان ئىچرە كى شاھى باتەمىزنى.
ئانىڭ ھەققىدە كۆپ نەزرى چىراغى،
فىدا ئەيلەر ئىدى كۆزىنىڭ قاراغى.
گەھى ئۆلتۈرۈبان قوي ـ تىيۋەلەرنى،
قىلىبان ئاش بېرىپ تول ـ بىۋەلەرنى.
سەبىل ئەتمەككە ئەرزىر مال ھەم جان،
تەسەددۇق ئەيلەبان بىر كۆڭلىدە مىڭ نان.
كۆرە كەلگەي ئىدى تۆرلۈك ئەرەبلەر،
كېلىپ ئەيلەپ تەماشاۋۇ تەرەبلەر.
ئانىڭ ئۆچۈن بۆلەك چادىر، بۆلەك ئۆي،
كى ئايرىپ بەردىيۇ ئات تيۋەۋۇ قوي.
بۇ لەيلىدە كۆپ بار ئىردى نىشانە،
ئوقۇغە بولغۇسى جانلار نىشانە.
جەھان ئىچرە بولۇپ شاھى يىگانە،
كى مەشغۇل ئەيلەبان ئۆزىن دۇئاغە.

## لەيلىگە ئاناسى تەربىيەت قىلغانى

ئاناسى لەيلىگە تەربىيەت ئەيلەپ،
كى جان بىرلە ئانى تەربىيەت ئەيلەپ.
بولۇپ تىكەندە پەيدا شەھدۇ شەككەر،
كەمى زەھرە ئىدى ئول تاپتى شەككەر.
تىكەنىنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان گۇل،
گۇلىدىن بەھر ئالغان قۇمرى، بۇلبۇل.
كى قەيىس ھىممەت قىلىپ ئالسە بۇ گۇلنى،
كى ھاسىل قىلغاسەن گۇل ئۆزرە گۇلنى.
كىمى ھىممەت قىلىپ ئىچسە بۇ مەيدىن،
تەماشا قىلغۇسىدۇر رۇمۇ رەيدىن.
كەمى ۋەھدەت مەيدىن ئىچسە بىردەم،
خۇدا يادى بىلە بولغاي دەمادەم.
بارى ئالەم ئاڭا بولغاي ھۇۋەيدا،
ھەمە مەۋجۇدلارى بولغۇسى شەيدا.
بۇ جۇملە ئالەم ئۆزرە شاھ بولغاي،
بارى مەخلۇقلاغە دىلخاھ بولغاي.

سۇلەيماندەك بارى ئالەمنى باشلار،
خۇدادىن ئۆزگەدىن كېڭەشنى تاشلار،
ئۇ گۇل بۇرجى ئېرۇر جاندۇر بەهاسى،
ئانىڭ ئۇچۇن ئېرۇر بۇلبۇل نەۋاسى.
بولۇر رۇستەم كەبى ئولدۇر تەۋانا،
ئاڭا دەسگىر بولۇر هەيىى تەۋانا.
شەهى ئالەم بولۇر ساهىبقىرانى،
كى سەڭ پارە ئېرۇر لەئل يامانى.

ئاڭا چاكار بولۇرلار غەير ئىلە جاه،
كېتەر ۋەسفى ئانىڭ ئەزماه تاماه.
ئاڭا فەتهى زەفەر بىسيار بولغاي،
بارى مەۋجۇد ئاڭا بەرگار بولغاي.
تىكەنىنىڭ دەردىنى تارتقان كىشىنى،
كۆرۈڭ ئاخىر نە بولدى سەر نەشىنى.
كۆڭۇل جان بىرلە بەرسە ئەرزىمەسمۇ،
زەهەردىن قەن بىلەن شەككەر يىمەسمۇ.

## لەيلىنىڭ كۆڭلىگە مەجنۇنىنىڭ مۇهەببەتى تۈشكەنى

بۇ تەن مۇلكى ئارا بىر پادىشاهى،
بۇ ئىشق ئەهلىنىڭ كى دادخاهى.
ئۆزى گۇلزار ئارا گۇلدەستە ئېردى،
كى بوستان ئىچرە بىر نەۋرەستە ئېردى.
بارى گۇللار ئارا گويا قىزىلگۇل،
جەهان خەلقى بۇ گۇلغە بولدى بۇلبۇل.
ئانىڭ نەززارەسىدە كۆزلەر هەيران،
بولۇپ قالغان كۆڭۇلدە تۇرفە ئەرمان.
بۇ رەئناكىم كىشىگە كۆلدى باقتى،
يۈرەك ـ باغرىغە گويا ئوتنى ياقتى.
بۇ ئوت ئىچرە كۆيەر ئول تا قىيامەت،
ۋۇجۇدى ئىچرە قويغاي مىڭ ئەلامەت.
ئاياغىدىن تۇتاشقاي ئوت باشىغە،
كى ئىشقى زور قىلغاي كۆز ياشىغە.
بۇ ئىشق ئەهلى دېگەن گويا سەدەفدۇر،
مەلامەت ئوقىغە جانى هەدەفدۇر.
بۇ ئوقغە هەر كىشى قويسە نىشانە،
جەهان ئاراسىدا يۈرگەي يىگانە.
ئاڭا بولغاي دۇ ئالەم بىر پەرىگاه،
كۆيۈپ قالغاي ئەگەر گەر ئۇرسە بىر ئاه.
ئەگەر زەررە ئىسە خۇرشىد يەڭلىغ،
گەدا ئېرسە بولۇر جەمشىد يەڭلىغ.
ئەگەر كىم قەترە ئېرسە دەريا بولغاي،
كى توفان يەڭلىغ ئول ئالەمغە تولغاي.

ئەگەر ئۇچقۇن ئىسە ئالەمگە يەتكەي،
سەرادىن سەير ئىتىپ ئەئلاغە يەتكەي.
ئەگەر قەهرى بىلە ئالەمگە باقسە،
كۆيەر ئىككى جەهان بىر زەررە ياقسە.
ئەگەر لۇتف ئەيلەبان بىر باقسە ئالەم،
بارى بولغاي هەمە ئالەمدە ئادەم.
بىرى ئاهى بىلە كۆپ ئاه ئەيلەپ،
بىرى فەرياد ئىلە كۆپ سەيهە ئەيلەپ،
بىرى كۆز ياشىدىن دەريا ئاقىزىپ،
يۈرۈپ تۈنلەر ئارا ئالەمنى كېزىپ.
بىرى شەربەت قىلىپ قەندۇ شەكەرنى،
كەباب ئەيلەپ بىرى جانۇ جىگەرنى.
بىرى شەبنەم كەبى كىرفىكدە ياشى
بىرى غەلتان ئېرۇر چۇن كۆزى ياشى.
بىرى بىهۇش بولۇپ فەرياد ئەيلەپ،
بىرى ئەهۋالىدىن كۆپ داد ئەيلەپ.
بىرى بۇلبۇل كەبى ئەيلەپ نەۋالار،
چىقارغاي كۆكسىدىن تۈرلۈك سەدالار.
بىرى يۈرگەي كېچەلەر كوچىيۇ كوي،
كېزىپ ئالەم ئارا ئول سەيرۇ دىلجوي.
بىرى تاشلاپ بارىنى هىرىس ئىلە باز،
بەرەهنە يۈرگۇسىدۇر قىشۇ هەم ياز.
كى بەئزى ئۆزىنى ئەيلەپ قەلەندەر،
كىرەر ئوت ئىچرە گويا بىر سەمەندەر.

كى بەئزى ئەيلەبان ئۆزىنى مەغرۇر،
بىرىسى ئەيلەبان كۆڭلىنى مەھجۇر.
بىرى زارى بىلە ھەردەم ئۆزىنى،
تىكىپ يارى سارى ئىككى كۆزىنى.
بىرىسى نالە بىرلە ھەم ئۆزىن زار،
ياتىپ تۇفراق ئارا بىر خارۇ خەس خار.
بىرى ئىشق ئوتىنى كۆڭلىدە كىزلار،
ئاڭا بەندە بولۇر ئالەمدە قىزلار.
بىرى كېچە ياتىپ ھەرگىز ئويۇماس،
ئانىڭ بارىن جەۋابىن ئەسلا تۇيماس.
ئۇلارنىڭ ئىشقىدىن جانۇ دىلىغە،
سىرىشتە ئەيلابان ئابۇ گىلىغە.
ئۆزىن مەئجۇن قىلىبان سىدق بىرلە.
نەكىم زۇلمۇ گۇناھۇ ئىسىق بىرلە.
ئۇلارنى ھەققى سەن ئەتفال بىلگىل،
تەفەھھۇس ئەيلەبان ئەتفال بىلگىل.
كۆيەر جانۇ دىلىڭ خاشاك يەڭلىغ،
بۇ ئالەم ئىچرە بولغۇڭ خاك يەڭلىغ.
بۇ تاپىغان گەۋھەرىنى كىشگە ئايتماس،
بۇ ساقلار جەۋھەرىنى كانغە قاتماس.
ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئېرۇر يىگانە،
جەھان ئەھلى ئارا شاھى يىگانە.
ئۇلار كۆرمەككە دۇرلار نۇن يەڭلىغ،
بەرەھنە پاۋۇ سەر مەجنۇن يەڭلىغ.
ئۇلارنى سەن ئۆزۈڭدىن خار كۆرمە،
ئۇلارنىڭ خىزمەتىنى ئار كۆرمە.
ئۇلارنىڭ ئاھىدىن دائىم ھەزەر قىل،
ئۆزىنىڭ خىزمەتىنى ماھەزەر قىل.
ئۇلار ئوتدۇر ئۇلارغە سەن چاقىلمە،
كى ئۆز مەيلىڭ بىلە ئوتغە ياقىلمە.
ئۇلارنىڭ ئوتىنى سەن ھۆرمە زىنھار،
ئۇلارنىڭ رائىنى ياندۇرمە زىنھار.
ئۇلار ئۆچۈن ھەمە ئالەمنى ساتغىل،
ئۆزۈڭنى سەن ئۇلار خەيلىغە قاتغىل.
ئەگەر ئادەم ئىسەڭ ئالغىل نەسىھەت،
ۋەگەر نە بولغۇسى تۆرلۆك نەسىھەت.
ئۇلاردىن تاپساڭۇ زەررە ئىنايەت،
بولۇر مەھشەر كۈنى تۆرلۆك ھىمايەت.
ئۇلارنىڭ لۇتفى بولغاي باشىڭە تاج،
جەھان ئەھلى ئارا تاپغايسە رىۋاج.
سىناپ باقمە ئۇلارنى بارچە ئېرۇر،
ئۇلارغە پۆتمەگەنلەر نەچچە ئېرۇر.
چىرايى ① سارغارىپ بىر كاھ بولغاي،
جەھاندا دىلخۇشۇ دىلخاھ بولغاي.
ئۇلارنىڭ رەڭگىدىن رەڭ ئالسە زەئفەر،
سارىغلىقدىن ئېرۇر زەر تاپتى زىۋەر.

## لەيلىنىڭ تەئرىفى

ئۆزى بىر قىز ئىدى ئات قويدى لەيلى،
ئۇرۇغ-تۇغقانىنىڭ كۆپ ئېردى مەيلى.
قەددى نەخل سەنەۋبەر ياكى شەمشاد،
كى ئەرئەر ئېردى ئول يا سەرۋ ئازاد.
كى بىر رەئنا ئىدى لەيلىيۇ مەھۋەش،
قەدى زىبا ئىدى يا سەرۋى دىلكەش.
خىجىل ئېردى بۇلار بارچە قەددىدىن،
بويۇنلاردىن ئۇزاتىپ مەنزەرىدىن.
قارا كاكۇل ئاڭا ھۇسنىدىن چىن ئېردى،
كەمەندى ھەلقەسىن چىن دەرچىن ئېردى.
قاراسىدىن رەڭ ئالدى سەير زاغى،
يىدىدىن مۇنفەئىلدۇر ئەتر باغى.
مىسالى قاشى مىھرابى مۇئەززەم،
ھىلالى ئەيديا ماھى مۇھەررەم.

---

① بۇ سۆز ئەسلى قول يازمىدا «جىراغى» بولۇپ يېزىلىپ قالغان (م).

ئانئدا كەملىكى گوياكى بىر يا،
بولۇپ قەۋسى قۇزەھ ئالددا گويا.
كى هەر كىرپىكلەرى بىر خەنجەرى تىز،
كۆزى مەردۇملارى جەللادى خۇنرىز.
كۆزى زۇهرە ئىدى يا مۇشتەرى فام،
فىدا ئەيلەر ئىدى كۆب جان نىكۇ نام.
ۋەيا نەرگىس ئىدى يا ۋەهشى ئاهۇ،
بۇ لەيلى ئىشقىدا دەر ئىردى ياهۇ.
كۆزى بىر جادۇ ئىردى ئۆزى ئەييار،
كۆكۆل ئالماقغەدۇر ئەييار تەييار.
قەراغى ئىككى تىيرەنداز ئىردى،
ئۇلارغە سەيد كۆپ شەهباز ئىردى.
كۆزى ئوتلۇغ قەمەر تەلئەت نىگارى،
پەرىۋەش هۇر سۇرەت گۇلئازارى.
خۇيىننىڭ ياخشىسى رىزىۋاندىن ئارتۇق،
نە رىزۋان بەلكى تەندە جاندىن ئارتۇق.
يۈزىدىن مۇنفەئىلدۇر شەمس ئىلە ئاي،
گەهى لەيلىنى كۆرسە دەيدۇلار «ۋاي»
رۇخى زىباسىغە هەم تەڭ يوق ئىردى،
ئانئكى رەڭگىگە هەم رەڭ يوق ئىردى.
ئەزەلدە ئىردىلار رەئنايى دىلكەش،
كى ئاخىر بولدىلار بىر-بىرگە پىشكەش
گۇلىستاندا ئاچىلدى لالەئى گۇل،
بۇلار هەم قورقۇبان بولدىلا هەم قۇل.
كى خۇشهال بولدىلار ئۇلدەم كۆلۈشۈپ،
كى ئاخىر بولدىلار مەزرەئىدە تۇشۇپ.

بۇلار هەم لەيلى ئىشقىدا بىرىپ جان،
كى ئاخىر بولدىلار يەر بىرلە يەكسەن.
ئانى كۆرگەن هەممە قۇل بولدى قالدى،
كى ئاخىرى كۆيۈپ كۆل بولدى قالدى.
سۆزى قەندۇ ئەسەلدىن شەهدۇ شەكەر،
يىدى سۇنبۇل، بىنەفشە، مۇشك، ئەنبەر.
كى هەر سۆزلەرىگە تۇتى بولۇپ لال،
هۇشىغە گەھ كېلىبان گاهى بىهال.
گەهى بۇلبۇل كەبى ئەيلەپ نەۋالار،
بۇ لەيلىغە قىلىپ تۈرلۈك سەنالار.
كى ئاغزىغە قىلىپ غۇنچە ئۆزىن تەڭ،
كى ئاخىر ئوخشاتالماي بولدى دىلتەڭ.
بۇ هەسرەتىدىن ئانىڭ ئاغزى ئاچىلدى،
ئىزاغە سارغارىپ يەرگە ساچىلدى.
لەبىدىن بەهرە ئالغان لەئل مەرجان،
ئۇ بائىسىدىن بولۇر ياقۇتۇ مەرجان.
شەھىد ئوخشاتتى ئىرسە قەترەئى قان،
خۇدا بەردى ئاڭا بىر جانىغە مىڭ جان.
ئانىڭ رەفتارىنىڭ هەيرانى تاۋۇس،
كى شەهلەر ئىچرە هەم جەمشىد كاۋۇس.
ئۇلۇغ سۆزلۈك، تەمەننالىق قىز ئىردى،
ئانىڭ باقماقى فىتنە ئەنگىز ئىردى.
قەلەم قاشلىق، قارا ساچلىق نىگارى،
كىشى بولماسمۇ ئانداغىنىڭ فىگارى.
ئانى كۆرگەن كىشىلەر جان بىرۈرلار،
كۆكۆلدىن، ئەقلدىن ئىمان بىرۈرلار.

## لەيلىنىڭ بەش ياشغە كىرگەنى

بۇ لەيلىنىڭ ياشى بەش ياش بولدى،
بارى قىزلار ئارا ئول باش بولدى.
ئانى كۆرگەن هەممە هەيران بولۇرلار،
ياشىدىن ئۆزۈلۈپ هەيران بولۇرلار.
ئەرەبىنىڭ قىزلارى كەلسە قاشىغە،
بىرىبان تاجى هەر قىزلار باشىغە.

بۇ قىزلارنى هەممە مىهمان ئەيلەپ،
قايۇ قىزلارغە بىهەد ئىهسان ئەيلەپ.
نەۋازىشلار بىلە قىزلارغە ئىنئام،
قىلۇر ئىردى بارى ئىشىنى سەرەنجام.
هەممە قىزلار مۇڭا چاكار ئىدىلار،
باشىدىن ئۆرۈلۈپ پەركار ئىدىلار.

ئۆز ئالدىغە بۇلارنى قىلىپ مىھمان،
سەراقە، ئەيلەبان جانىنى قۇربان.
قىلىپ قىيمە گۇرۇچ ھەلۋاۋۇ ئۆگرە،
يەنە چۆپ، چۆچىرە، نارىن، بۇغرە،
بۇ يەڭلىغ ئاشلارنى كۆپ فەراۋان،
تولۇن ئايدەك قىلىبان رەۋغەنى نان.
گەھى ئەيلەپ بۇ قىزلار بىرلە سەيلى،
قونۇپ بىردە بىرىدە تۈشسە مەيلى.
گەھى ئەيلەپ كۈلۈپ ئوينىاپ تەماشا،
قىلۇر ئىردى كۆڭۈللەرگە دىلاسا.
تۈشۈپ ئۇ كەتتى بۇ يەڭلىغ ئويۇنغە،
يۈرۈر ئىردى بۇلۇڭلاردىن بۇلۇڭغە.
بۇ ۋەقتدە لەيلى كىردى ئالتە ياشغە،
كى تاشدىن سەكرەپ ئوينار ئىردى تاشغە.
كۈنى بىر كۈن سەراقە بولدى مەھزۇن،
كۆچىگە ئەيدىكىم: «ئەي قەددى مەۋزۇن.
قىزىڭ كەتە بولۇپتۇر يىغلايۇرسەن،
نەچچە كۈندۈر جەھانغە سىغمايۇرسەن.
ئويۇن كۈلكۈنى ئول بىسيار خۇشلار،
گەھى قىزلار بىلە سەيردىنى خۇشلار،
مىنىڭ كۆڭلۈم بۇ ئىشدىن رىش بولدى،
يۈرەك-باغرىم ئاراسى نىش بولدى.
قىزىڭنى بەرسە مەكتەپغە بولۇرمۇ،
بارىپ مەكتەپ ئارا دائىم ئوقۇرمۇ.
ئىمان-ئىسلامنى ئۆرگەنسە ياخشى،
ۋەگەر نە بولغۇسىدۇر تۇرفە ياخشى».
كېڭەشتىلەر مۇنى بۇ ئەرۇ خاتۇن،
كى بولغاي تاكى لەيلى ياخشى ئالتۇن.
قوي ئاشى قىلىبان موللاغە بەردى،
كى گويا جانىنى جانانغە بەردى.
بۇ لەيلى ئىردى بىر ماھى دۇرەخشان،
كىرىپ يەر قوينىغە خۇرشىد تابان.
كى گويا بىر قەفەسكە كىردى بۇلبۇل،
تۇرۇپ قىلدى نەۋا رەيھانۇ سۇنبۇل.
بار ئىردى مۇندا ھەم كۆپ ياخشى قىزلار،
كى سىدقىغە قىلىپ جان بەخشى قىزلار.
كى ھەر قايسى ئىدى مەھبۇبۇ مەتلۇب،
بۇ قەيىس ئىردى تولاسى بىرلە مەھبۇب.
نە ياخشى قىزلار بار ئىردىكى دىلكەش،
تولۇن ئايدەك يۈزى رەئنايى دىلكەش.
بولۇبان قەيىس بۇ قىزلارغە ھەمباز،
گەھى بۇ قىزلار بىرلە ئەيتىشىپ راز.

لەيلىنىڭ مەجنۇن بىلە تاپىشقانى

بەناگاھ لەيلى كەلدى مەكتەب ئىچرە،
تولۇن ئاي كەلدى گويا مەتلەب ئىچرە.
كۆرۈشتىلەر ئىككەۋلەن قەيسۇ لەيلى،
كۆرۈشۈپ بىر-بىرىگە تۈشتى مەيلى.



www.uyghurkitap.com

بىر ئوقكىم لەيلىنى كۆردى دىل ئەفرۇز،
بولۇبان قەيىسغە ئولدەم دىلەفرۇز.
بولۇپ بۇ قەيىس لەيلىگە كۆڭۈل رام،
تاپىبان قەيىس كۆڭلى خۇش سەرەنجام.
بۇ قەيىس بولۇپ لەيلى بىرلە مۇڭداش،
بولۇبان بىر-بىرىگە يارۇ يولداش.
كى ئوينىشىپ، يۈگۈرشۈپ يارۇ دىلدار،
بولۇبان قەيىسغە بۇ لەيلى غەمخار.
نەيەركىم ياخشى بولسە خوبۇ مەرغۇب،
ئۇ يەردە ئولتۇرار بۇ ئىككى مەھبۇب.

ئۇلارغە جايكىم بىر يەردە ئىردى،
كى گويا بىر-بىرىگە پەردە ئىردى.
بۇلار ئولتۇرسە بىردەم ياندىشىبان،
ئۆرە قوپسالا بويلار بويلاشىبان.
ئەگەر كىم يۈرسەلەر بىر يەرگە ھەمراھ،
بولۇبان بۇ ئىكەۋلەن يارى دىلخاھ.
بىرى بىرىگە ھالىن ئەيتىشىبان،
ئاچىبان سىرلارىنى يىغلاشىبان.
مۇنىڭدىن ئۆزگە قىزغە باقماس ئىردى،
ئۇلارنىڭ سۆزى ھەم خۇش ياقماس ئىردى.

## قەيس ھالىنى لەيلىگە بەيان قىلغانى

دەر ئىردى قەيىس: «ئەي جانان لەيلىم،
جەھان ئىچرە ساڭا تۈشتى بۇ مەيلىم.
سىنى مەن بارچە قىزلار ئىچرە سۆيدۈم،
بارىدىن بىر يولى كۆڭلۈمنى ئۈزدۈم.
بارىدىن سەن ماڭا دىلخاھ ئىرۇرسەن،
ئۇلار بىر يۇلدۇزۇ سەن ماھ ئىرۇسەن.
كۆيەر جانىم ساڭا ئەي لەيلى دائىم،
كىچەلەر ئۇيقۇ يوق كۈندۈز بۇ ھالىم.
تۇتاشۇر ئوت ئاياغىمدىن باشىمغە،
تۈشەر گەر ئاش يىسەم ئەكسىك ئاشىمغە.
كۆرەرمەن ئەكسىگى ئاشدىن قالۇرمەن،
غۇلۇ فەريابدىن باشدىن سالۇرمەن.
كۆلۈم كۆككە ساۋۇردى بىر خەيالىڭ،
يەنە ئەسلىڭگە كەلتۈردى ۋىسالىڭ.
مىنىڭ دوستۇم ئىرۇر بۇ روزى رەۋشەن،
بۇ ئالەمدە ماڭادۇر كىچە دۇشمەن.
قولۇمدىن كەلسە يۈز مىڭ چارە قىلسام،
يۈرەك باغرىمنى پارە-پارە قىلسام.
نە قىلغۇمدۇر ئانى قولغە ئالالمام،
ئانىڭ دەردىگە ھىچ چارە تاپالمام.
كىچە تاڭ ئاتقۇچە مىڭ قان يۇتارمەن،
ئۆزۈمنى تا سەھەر ئويغاق تۇتارمەن.

كەباب ئەتتىم جىگەر ئىشقىڭ ئوتىدا،
كۆيۈپمەن كۈل بولۇپ ھەسرەت ئوتىدا.
كۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق تەندە نە ئارام،
ئۇشول كۈندىن كى مەن بولدۇم سوكارام.
كىچەدىن تا سەھەر لەيلىيۇ لەيلى،
ماڭا ئاشدۇر فىغانۇ ئاھ لەيلى.
سۆيۈنۈرمەن ئەگەر كۈن بولسە مەتبۇئ،
ماڭا بولدى بۇ تالىئ يار مەتبۇئ.
چىقار گوياكى تالىئ نەھسىيەتدىن،
بۇ كۆڭلۈم ھەم تىنار بۇ خاسىيەتدىن.
ئەگەر كۈن چىقسە مەن يولغە كىرەرمەن،
سىنى تاپغۇمدۇ دەپ يولنى كىزەرمەن.
ئەگەر مەكتەبدە بولساڭ مەن كىرەرمەن،
ۋەگەرنە يۇلۇڭە يانىپ كىرەرمەن،
گەھى تاپماي سىنى فەرياد بىرلە،
گەھى بىھۇش بولۇپ ناشاد بىرلە.
كى سەن تا كەلگۈچە كۆزۈم تىلىنۇر،
كى ھەر سارى يۈرەك-باغرىم تىلىنۇر.
ۋىسالىڭغە ئەگەر يەتسەم نىتەرمەن،
زىلالىڭ شەربەتى بىرلە قانارمەن.
سىنىڭسىز كىرسە گەر جانىمغە ئاغرىق،
تەنىم تولغاشىبان گوياكى چىغرىق.

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ بۇ ھالەتىم بىلدىڭمۇ ئەي شاھ،
سېغىنۇرمەن سېنى ۋەللاھۇ ۋەللاھ.
كۆيەر جانىم ئۇتۇڭدا ئۇد يەڭلىغ،
چىقار ئاھىم يۈرەكتىن دۇد يەڭلىغ.
مېنىڭ ئاھىمدىن، ئەي لەيلى، ھەزەر قىل،
مۇھەببەت كۆزىدە گاھى نەزەر قىل.
كۆزۈم يولغە كۆيۈپ گاھى ئاقار ياش،
بۇ سىررىمنى جەھانغا پاش ئېتەر ياش.
ئەگەر بولساق ئىكەۋ بىر مەكتەب ئىچرە،
چۈمۈپ غەۋۋاس يەڭلىغ مەتلەب ئىچرە،
ئويۇن كۈلكۈ بىلە ئۆزنى ئاۋۇتۇپ،
زەمانى ئىشق [دىلنى] ساۋۇتۇپ.
يوقۇڭدا تارتىبان تۈرلۈك جەفالار.
سېنى تاپسام بولۇر يۈزمىڭ دەۋالار.
يۈزۈمنىڭ نۇرىيۇ كۆزدە قاراقىم،
كى بولمىش سەن مېنىڭ خاتىر فەراغىم.
تىزىمنىڭ قۇۋۋەتىدۇر بۇ ۋىسالىڭ،
كۆڭۈلدىن چىقماسۇن ھەرگىز خەيالىڭ.
ۋىسالىڭغە ئېرۇرمەن ئارزۇمەند،
كى فىكرىڭدە قىلۇرمەن ئۆزنى خۇرسەند.
كى باردۇر مەكتەب ئىچرە قىزلا چەندان،
ئېرۇرسەن سەن ماڭا دىلخاھۇ خەندان.
بارى سەبزە ئېرۇر، سەن بىر قىزىلگۈل،
كى مەن چۈرۈلگۈچى بىچارە بۇلبۇل.
خەيالىمچە ئەگەر بولسە قاشىڭدىن،
يىراق ئولمايكى ئۆرۈلسەم باشىڭدىن.
كى چۆرۈلسەم سەڭا پەرۋانە يەڭلىغ،
يۈرۈسەم بارچەدىن بىگانە يەڭلىغ.
يۈرۈرمەن مەن سېنىڭ يولۇڭنى ئىزدەپ،
بۇ سىرنى ساقلارەم كۆڭلۈمدە كىزلەپ.
جەھاننى تەرك ئېتىپ كىرسەم كويۇڭغە،
بۇ جانىمنى نىسار ئەتسەم خۇيۇڭغە.
بارى كەۋكەب ئېرۇر سەن ماھ ئېرۇرسەن،
باردىن سەن ماڭا دىلخاھ ئېرۇرسەن.

يەنە سەندىن بۆلەك مەھرەم ماڭا يوق،
سىرىمنى ئايغالى ھەمدەم ماڭا يوق.
خەيالىم بار سېنىڭ قۇربانىڭ ئولسام،
تىرىكدۇرمەن تېخى ھەيرانىڭ ئولسام.
كېتىپ ئۆزدىن گەھـى كەلسەم ئۆزۈمگە،
مۇھەببەت زور ئېتىپ ئىككى كۆزۈمگە.
نە ئەيلەي، نە قىلاي ئەي مۇنىسى جان،
سېنىڭ ئىشقىڭ مېنىڭ كۆڭلۈمدە مەرجان.
ئالىپ تاراج ئېتىپ خانۇ دىلىمنى،
كى ئەقلۇ، ھۇش ئىلە ئابۇ گىلىمنى.
قەدىڭ سەرۋى دېسەم، ئەيقەددى مەۋزۇن،
تۇراي يەكپاي ئىلە ئالدىڭدا مەھزۇن.
كى تەرھ ئالدى ھىلال ئىككى قاشىڭدىن،
كېچە ھەم كۈندۈز ئۆرۈلدى باشىڭدىن.
يۈزۈڭ خۇرشىد يەڭلىغ بىر دىلارا،
كۆزۈڭ زۇھرە كەبىدۇر بىر تەبەررا.
تىشىڭغە ئوخشاتىپ دۇردانە ئۆزىن،
تۇتۇپ ھەككاكلەر تەشتىلەر كۆزىن.
يۈزۈڭدە دانەدۇر بىر دانەئى خال،
كى زۇلفۇڭ دامىدا بولدى بۇ ئەھۋال.
ئالىپ زۇلفۇڭ كەمەندى بۇ كۆڭۈلنى،
سالىپ كۆڭلۈم ئۆزە زەنجىرۇ غۇلنى.
كۆزۈمنىڭ ياشىدۇر ئىچكەن شەرابىم،
يۈرەك، باغرىم ئېرۇر ئوتدا كەبابىم.
ئىلاجىم نەدۇرۇر ئەي جانى جانان،
تەنىمدە قالمادى بىر زەررە دەرمان.
يىمەكىمدۇر مېنىڭ غەم-غۇسسە، قايغۇ،
شەرابىمدۇر مېنىڭ زەھر ئىلە ئاغۇ.
تەنىم بۇ زەئىفدىن يادەك بولۇپدۇر،
يۈرەككە تاشدەك قانلار تولۇپدۇر.
ساڭا مەئلۇم ئەمەسمۇ مەندە ھالەت،
تەنۇ جانىمداقى بولغان ھەرارەت.
كى بىلگىل خاھى بىلمە بۇدۇرۇر ئەرز،
ئەدا قىلدىم ئۆزۈمنىڭ بويىنىدىن قەرز.

## لەيلی يىغلاپ ئۆز هالىنی مەجنۇنغە بەيان قىلغانی

كی لەيلی باشلادی مىلڭ ئاهۇ ئەفغان،
كۆزىدىن ياش تۆكۈپ خۇن ئەبدی باران:
«تەمام ئۆلدی سۆزۈڭ ئەي قەيسی بىهال،
كی سەن بىلمەسمۇسەن مەندە نە ئەهۋال.
ئەگەرسەن بىلمەسەڭ بۇ هالەتىمنی،
قىلىپ نۇن ئىشق ئوتی بۇ قامەتىمنی.
كی بىچارە ئىبرۇرمەن نە قىلايىن،
يۈرەكىم هەرساری يۈزمىڭ تىلايىن.
كی سەندە بار ئوتلار مىنىڭدە يوقمۇ،
گەهی سەن ئاچ يۈرۈپ مەن داغی توقمۇ.
بۇ هەر ئەهۋالكىم سەندە بار ئىبردی،
بۇ كەڭ ئالەم ماڭا دائىم تار ئىبردی.
ماڭا سەنسىز تامۇغدۇر باغی گۇلشەن،
قاراڭغۇدۇر ماڭا بۇ رەۋزی رەۋشەن.
ئەگەر جەننەتتە تۇرسام سەنسىزدىن يار،
ئاياغىمغە سايار مىڭ خارە ئۆزە خار.
سىنىڭ ئىشقىڭ مىنی بىچارە قىلدی،
دەری سەيردىستان ئىچرە خارە قىلدی.
زەرۇرۇمدۇر سىنىڭ كويۇڭدا ئۆلسەم،
مۇرادىمدۇر ئەگەر ئۆلسەم، تىرىلسەم.
ئۆلۈكمەن يا تىرىك بىلمەم ئۆزۈمنی،
كی ياخشی خاه يامان بىلمەم ئۆزۈمنی.
قىلىپدۇرمەن شەرابی ئىشقىدىن نۇش،
قىلۇر دائىم تەنىمگە جۇش ئىلە جۇش.
ئەگەر دولسە بۇ جانىمغە هەرارەت،
قىلۇرمەن كۆز ياشىم بىرلە تەهارەت.
بۇ قىزلار ئىچرە مەن مەتئۇن ئولۇپمەن،
كی گويا دۇنيادا مەلئۇن ئولۇپمەن.
زەبانی تەئنەلەر هەردەم ئىچەرمەن،
كۆزۈمدىن دۇرر ئىلە مەرجان ساچارمەن.
سىنىڭ ئۈچۈن مىنىڭ جانىم كۆيۈپدۇر،
سەمەندەردەك ئوت ئىچرە كۆل بولۇپدۇر.
كۆيەر ئوتلار مىنىڭ بۇ هالەتىمگە،
بولۇتلار يىغلاشۇر بۇ هالەتىمگە.
سىنىڭ فىكرىڭ خەيالىمغە تۈشۈپدۇر،
مۇهەببەت داغی جانىمغە تۈشۈپدۇر.
مىنىڭ لەيلىم ئەيا مەجنۇنی بىدىل،
يۈرەك، باغرىم ياردىپ هالىمنی كۆرگىل.
چەمەننی گەر ۋەتەن قىلسام ئۆزۈمگە،
تىكەندەك سانچىلۇر هەردەم كۆزۈمگە.
غەمىڭ دەرياسی ئىچرە سەير ئىبتەرمەن،
سۇدا يۈرگەن بالىقدەك مەيل ئىبتەرمەن.
مۇهەببەت كويىدا ئەۋۋارەدۇرمەن،
نە ئەيلەي، نەقىلاي بىچارەدۇرمەن.
ئەلىف قەددىم بولۇپدۇر نۇن يەڭلىغ،
كوزالغان كاسەئی پۇرخۇن يەڭلىغ.
كىچەدىن ئۈيقۇ يوقتۇر تا سەهەرگە،
بىلىندۇرمەيدۇرمەن هىچ بىخەبەرغە.
ئەگەر تۈن كىچەلەر يادىمغە كىرسەڭ،
تىلەرمەن شول زەمان يادىمغە كىرسەڭ.
ئايا مەجنۇن، جانی جانۇ جانان،
سورايدۇرمەن بۇ ئىشقە بارمۇ دەرمان.
ئەگەر ئۆلسەم بۇ هالەت كەم بولۇرمۇ،
ساڭا مەن ئۆلگەنىمنی غەم بولۇرمۇ.
قۇتۇلغۇمۇ بۇ ئوتتىن مەن كەمىنە
كۈنی مىڭ ئۆلگۈچە ..............
دەردىندۇرمەن يۈرەكنی چاك قىلسام،
ئۆزۈمنی بىر يولی بىر خاك قىلسام.
..............................
(1)..............................
بۇ سۆزلەرنی دىمەسەڭ دىگۈچی يوق،
ئۈكۈن بىزدىن غەمىڭنی يىگۈچی يوق.

---

(1) كۆپ چىكىت ئورنىدىكی سۆزلەر ئەسلی قول يازمىدا ئۆچۈپ كەتكەن.

ئىشتكەيلەر بۇ سۆزنى خاس ئىلە ئام،
بولۇر ھەم ساگاۋۇ ھەم بىزگە بەدنام.
بالىق يەڭلىغ بولۇرمىز گۇڭگۇ ھەم لال،
جەھان ئەھلى دېگەي بىزلەرنى دەللال.
زەبانى تەئنەلەر سىزگە ئاچارلار،
باشىمىزغە بىزنىڭ تۇفراق ساچارلار.
بۇ ئۆتكۈن ئۇمرىڭىزدىن تويغۇڭىزدۇر،
بارىمىزنى ئوقۇتماي قويغۇڭۇزدۇر».
بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ موللا بەدگۈي،
ئۆڭۈبان چېھرەسىدىن رەڭ ئىلە رۇي.
دېدىكىم: «ئەيتا قوي، ئەيتار سۆزۈڭنى،
كى بارى ئاققۇدەك تىكمە كۆزۈڭنى.
بۇ قەيس ـ لەيلى بىرى بىرگە بولۇپ رام،
كۆڭۈلدە تاقەتى يوق تەندە ئارام.
كۆرۈڭ بۇ مەجنۇنىنىڭ دېگەن جەۋابى،
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . ①
بىرى بىرگە بولۇرلار دال ئىلە زال،
گەھى بىھۇش بولۇرلار گاھى بىھال.
بىرى شىرىن بىرى فەرھاد بولغاي،
بىرى ۋامىق بىرى گۇلشاد بولغاي.
بىرى يۇسۇف بىرى بولغاي زىلەيخا،
قىلۇرلار بىر ـ بىرىسىگە تەماشا.
بىرى بىرىنىڭ يۈزىگە تەلمۈرۈشۈپ،
ئالىنغان قۇشلا يەڭلىغ تالپۇنۇشۇپ.

بىرى بىرنى كۆرۈپ گۇلدەك ئاچىلسە،
خەيالى بار بۇ ئالەمگە يايىلسە.
بىرى بىردىن جۇدا بولسە زەمانى،
قىلىپ ئەبرى بەھاردەك فىغانى.
ئەلىف قەددىنى ئەيلەپ قاف ئىلە نۇن،
جىگەرنى نىش ئەيلەپ كۆزنى پۇرخۇن.
بۇ مەكتەبدىن بىرى يوق بولسە بىردەم،
بىرى بۇ كىشىگە بولماس يار ھەمدەم.
كى يىغلابان مىڭ ئەيلەپ ئاھۇ ئەفغان،
ياش ئورنىدا ئاقىزىپ قىپقىزىل قان.
كۆزى يولغە كۆيۈپ ئۆزنى قىلۇر زار،
دىلۇ جاننى ئەيلەپ بۇلبۇلى زار.
كۆڭۈلدە ساقلاشۇرلار سىردىنى پىنھان،
كى زاھىر ئەيلەگەي ئول قىلغان ئەفغان.
بۇ يەڭلىغ ئىش بۇ مەكتەب ئىچرە ئۆتسە،
ئەجەب ئېرمەس بارى ئالەمگە يەتسە.
يامان بولۇر بۇ ئىش گەر فاش بولسە،
ئالىبان تاشلار كۆزۈ قاش بولسە.
ئايتتۇق سىزگە بىزلەر كۆرگەنىمىز،
قولۇمىزدىن كېلىشى بىلگەنىمىز.
بويۇندىن ساقىت ئەتتۈك سىزگە بىزلەر،
قەۋى دۈشمەن كۆڭۈلدە شۇمۇڭىزلەر.
سۆزۈمىزنى ئىشىتكىل خاھ ئىشىتمە،
كىشىگە خاھ ئايتقىل خاھ ئايتىمە.

**بۇ شەككاكلارنىڭ سۆزىنى موللا ئىشىتىپ غەزەبى كەلگەنى**

بۇ موللاجانىغە قويدى بەسى داغ،
باشىغە قويدى گويا ئاتىپ داغ تاغ.
بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ قالدى ھەيران،
ئىشىتتى كۆڭلى زېھنى بولدى ۋەيران.
تەھەييۇردا باشىنى تۇتتى قالدى،
ئۆزىن زىندانى ھەيران ئىچرە قالدى.
چىرايىنى تۆكۈپ زەھر ـ ئاغۇدەك،
قويى سالدى باشىن ئەسكى ساغۇدەك.
باشىنى تويرادەك قويدى تىزىغە،
چىرايى ئۆرۈلۈپدۇر قىرمىزىغە.
سورادىكىم كۆچى: «موللا، نە بولدى،
بۇ يەڭلىغ ۋەھشەتىڭىز كىمگە بولدى؟

---

① ئەسلى قول يازمىدا 5 قۇر بېيىت ئۆچۈپ كەتكەن.

ماڭا پاتراق ئەيتىڭ تىنسۇ كۆڭلۈم،
خەيالى ۋەھىلەردىن چىقسۇ كۆڭلۈم».
دېدى موللا: «كۆرۈڭ بۇ قەيسۇ لەيلى،
بار ئەرمىش بىر-بىرىگە تۇرفە مەيلى».
بالالارنىڭ سۆزىن قىلدى ھىكايەت،
بۇ قەيسۇ لەيلىدىن قىلدى شىكايەت.
سورادى كۆچىدىن: «ئەي مەھرەمى راز،
ماڭا تەدبىر ئىشكىن ئەيلەگىن باز».
كۆچى ئەيدىيۇ: «ئەي موللا پىركوي،
بولۇپدۇر قەيسىغە ئول لەيلى دىلجوي.
سېنىڭ مېنىڭ قىزىمىمۇ لەيلى دېگەن،
ئۇلار ئول قەيسىغە ھەسرەتلەر يىگەن.
بولۇپدۇر بولسە ئول بىر-بىرىگە رام،
قىزىمىزمۇ بىزنىڭ گەر بولسە بەدنام.
رىزامىز بارمۇدۇر مۇنداغ ئىشغە،
مەلامەت بولغايۇ ئەركەك-تىشىغە.
ئاناسىغە ئايتماق لازىم ئېرۇر،
ئانىڭ زېھنى كايىتماق لازىم ئېرۇر.

نە قىلسە ئول قىلۇر دىلبەندى ئېرۇر،
شەكەر خوب مېيۋەسى فەرزەندى ئېرۇر.
كى لەيلى بىلسۇنۇ لەيلى ئاناسى،
ئۇ بىلگەي لەيلى زەئفىنىڭ دەۋاسى.
كى خاھى ئەيلەسۇن باشى ئۆزە تاج،
گەھى مەيلى قىلسۇن كۇنىگە مۇھتاج.
كى خاھى باغ ئىچرە ئەيلەسۇن گۇل،
خوشى بار ئەيلەسۇن لەيلىنى بىر پۇل.
كى خاھى بار قىلسۇن خاھى بار-يوق،
خوشى بار ئاچ قويسۇن مەيلى بار توق.
دەۋاسى يوقتۇرۇر ئول يۇرسە مۇنداغ،
خوشى شۇڭقار قىلۇر گاھى خۇشى زاغ.
نە يەڭلىغ دارۇ قىلسە دارۇ قىلغاي،
كى ىىچارە ئىسە ئول چارە قىلغاي».
ئېرۇر خاتۇنى قىلغان مەسلەھەتنى،
قويۇلدۇردى بۇلار بۇ مەشۋەرەتنى.
بولارنىڭ سۆزىيۇ ىۇ مۇنچە بولدى،
بۇ ئىشلاردىن بۇلارغە ئار بولدى.
(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(بېشى 177 - بەتتە)

△ مەن پىچاق بولاي،
سەن لوق گۆش بول.
△ مەن سۆرىگەن بولاي،
سەن داقىرىغان بول.
△ موماي باققان بالا — تامدىن سەكرىگەن كالا.
△ مۇزنىڭ ئۆمرى باھارغىچە.
△ مۈشۈك مۈشۈكنى قاراڭغىدىمۇ تونۇيدۇ.
△ مۇدىرىمەس ئات يوق،
يېڭىلمەس ئادەم (يوق).
△ مېھمان خۇشاللىق بىلەن ئىناقلىق ئېلىپ كېلىدۇ.
△ مىلتىقنىڭ ئىچى مورا،
ئۇنى ئېتىلدۇرغان دورا.

△ مېۋىسىز دەرەختىن تۇت ياخشى،
ھورۇن ئادەمدىن بۇت ياخشى.
△ نادان ھاكىم يۇرت بۇزار.
△ ھالال ناننىڭ مىننىتى يوق.
△ «ھالۋا-ھالۋا» دېگەنگە ئېغىز تاتلىق بولماس.
△ ھايالىق كىشى — باھالىق كىشى.
△ ئوغرى تۈن يېرىمدە،
پىتنىخور كۈپ-كۈندۈزدە.
△ ئوڭدا ياتقان ئابىد غوپۇر،
ئاش يەڭ دېسە چاچراپ قوپۇر.
△ ئۇيات ئۆلۈمدىن قاتتىق.
△ ئۆمرۈڭ ئۆتەر — ھۆسنۈڭ ئۆچەر.

توپلىغۇچى: ئېمىر مۇھەممەت



# دىۋانى ناقىس



موللا سابىر بىننى ئابدۇلقادىر

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ياسىن ئىمىن
توختى تۇراخۇن

مۇھەررىردىن: مول ئىجادىي مېھنىتى ۋە ئۆزگىچە ئۇسلۇبى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشقان تالانتلىق شائىر موللا سابىر بىننى ئابدۇلقادىر (1840 — 1920) قەشقەر يېڭىساردا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن. ناقىس ئۇنىڭ ئەدەبى تەخەللۇسىدۇر.

شائىرنىڭ لىرىك شېئىرلىرى ۋە پارسچىدىن نەزمى يوسۇندا تەرجىمە قىلغان «گۇلزار بىنىش» ناملىق داستانىنىڭ قول يازمىسى ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ مۇزېيىدا ساقلانماقتا. قول يازما جەمئىي 78 بەت، فورماتى $37 \times 23$ س. م، ھەر بېتىدە $21 \times 4$ مىسرادىن شېئىر بار. بەزى بەتلەرنىڭ ھاشىيەسىگىمۇ شېئىر كۆچۈرۈلگەن. پۈتۈن قوليازمىنىڭ 44 بېتى «گۇلزار بىنىش» داستانىدىن، 34 بېتى لىرىك شېئىرلاردىن تەركىب تاپقان.

قول يازما ناھايىتى خۇشخەت بولۇپ، ئىملاسى باشتىن - ئاخىر ئىزچىللىقتا ئىگە. قول يازما ئىچىدىكى بىر قىسىم شېئىرلار ئۈستىدىن تەھرىرلەپ ئۆزگەرتىلگەن كۆپىيە ھالىتىدە ساقلانغان. يەنە بىر قىسىم شېئىرلار پارچە قەغەزلەرگە يېزىلغان بولۇپ، قول يازما ئىچىگە چاپلاپ قويۇلغان. بۇ قول يازما ئىچىدىكى شېئىرلارنىڭ پارچە قەغەزلەرگە يېزىلغانلىرى بولسۇن ياكى پۈتۈن بەتكە يېزىلغانلىرى بولسۇن ۋە ياكى ئۆزگەرتىلگەن شېئىرلارنىڭ ئەسلىسى ۋە تەھرىرلەنگەندىن كېيىنكى نۇسخىسى بولسۇن ھەممىسىنىڭ خەت پۇچۇركىسى ئوخشاش بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ قەلىمى ئىكەنلىكى ئېنىق. يۇقىرىقىدەك ئالامەتلەرگە ئاساسەن بۇ قول يازمىنى ئاپتورنىڭ ئۆزى كۆچۈرگەن دەسلەپكى نۇسخا دەپ قاراشقا بولىدۇ.

شائىر غەزەللەرنى رەتلەپ دىۋان تۈزۈش ئۈچۈن قاپىيە ۋە رادىپنى تۈرگە ئايرىپ چىقىپ، ئۈستىگە «رادىفىلئەلىف» (قاپىيە ۋە رادىپ ئاخىرى ئەلىپ يەنى، «ئا» بىلەن كەلگەن شېئىرلار)، «رادىفىلبائ» (قاپىيە ۋە رادىپ ئاخىرى بې بىلەن كەلگەن شېئىرلار) ...... دېگەنگە ئوخشاش رادىپ ئىسىملىرىنى يېزىپ قويغان. لېكىن شېئىرلار تېخى رەسمىي دىۋان ھالىتىگە كەلتۈرۈلمىگەن. بۇنىڭدىن بىز بۇ قول يازمىنىڭ ئاپتور دىۋان تۈزۈشتىن بۇرۇنقى نۇسخا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

بۇ قول يازما ئىچىدە لىرىك شېئىرلاردىن 174 غەزەل، بىر مەرسىيە، بەش مۇخەممەس، ئۈچ رۇبائىي، 13 قىتئە ۋە باشقا پارچە شېئىردىن ئىككىسى بار. 174 غەزەلنىڭ رادىپ ۋە قاپىيىلىرى جەمئىي 13 ھەرپ بىلەن ئاخىرلاشقان. قالغان 15 ھەرىپ بىلەن قاپىيىلىنىدىغان غەزەللەر يوقالغان. داۋاملىق ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

بۇ قول يازما ئىچىدە يولداش غۇلام ئەبەيدۇللا نەشىرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1982 - يىل 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان ناقىس شېئىرلىرىدىن ئۈچ غەزەل بار. بۇ ئۈچ غەزەلدىن باشقا شېئىرلار تېخى ئېلان قىلىنمىغان يېڭى شېئىرلاردىن ئىبارەت. ئېلان قىلىنغان ئۈچ غەزەلدىمۇ تېكىست ۋە تەييارلىنىش جەھەتتە بەزى پەرقلەر بولغانلىقتىن قايتا نەشىر قىلىندى. شېئىرلار ئاپتورنىڭ كۆرسەتمىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاساسىدا دىۋان تەرتىپى بويىچە رەتلەندى.

1

جىلۋەگەردۇر ھەر تەرەفدىن شەمئىي ئەنۋارى خۇدا،
بادە تابىدىن قىزىل بولغاچ ئۇزارىڭ ساقىيا.
بارمۇ ئىمكان كەئبەدىن مەيخانەغە قويماي قەدەم،
بۇ سىفەت مەۋج ئۇرسە ئول يۈزنىڭ سەفاسى ئابدا.
زاھىدا، پاك ئەيلەمەي بىرلە كۇدۇرەتدىن كۆڭۈل،
ئەيلەگىل ئولدەم باشىڭغە بادە پالاردىن رىدا.
ئول زەمان گام ئۇر تەۋەققۇفسىز ھىدايەت دەيرىغە،
كىرگەچ ئوق پىرى مۇغان سارىغە قىلغىل ئىقتىدا.
تاكى يەتكەي جانىڭە فەيزى ئىلاھىدىن فۇتۇھ،
خاتىرىڭدىن مەھۋ ئولۇپ كەتكەي نۇقۇشى ماسىۋا.
گەر بۇ يەڭلىغدۇر ئىمامۇ مەسجىدۇ ھۇيۇڭ سېنىڭ،
يارۇماي قالغايمۇ كۆڭلۈڭدە تەجەللىيى ھۇدا.
ئەي خۇشا، ئول رىندىكى ئۇمر ئۆتمەكىن يەلدەك بىلىپ،
سىپقارىپ بىر يول فەنا جامىن ئەبەد تاپغاي بەقا.
چەكمە ھەسرەت، ناقىسا، شايەدكى پىرى دەيرىدىن
كەلسە تاڭ يوق «ئەشرەبۇ» دېپ ھەر سەھەر شىرىن نىدا.

www.uyghurkitap.com

2

ئەي، ھەمە زەررات ھۇسنۇڭدىن بولۇپ ھەيران ساڭا،
فۇرقەتىڭدىن مېھر ھەم چەرخ ئۆززە سەرگەردان ساڭا.
نۇھ ئۇمرىدە رىيازەت چەكسە يول تاپماس بىراۋ،
كىم سېنى مەئبۇد دەپ كەلتۇرمەسە ئىمان ساڭا.
مۇزتەرىبدۇر تەن ئارا جانلار سېنىڭ يادىڭ بىلە،
گويىيا جانلار تىلەر قىلماق ئۆزىن قۇربان ساڭا.
نېئمەتى جەننەت بىلە قەسرىن ئانىڭ قىلماس ھەۋەس،
كىمكى بىر-ئىككى نەفەس بولغان ئېسە مېھمان ساڭا.
بولدى تاپتى ھەر گەدايىكىم سەرى كويۇڭدادۇر،
بەندە بولماق نىسبەتىن ئالەم ئارا سۇلتان ساڭا.
يوقدۇرۇر، ھەركىم قىلۇر ئالەمدە يۈزمىڭ يىل ئەگەر،
جۇدۇ ئېھسان، فىسقۇ ئېسيان، نەفئى يا نۇقسان ساڭا.
بىر غەنىسەنكىم، سەلاتىن خەيلىدۇر چاكەرلەرىڭ،
ئايۇ كۈن باردۇر كەرەم خانىدا ئىككى نان ساڭا.
سەن كەبى مەنئېمنى مىڭ يىلدا خىرەد قىلماس دەرىك،
بىر دىرەمدەكدۇر گەدا نەزدىدە يۈز مىڭ كان ساڭا.
ھەسرەتى دۇنياۋۇ فىكرى ئاخىرەت قىلماق نەدۇر،
بولسە مۇنداغ، ناقىسا، ئالى كەرەم سۇلتان ساڭا.

3

ئەي، يۈزۈڭ سارى نەزەر قىلماق ئىبادەتدۇر ماڭا،
قاشلارىڭنىڭ گۇشەسى مېھرابى تائەتدۇر ماڭا.
ئىنتىزارىڭدىن غۇبارى مەقدەمىڭ مۇشتاقىمەن،
مەسجىدۇ مەيخانە فىكرىدىن فەراغەتدۇر ماڭا.
كېچە ئىگرانسام سەرى كوي كويۇڭدا ئىتدەك. قاۋماكىم،
نالە قىلماق ئول سەرى كوي ئىچرە راھەتدۇر ماڭا.
ئىشقى دەشتىدە ئەگەر ئۆلسەم مېنى دەفن ئەيلەمەڭ،
كىم يېسە جىسمىمنى قۇزغۇنلار سەئادەتدۇر ماڭا.
يادىڭ ئەتتىم ھەجرى جەللادى يېتىپ قەتل ئەيلەدى،
تىغىدىن ھەرلەھزە يۈز تۈرلۈك ھەلاۋەتدۇر ماڭا.
ۋائىزا، ئىشق ئەھلى سانىدا مېنى زىكر ئەيلەدىڭ،
ئۇشبۇ لوتفۇڭدىن ئۇلۇس ئىچرە كەرامەتدۇر ماڭا.

خانىقەھ تەشرىفى تەكلىفىدە زەھمەت چەكمەگىنز،
كىم مۇقىمى دەير ئولۇپ ئۆلمەك شەرافەتدۇر ماڭا.
دەپ ئىمىش دۇشمەنكى، ناقىس ئىتلارىڭدىن ئار ئېتەر،
قىلمە باۋەركىم، بۇ سۆز يالغان مەلامەتدۇر ماڭا.

4

بىر گۇلى رەئنا ئۇزارىدىن يۇرەك قاندۇر ماڭا،
كاكۇلى فىكرىدە مۇشكىل ئىشقىپچاندۇر ماڭا.
قاشلارى سەۋداسىدىن كۆڭلۇم جەھاننى سەير ئېتەر،
يېڭى ئايلاردەك فەلەك دەۋرىدە دەۋراندۇر ماڭا.
كۆزلەرى يادى ئۇچۇرمىشدۇر كۆزۈمدىن ئۇيقۇنى،
بىر مۇسۇلمان ئىككى كافىردىن ھەراساندۇر ماڭا.
بەرق ئۇرۇپ كۆڭلۇمنى كۆيدۇردى ئۇ زارى شۇئلەسى،
ئەرسەۋۇ ئىمكان بۇ بىر ئوتدىن چىراغاندۇر ماڭا.
ئاغزى رەمزىنىڭ خىيالىدىن يوق ئەتتىم بارلىق،
بار بولماق ئۇشبۇ يوقلۇقدىن نەماياندۇر ماڭا.
خەتتى يادىدىن خىزىردەك تا ئەبەد تاپتىم ھەيات،
بىر قەدەم ئۇرماي بۇ يەڭلىغ ئابىھەيۋاندۇر ماڭا.
لەئلى شەۋقىدىن دەمادەم قان يۇتار كۆڭلۇم مېنىڭ،
گويىيا جەننەتدە ئۆسكەن نارى خەنداندۇر ماڭا.
تىشلارىدىن ھاسىل ئەتمىشمەن غىنائى بىفەنا،
ھەر بىرى سەرمايەئى يۈز دۇررى غەلتاندۇر ماڭا.
خالى يادىدىن كۆكۆل خىلۋەت سەرايى نازدۇر،
جىلۋەگەر بىر نۇقتەدىن يۈز پارە فەرراندۇر ماڭا.
باغلالەب، ناقىس، تەكەللۇمدىن ئۇزاتمە قىسسەنى،
كىم دېگىل ھەربىر نەفەس ئەيشى سۇلەيماندۇر ماڭا.

5

دېمە چەككەچ بويۇن بولدى ئول ئاي ئەرشى بەرىن پەيدا،
كىم ئولدى جىلۋەسىدىن ئاسمانۇ ھەم زەمىن پەيدا.
كۆزىنىڭ گەردىشى ئىشق ئەھلىگە مەنسۇر دەۋلەتدۇر،
دېسەم تاڭ يوق، ئانىڭدىندۇر سۇلەيمانغە نىگىن پەيدا.
ئەرەق تۆكتى ئۇزارىدىن ئىچىپ گۇلگۇنە مەي بۇ تۈن،

فەلەك ئەنجۇم زەمىن ئىچرە تۈمەنمىڭ مەھجەبىن پەيدا.
لەبى لەئلى چىقارغاچ خەت ھەلاۋەتدە تەراۋۇتدۇر،
ئەگەرچە قەدرى كەم بولدى ئەسەل قىلغاچ چىبىن پەيدا.
قاشى ئەگرى ئەگەر بولسە قىلۇر ئاشىق ئەگەر ئاندىن،
كۆزى ئەييارى ئول يۈزدە قىلىپدۇركىم كەمىن پەيدا.
تەبەسسۇم چاغى ئول مەھۋەش تىشىن كۆرسەتتى ئاشىقغە،
شۇئائى تۈشتى دەرياغە ئىبرۇر دۇررى سەمىن پەيدا.
بىلەامەسمەنكى، ناقىسنىڭ نەمازى نى بولۇر، يا رەب،
قىلۇر ھەر سەجدەسى ئىچرە ئانىڭ قاشى خەمىن پەيدا.

6

قىلغالى بىئىنتىھا ئىشقىمنى شەرھ، ئەي مەھلىقا،
قامەتىڭ شەۋقىدە سۆز قىلدىم ئەلفدىن ئىبتىدا.
نى قەمەر تەلئەت پەرىۋەشسەنكى ئەۋجى ھۇسن ئۆزە،
نازدىن ئۇششاق بىكەس كۆڭلىنى قىلدىڭ قارا.
ئول بەلالىغ كۆز قاراسىدىن مەنى دىۋانەگە،
مۇلكىدۇر ئاي-كۈن بىلە ئەنجۇم قارالاردىن قارا.
كۆزلەرىڭ بەھرامى قاشىڭ تىغىدىن قان تۆكتىمۇ،
بولدى قىرمىزى جەھان، ياقتىڭمۇ يا گۇلگۇن ھىنا.
.....① تەڭرى ئۈچۈن، ئەي گۇللىقا، كاكۇل بىلە،
.....② زەڭگار ئارا ئاي بىرلە كۈن تاپماي زىيا.
سەكرەتىپ تەۋسەن باشىم ئۈستىڭگە جەۋلان ئەيلەدىڭ،
قىلدى ئىشق ئەھلى ۋۇجۇدۇم تۇپراغىنى تۇتىيا.
خالى فىكرى غەيرىدىن تاپسام كۆڭۈلنى، ئەي پەرى،
دەر ئىدىم ئىشقىڭ سۆزىن، ئەمما تاپالماسمەن خالا.
يار ئىلە ئەغيار يەكساندۇر كۆڭۈلنىڭ نەزدىدە،
بولماغاچ سەندىن بۆلەك مەقسۇد ياكى مۇددەئا.
ساقىيا، كۆڭلۈم پەرىشاندۇر كەرەم قىل بىر قەدەھ،
كىم لەبىم يەتكەچ كۆڭۈلدىن مەھۋ بولسۇن ماسەۋا.
ئەي، قارا كاكۇل، قىزىل رۇخسار، كۆك كۆز، ئاق بىلەك،
سەندىن ئىبرمىش تۆرت مەزھەبدە مۇخالىف ماجەرا.
بەرگى نەيدەك لەبلەرىم كۆكدۇر فىراق ئىدبارىدىن،

①② بۇ سۆزلەر ئەسلى قول يازمىدا ئۆچۈپ كەتكەن (م).

كۆك بۇلۇتغه تولدى ئاھىمدىن مېنىڭ سەھنى ھەۋا.
لەيلى مەجنۇنغه يۈزىن كۆرگۈزدى ھەيران ئەيلەدى،
ئانچەكىم ياد ئەتمەدى باشىدا قۇش تۇتتى ئۇۋا.
ناقىسى مەھجۇر ۋەسلىڭ شەۋقىدىن ھەر سۇبھىدەم،
كۆپ چىكەر قەقنۇسدەك مىڭ رەڭگى دۇن بىرلە سەدا.

7

چىقتى جانىم ئول مەسىھاۋەش نەزەر قىلماس ماڭا،
بولدى ياشىم خاكەر ئاھى ھەم گۇزەر قىلماس ماڭا.
ئىشقى ئەكسىرى قاراتاش بولسە ھەم ئالتۇن قىلۇر،
دېمە، ئەي مۇنكىر، كېلىپ تەگدى ئەسەر قىلماس ماڭا.
بەزم تۈزمىش ئول گۇلى رەئنا بۇ كۈن ئۇششاق ئىلە،
تالىئى ۋاژۇنە كۆرگىلكىم خەبەر قىلماس ماڭا.
يار ھەجرى غەملەرىدۇركىم مېنى قىلمىش زەبۇن،
ۋەرنە دەۋران زۇلم ھەرگىز بۇ قەدەر قىلماس ماڭا.
كۆزلەرىڭ مىژگان ئوقى بىرلە خەراب ئەتتى تەنىم،
بۇ قەدەر زۇلمۇ ستەم ئەھلى كەفەر قىلماس ماڭا.
ئىشقى مەيدانىدا فۇرقەت تىغىدىن ئازۇردەمەن،
كىم بۇ ئىشنى ھەرب ئارا تىيغۇ تەبەر قىلماس ماڭا.
ئەل كۆرۈپ چېھرەمنى مەنئ ئەيلەر تەئامۇ ھەربىدىن،
نەفسىم ئەيتۇر، قول ئۇزاتقىلكىم، زەرەر قىلماس ماڭا.
ئاغزى فىكرىدىنكى كۆڭلۈم قىستالىپ نال ئولدى تەن،
مۇنچە ئاجىزلىقنى ئول مويى كەمەر قىلماس ماڭا.
جان فىدا ئەيلەپ يولى ئۈستىدە خاك ئولدۇم بۇ كۈن،
ناقىسا، ئول باغرى تاش دىلبەر نەزەر قىلماس ماڭا.

8

ئەي، سىپىھرى ھۇسن ئەۋجىدە قۇياش چاكەر ساڭا،
تەلمۈرۈر كۆرمەك ئۈچۈن ھەر كېچە يۈز ئەختەر ساڭا.
بىر تەبەسسۇمدىن جەھان باغىنى گۇلزار ئەيلەدىڭ،
مەھۋ بولمىش تىشلارىڭ يادىدا يۈز گەۋھەر ساڭا.
نەخلى ۋەھدەتدە نىشىمەن ئەيلەگەن ئەنقا ئىدىڭ،
بىر قانات يايماقدىن ئولمىشدۇر تەنىم شەھپەر ساڭا.

قايسى بىر گۈلنى يامان دەپ تىل چېكىپ بولغاي ئىكىن،
گۈلشەنى ئىمكاندا چۈن ئېرمىش بارى مەزھەر ساڭا.
خىمەئى ئىززەتدە بىر شەھسەنكى مۈلكۈڭدۇر جەھان،
ئىككى مەئزۇن بەندەدۇر داراۋۇ ئىسكەندەر ساڭا.
ھەسرەتىڭدىن ئۆمرلەردۇر كېچەلەر بىدارمەن،
كاشكى بولغاي ئىدى ئاگاھلىق، ئەي رەھبەر، ساڭا.
مەسجىدى ۋەھدەتدە سەندۇرسەن خەتىبى جۇزۋۇكۇل،
لامەكان ئەۋجى خىتاب ئەيلەردەكى مۇنبەر ساڭا.
شەمئى زاتىڭ چۈن چىقاردى باشىدىن دۇررى سىفات،
بولدى پەيدا يۈز تۈمەن گيسۇيى بۇ ئەنبەر ساڭا.
ھەرنە جەۋلان ئەتسە سەندىندۇر مەدارى جىلۋەسى،
ۋەھكى مەھشەر جىلۋەسىن لازىم ئەمەس مەھشەر ساڭا.
ۋەھدەت ئاباد ئىچرە سۇلتانى سەلاتىن سەن ئۆزۈڭ،
قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد① ئالتۇنىدىن ئەفسەر ساڭا.
قول-ئاياغسىزلىغ بۇ ناقىسنى يىقىتسە نى ئەجەب،
كىم قىلىپ جۇرئەت بۇ يەڭلىغ ھەمدلەر ئەيلەر ساڭا.

9

زىھى ھۆكمۈڭ بىلە كەۋنەين بازارى بولۇپ بەرپا،
بەشەر خەيلى بۇ بازار ئىچرە شەۋقۇڭدىن قىلۇر سەۋدا.
نە ئىستىغنا ئېرۇر بۇكىم، زىيادەت بىرلە نۇقسان يوق،
ئەگەر ئالەمچە يۈز مىڭ يوق بولۇپ، بولسە ۋەگەر پەيدا.
قەنى پەرۋانەۋۇ بۇلبۇل، قاياندۇر شەمئى بىرلە گۈل،
سېنىڭ يەكتالىغىڭدۇركىم ئېرۇر ئۆز ھۆسنىگە شەيدا.
جەمالىڭ ،ئىنتىزاردۇر، قايۇ كۆزكىم ئاچىلمىش ئول،
ئەمەس ئەنجۇم، تىلەپ جىلۋەڭ كۆز ئاچمىش گۈنبەزى خۇزرا.
ئەگەر مېھرۇ ئەگەر زەررە سېنىڭ كويۇڭدا سەرگەردان،
ئېرۇر سەندىن نەزىرى رەئدۇ بەرقۇ شورىشى دەريا.
ئېرۇر ئىشق ئەھلىگە راھەت سېنىڭ كويۇڭدەكى مېھنەت،
تاپىپ ئول كويىنى ھەركىم ساغىنىپ جەننەتۇلمەئۋا.
لەبىڭدىن فەيزى چۈن تاپتى، ئاتاندى سەگى خارا لەئل،

① «ئېيتقىنكى، ئۇ—ئاللا بىردۇر»، «قۇرئان كەرىم» 30-پارە، 112-سۇرە ئىخلاس 1-ئايەتنىڭ تەرجىمىسى (م).

ساچىڭدىن خاك بۇ تاپتى ئاتاندى ئەنبەرى سارا.
قاشىڭ فىكرىدە ناقىسىنىڭ ئىگىلدى قەددى گەردۇندەك،
يۈز ئاچىپ ئەيلەگىل كامىل ھىلالىن، ئەي مەھى بەرنا.

**10**

ئەي، ئۈزارىڭ يادى بىرلە چېھرە گۈلگۈندۇر ماڭا،
كۆرسە ئەل ئەيلەر گۇمان جام ئىچرە ئەفيۇندۇر ماڭا.
ئاقىزۇر ئەشكىم ئەمان بەرمەي تەنىم خاشاكىنى،
كۆزلەرىم گوياكى ئۇممان بىرلە جەيھۇندۇر ماڭا.
كويى باشىدا گۇمان قىلماڭ ئاچىلمىش لالەلەر،
كىم لەبى لەئلى خىيالىدىن جىگەر خۇندۇر ماڭا.
تاشلادى دەشتى فەناغە زۇلفى سەۋداسى مېنى،
مۇڭداشۇر ھەمدەم بۇ ۋادى ئىچرە مەجنۇندۇر ماڭا.
ۋەسل پەيغامى لىباسىغە يېتىپ بولماس كىشى،
ۋەرنە ئەشكىمدىن لىباسىز دۇررى مەكنۇندۇر ماڭا.
نۇھ ئۇمرىدىن نە ھاسىل بولسە گەر غەفلەت شىئار،
بىر نەفەس يادىڭدا چىققان ئۇمر مەيمۇندۇر ماڭا.
ھەسرەتىڭدىن تولدى قان كۆڭلۈم ئارا لېكىن دېمەم،
بىلمەك ئىستەر ھەر كىشى گۈل غۇنچە مەزمۇندۇر ماڭا.
دېمەگىل ناقىسنى مۇفلىسدۇر يالاڭ كۆرگەچ تەنىن،
دەرگەھ ئۈريانلىغ ئەزەل ئىنئامىدىن توندۇر ماڭا.

**11**

ئاھكىم، ئوق ئاتتى كۆكسۈمگە مېنىڭ ئول قاشى يا،
ۋەجھى بۇدۇركىم، تېشۈكلۈگ نې كەبى باغرىم يارا.
ۋەھ، نە بىتالىئدۇرمەن مەجنۇنىن ئول لەيلىۋەش،
يوقلۇماق بولسە، رەقىبى شۇم كۆرمەپدۇر رەۋا.
قامەتى نەخلىدە كۆڭلۈم ئاشيان قىلماسلىغى
بۇكى، ئول زۇلفى مۇسەلسەللەر كۆرۈنمىش ئەژدەھا.
ۋەسل خانىدىن تەمەتتۇئ كۆز تۇتۇپ مەن تەلبەنىڭ،
ھاسىل ئولمىش شاھۋەش تەبئىمكى ئەخلاقى گەدا.
ئەي پەرى دىۋانە چۇن قىلدىڭ يەنە قاچماق نەدۇر،
قىلماغىل مۇنداغ خىلافى ئىشق شەرئى ماجەرا.

بار ئۇچۇن قاشۇ كۆزۈڭ، زۇلفۇڭ كەبى زۇلمەت نىشان،
بولدى بەختىمنىڭ يۈزى ئۇل ۋەجھىدىن تۈنىدەك قارا.
ئىشق سىررىدىن شۇئۇرى يوق، دېمە ھەرگىز مېنى،
كىم بۇ بىخۇدلۇق شۇئۇرى مەھز ئېرۇر بىل، ناقىسا.

12

ئەي، نەزاكەت مەئاب ھۆرلىقا،
ئەيلەدىڭ ھەجر ئارا كۆڭۈلنى ئەدا.
فۇرقەتىڭدىن قارا ئىدى مىرئات،
ئاي يۈزۈڭدىن جەھاندا تاپتى سەفا.
مەن ۋەفا كۆزلەدىم ۋەفا ئەيلەپ،
كەلدى سەندىن ۋەفا يولىدا جەفا.
تىيرە بولدى جەھان ئىچى كېچەدەك،
سۈرمە بىرلە كۆزۈڭنى قىلمە قارا.
ۋەھكى، ئالەم ۋۇجۇدى سەندىن ئىدى،
بولدى سەندىن زۇھۇرى بىرلە جۇدا.
كۆيدى كۆڭلۈم فىراق ئوتى بىرلە،
قەسدى جان ئەيلەمەك نەدۇركى يەنا.
بولمايىن تا فەنا بەقا يوقدۇر،
سالىك ئولساڭ ئۆزۈڭنى ئەيلە فەنا.
ناقىسا، قىل ئۇمىد خەۋفى بىلە.
شەرتى ئىمان ئىمىشكى خەۋفۇ رىجا.

13

بولدى بىر مەھۋەش ھەجرىدە جىگەر چاك ماڭا،
تاڭ ئەمەس يىغلاسە ئەنجۇم بىلە ئەفلاك ماڭا.
تەلبەلەر كەلمەسە يانىمغە مېنىڭ جايىز ئېرۇر،
يوقدۇرۇر چۈنكى پەرى ئىشقىدا ئىدراك ماڭا.
قىلماسام مەيلى جەھان ئۆيلەرىگە ئەيب ئەتمەڭ،
بەسدۇر ئول كوي ئارا قىلماقغە مەكان خاك ماڭا.
مەن ئەجەب رىندىيۇ مەيخارەكى ھەريان باقسام،
كۆرۈنۈر بارچە تىكەن بەرگىلەرى تاك ماڭا.
مەزھەبى ئىشق ئارا بىلمەنكى دەلائىل نە ئىكىن،

قالمادی هېچ قىلۇر ئىشلار ئارا باك ماڭا.
ئەل سەفا بابىدا ئاي-كۈن ھەممىدىن ساف دېمىش،
كۆرۈنۈر ئىككىلا ئالەمدە ئول ئاي پاك ماڭا.
كۆز تۆكەر ۋەسلىڭ ئۈچۈن دۇررى ئەدەن، ئەي گۇلرۇخ،
خەرجلىك بولسە بۇرەڭ قالمادی ئىمساك ماڭا.
دوستلار رەھم قىلىڭ ناقىس بىچارەگەكىم،
دەر: كۆيۈپ بولدی يۈرەك بىرلە جىگەر زاك ماڭا.

14

كۆيدۈرۈر ھەردەم مېنى تاشلاپ يىراق ئول دىلرەبا،
كاشكى بولغاي ئىدی ۋەسل ئىچرە ھەردەم يۈز بەلا.
روزگارىم چۇن پەرىشان كۆرسەڭىز ئەيب ئەيلەمەڭ،
كىم ئېرۇرمەن زۇلفىغە يۈز مىڭ كۆڭۈلدىن مۇبتەلا.
سەيری باغ ئەتكەندە ئول گۇلغە يۇلۇقساڭ ناگەھان،
بۇ غەرىبۇ بىنەۋا ئەھۋالىن ئەيغىل، ئەي سەبا.
سەندىن ئايرۇ مەن كەبى ئەۋۋارە يوقدۇر دەھرىدە،
مۇنچەكىم چەكتىم سۇئۇبەت ئەمدی نېدۇر مۇددەئا.
ئول پەری ھەجرىدە مەن دىۋانەدۇرمەن تاڭ ئەمەس،
كويىدا ئەتفال تاشىدىن تەنىم بولسە يارا.
كىرمەيىن تۈز يولغە مەتلۇبدىن نىشان تاپماق مەھال،
گەرچە يۈز مىڭ يىل تەرەددۇت بىرلە ئۇردۇڭ تەكۇپا.
دەھرباغى ئىچرە، ناقىس، گۇللار ئاچىلمىش ۋەلې،
قالدی كۆڭلۈم غۇنچەسی ئاچىلمايىن يافراغ ئارا.

15

ئەي، سەرۋ قەدی لالە رۇخى شەمس ئۇزارا،
ھەل يەمكۇنە مىن ئىشقىكە لىلخۇلقى فەرارا.
خالىڭنى يۈزۈڭ ئۈستىدە كۆردۈمكى تىلەرمەن،
مازەل ئەلىيۇددەھر مەئەللەيلى نەھارا.
باغ ئىچرە كىرىپ جىلۋە قىلىپ ھەر تەرەف ئېردىڭ،
قەد نەسىرۇلئەشجار ئەلەررەئىس زىھارا.
كويۇڭ باشىغە بارغالى ئىمكان قانى، ئەي گۇل،
ئىز ئەھدەسە ئەينايى مىنەددەمئى بىھارا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كەتكەيمۇ كۆڭۈل باركەھىڭ ئالدىدىن ھەرگىز،
مادامى ئەلەلئەرزى جىبالۇن ۋە زۇھارا.
مەن خەستەگە بەس دەۋلەت ئىقبالى خىيالىڭ،
يالەيتە تەرانى مەئە فەرھىن بىجىھارا.
دەۋراندا كۆڭۈل كېچەۋۇ كۈندۈز سېنى ئىستەر،
يا زاھىرۇ يا باتىنۇ ئەئتەينى قەرارا.
ئەي، خاكى دۇرى جان كۆزىگە كۇھلۇ جەۋاھىر،
ئىن غابە مىنەلبابى لەھۇ لەيسە بىسارا.
ئول سېھر بەيان ئەيلەدى ناقىسنى مۇفەككىر،
مىن زالىكەلا تەئخۇزۇھۇننەۋمى سىھارا.

16

قىلماغىل، يارەب، مېنى ئول مەڭزى قىرمىزدىن جۇدا،
قىلغۇچە ئاندىن جۇدا، قىلغىل ئۇغۇل-قىزدىن جۇدا.
چۇن فەنا ئەسبابىنىڭ يوقدۇر ۋەفاسى كىمسەگە،
فانى بولماسدىن بۇرۇنراغ قىل ئانى بىزدىن جۇدا.
يار دەشنامىن ئەگەر قىلماي دېسەم بولماس بەيان،
دەر: مېنىڭ ھەققىمدە، يارەب، قىل بۇ قىرغىزدىن جۇدا.
ئىشق ئېلىن قەتل ئەتتى دەپ قىلمان دۇئايى بەد ئاڭا،
قالدى ئالەم بىئەدالەت خانى چىڭگىزدىن جۇدا!
قاچماغىل مەندىن رەفىقا بىمۇشەببەتدۇر دەبان،
كىم ئۆلەرمەن بىرزەمان بولسام ئەگەر سىزدىن جۇدا.
ياخشىلار يىتكەن جەھانىنىڭ سىررىن ئەيلەرسەن ھەۋەس،
قويماغىل ھەرگىز قەدەم ئول يولدىكى ئىزدىن جۇدا.
قىلدى خۇسرەۋ گەرچە شىرىندىن جۇدا فەرھادنى،
قىلمايىن قويدىمۇ دەۋران ئانى فەرۋىزدىن جۇدا.
كەتتى، يارەب، دوستلار ناقىسنى تاشلاپ ھەر تەرەف،
قىلماساڭ بەسدۇر ماڭا ئول مەڭزى قىرمىزدىن جۇدا.

17

ئەي، پەرى پەيكەر غەمىڭدىن كېچە ئەفغاندۇر ماڭا،
كۈندۈزى ۋەسلىڭ تىلەپ كۆزلەر قىزىل قاندۇر ماڭا.
تۇتماسام ئالەمغە ئۇلفەت دوستلار ئەيب ئەيلەمەڭ،

بائىسى دىۋانەلىغ ئول ماھى تاباندۇر ماڭا.
گاھى دەير ئىچرە گەھى مەسجىددە يۈرسەم فەرق يوق،
كىم قايان بارسام تىلەر مەقسۇد جانانىدۇر ماڭا.
ئول قۇياشنىڭ فۇرقەتىدىن چەرخىدەك سەرگەشتەمەن،
ھەر كېچە مىڭ كۆز بىلە ئەفلاك ھەيراندۇر ماڭا.
جەننەتۇ دەۋزەخ تىلەپ، قاچىپ، مېنىڭ پۈتمەس ئىشىم،
ھەر نېچۈك ھۆكم ئەتسە ئەينى ئەدلى سۇلتاندۇر ماڭا.
ئەي قۇيۇن ئەيلەپ ھەۋا سەرگەشتەلىك باش چەكمە كۆپ،
بىر كۆڭۈل مىڭ پارەۋۇ ھەرپارە بەرياندۇر ماڭا.
باسمە، ئەي رەھرەۋ، فەنا دەشتىدە باغرىم پارەسىن،
كىم بىرى مىڭ دۇردىن ئارتۇق لەئلى رۇممانىدۇر ماڭا.
مۇنىسۇ غەمخارە، ئەي ناقىس، بەلا ۋادىسىدا،
مېھنەتى بىھەددۇ ئەندۇھۇ فەراۋاندۇر ماڭا.

18

ئەي، ئىككى جەھان دەفتەرى ئالدىدا ھۇۋەيدا،
پەيدالىغى پىنھان داغى پىنھانلىغى پەيدا.
ئەئيانىنى قىلىپ ئايىنەئى ھۇسنى قەدىمي،
نەززارەچىنى ئەيلەگۈچى ھۇسنىگە شەيدا.
مۇساغە بېرىپ قۇدرەتىدىن قۇتى تەئەييۇد،
كۆرگۈزگۈچى دۇشمەن ياندا ئىلكىنى بەيزا.
ئەيساغە بېرىپ فەيز ھەياتى ئەسەرىدىن،
تىرگۈزسە ئۆلۈكنى دېگەن ئاتىنى مەسېھا.
ئىمكانى قەنى مەدەد ئەتمەي نۇرى ھىدايەت،
ئىمانلىغ ئۇلۇس ئەيلەمەكى زىكر ئەلالا.
سۇ تۆكمەگۈچە فەزلى بولۇتى كەرەمىدىن،
بۇ ساھىل ئارا شورىش ئېتىپ ئاقمادى دەريا.
تاك ئىچرە ئېرۇر قەترە مۇھىتى كەرەمىڭدىن،
ئانىڭ سۈيىدىن شورىش ئېتەر خۇم بىلە مىنا.
خانى كەرەمىڭ مۇئتەمىدى كافىرۇ مۇئمىن،
كويى ھەرەمىڭدە زەكىيۇ جاھىلۇ دانا.
سەن جىلۋە قىلىپ كەۋنۇ مەكان چېھرەسىن ئاچتى،
سەن ئارەز ئاچىپ بولدى بەنا دۇنيەۋۇ ئۇقبا.
ناقىس قول ئاچىپ ۋەسل تىلەپ چەكتى بىر ئاھى،
كىم كۆيدى ئانىڭ لەمئەسىدىن جۇرمى سۇرەييا.

www.uyghurkitap.com

19

ئەي، ساچىڭدىن لەيلى ـ مەجنۇن شىۋە بۇ بازار ئارا،
قويماغىل ئاشىقنى فۇرقەت نىشىدىن ئازار ئارا.
جانغە لەئلىڭدىن سېنىڭ ھەر لەھزە بىر سەللى يېتەر،
كىرپىكىڭ يادىدا قالغاندىن بىرى يۈزخار ئارا.
ئايىنە ھۆسنۈڭگە كۆز سالغاچ ھەيانى تەرك ئېتىپ،
بەلگۈرۈر كۆزلەرگە قۇرسى مېھرىدەك دىيدار ئارا.
زەئفدىن تۈشتۈم ئاياغىڭغە ساچىڭ بەند ئەيلەدى،
ئول ئۆرۈمچىدەككى چىرماندى توقۇلغان تار ئارا.
مەجلىسى زىكرىڭدا غەفلەت مەزھەرى بولغان كۆڭۈل،
بىر ئۇلۇغلۇق كىمسە يەڭلىغدۇر سۇرۇك بىدار ئارا.
تاشلادى نەمرۇد ئوت ئىچرە خەلىلۇللاھنى،
قالدى كۆڭلۈم ئىشقىدىن يۈز ئاھى ئاتەشبار ئارا.

20

ئەي، كۆڭۈلنىڭ گەۋھەرىن قىلغان خەفى ئىنسان ئارا،
ئەيلەگەن يەڭلىغ بەدەن ئىمان چىراغىن جان ئارا.
يوقدۇرۇر ھېچكىم ئەيانلار ئىچرە زاھىر سەن كەبى،
ھەم يەنە يوقدۇر سېنىڭدەك ساھىبى پىنھان ئارا.
مۇمكىن ئولماس ھېچ ۋاجىب بولماغى مۇمكىن بىلە،
لېك تاپماغلىق سېنى مۇمكىن ئەمەس ئىمكان ئارا.
فىكر ئېتىپ ھەيرەتدە لال ئولدى كۆڭۈل ئايىنەسى،
يوقدۇرۇر بۇ فىكردىن مەندەك يەنە ھەيران ئارا.
جان دېسەم، جان سەندىن ئېرمىشدۇر ھەمە ئەجسامغە،
يوق سېنىڭدەك جان بېرۇر ئەجسامغە جانان ئارا.
جەۋھەرى ئىشقىڭغە يول بەرگىل بۇ كۆڭلۈم ئىچرىكىم،
ئاسراغاندەك لەئل ئىلە مەرجاننى بەھرۇكان ئارا.
ناقىسى سەرگەشتە شەۋقۇڭدىن فىغانلار چەكتى كۆپ،
ياد قىل، يارەب، ئانى ئۇششاقى سەرگەردان ئارا.

21

پارسالىق نارەسالىقدۇر خەلايىق ئالدىدا،
ھىرسدىن كەچمەك نەچە بولسە ئەلايىق ئالدىدا.

ئۇل ئەمەس ئاداب كىم قاچقاي ئۇلۇغلاردىن بۇكۇپ،
بەلكى خىزمەت ئەيلەمەكدۇر بارچە فائىق ئالدىدا.
ھۇ دېمەك، سەكرەپ ياشىن تۆكمەك دېگەن ھېچ گەپ ئەمەس،
فانىلىقدىن باقى بۇلغان ئەھلى زائىق ئالدىدا.
ئېئتىبارى يوقدۇرۇر بەھسۇ جەدەللىك ئىلمىنىڭ،
مۇبھەسى سۇفىيىيەۋۇ رەمزى ھەقايىق ئالدىدا.
نې كېرەك بىمەنفەئەت بەھسى فۇزۇلىنىڭ سۆزى،
بەتىن قۇرئاندىن بەيان بۇلغان دەقايىق ئالدىدا.
ۋاسىل ئولماس ئۇل تەجەررۇد پىشەكىم تۇرغاي مۇدام،
كۆڭلىگە كەلگەن تەمەننادىن ئەۋايىق ئالدىدا.
مەنزىل ئەتمەس كۆڭلىدە زەۋقى ھەقىقەت قەترەچە،
بولسە ھەركىمنىڭكى ھەرتۇرلۇك مەزائىق ئالدىدا.
نەستەردىن ھەرچەند رەئنادۇر قاچان تاپغاي مۇدام،
كۆڭلى ئىچرە داغلار قونغان شەقايىق ئالدىدا.
ناقىسا، قىلمە ھەقىقەت بادەسىدىن قالۇ قىيل،
زاھىرى رىندى سىفەت سىپھەتكە لايىق ئالدىدا.

22

دىن ساتىپ بۇغداي ـ قۇناقغە قونماغىل سەھرا ئارا،
نەيلەگەيسەن تاڭلا مەھشەر دىن ساتىپ دۇنيا ئارا.
شۆمشۇلۇپ قۇچقاچ، مۇشۇكدەك ھەركىشىگە سۇركەشىپ،
پۇل تاپىپ، مەھكەم قىلىپ، كۆڭلۈك داغى سەۋدا ئارا.
ئۆيگە بۇغداينى كۆمۈپ ـ قەرزىم تۇلا دەپ لاف ئۇرۇپ،
دەر ـ بەدەردۇرسەنكى كىمدۇر سەن كەبى رەسۋا ئارا.
تا قىيامەت تامغاقىڭ نەم بولماغاي، ئەي ھىيلەگەر،
ئۇمر ئۆتكەرسەڭ بىلىقدەك ھەم ئۇلۇغ دەريا ئارا.
ھەرنەچە ئالدىڭغە كەلسە مالۇ پۇل ئالىپ بولۇپ،
كۆرمەدىم دەرسەن سالىپ ئۆزۈڭنى نابىينا ئارا.
ئادەت ئولغاچ بۇ ھۈنەر ئەھلى ئەيالىڭغە سېنىڭ،
تۇرغالى قويماس بىرەر كۈن مەنزىلۇ مەئۋا ئارا.
بۇ جىھەتدىن يوقلۇغۇڭ پەيدا ئارا بىئېئتىبار،
يوقغە ئوخشايدۇر سېنىڭ پەيدالىغىڭ پەيدا ئارا.
شۇكر قىل، ناقىسكى، بەرمىشدۇر قەنائەت ھەق ساڭا،
بەرگۇسى شايەدكى مەنزىل ئاشىقى شەيدا ئارا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



23

كۆرۈك، ئەي دوستلار كىملەر قالىپدۇر ئۇشبۇ دەۋراندا،
مۇنافىق تەخت ئۈستىدە، مۇۋافىق بارچە زىنداندا.
سەفال ـ ئىبرىق دەما ـ دەم جىلۋە ئەيلەر مېھر ئەنۋەردەك،
جەمىيئى چىنى ـ لوڭقى مۇبتەلادۇر تەھتى خۇمداندا.
سالىپ ئەھلى سەلاھلار تاشقارى، مەزمۇمدۇر بارى،
دىيانەتسىز، ئەدەبسىزلەر مەسەررەت بىرلە خەنداندا①.
مەئىيشەت تەگلىكىدىن دەر ـ بەدەر ھەر يەردە دانالار،
ھەمە ئەسبابى ئەيشۇ شادمانلىق خەيلى ناداندا.
نىجىس ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر ئەھلى دۇنياغە مۇكەررەمدۇر،
گۆھەر دەريادا مەھزۇنۇ قەلەي مەجنۇن غەمى كاندا.
بۇ يۈرگەن ئادەمىيلەر دوستلۇغ ھەققىنى بىلمەسلەر،
نېچۈككىم بارچەسىنىڭ مۇددەئاسى ئاش ئىلە ناندا.
ئەگەرچە زاھىرى سۇفىلىق ئەيلەر بەئزى ئامىيلار،
ئۇلارنىڭ مەقسەدى تەھقىقلەسەڭ ئەنبارى ئىشتاندا.
خۇداۋەندىم ئۇلارنى ئۆز كەلامىدا دېمىش ھەيۋان،
بۇ خىسلەتلەر بارى مەھبۇل ئۈچۈن ئەنۋائى ھەيۋاندا.
كەل، ئەي ناقىس، تەمامى ئۆمرىنى مەسرۇفى ئېرفان قىل،
ئېشەكتىن ھەم بەتەردۇر مەئرىفەت يوق بولسا ئىنساندا.

24

ئەي، يارۇتقان مېھر شەمئىنى فەلەك ئەيۋاندا،
ئەيلەبان زەرراتىنى سەرگەشتە ئانىڭ ياندا.
كۆرگۈزۈپ شەمئ ئوتى ئىچرە ئۆز يۈزىنىڭ لەمئەسىن،
كۆيدۈرۈپ پەرۋانەنى جانبازلىغ مەيداندا.
ئارەزىدىن گۈل يۈزىگە ئەندەكى پەرتەۋ ساچىپ،
بۇلبۇلى مىسكىنىنى قاخشاتقان ئانىڭ ھىجراندا.
ئۆز جەمالى يۈزىدىن لەيلىنى ئەيلەپ ئەرجۇمەند،
ئەيلەگەن مەجنۇننى ئەۋۋارە كىيىكلەر ساندا.
لەئلىدىن شىرىن لەبىنى قەنددەك شىرىن قىلىپ،
زەھرى ھىجراننى ئويۇتقان كوھكەنىنىڭ جاندا.

① ئەسلى قول يازمىدا بۇ سۆز «زىنداندا» دەپ يېزىلىپ قالغان، مەنە ئېتىبارى بىلەن «خەنداندا» دەپ ئېلىندى (م).

كۆرگۈزۈپ ئۇزرا جەمالىدا ئۇزارىدىن ئەسەر،
كۆيدۈرۈپ ۋامىقنى ئول يۈز ھەجرىنىڭ خۇمدانىدا.
بەرقەدەك جەۋلان قىلىپ، بازارى ئىمكانىدىن ئۆتۈپ،
ھېچكىمنى قويماغان ئارام ئىلە دۇككانىدا.
ئىتتىك - ئىتتىك غەمزە بىرلە ھەرتەرەف ئەيلەپ نەزەر،
مىڭ كۆڭۈلنى سانچىغان ھەر كىرپىكى پەيكانىدا.
فۇرقەتىدىن زەئىفران بولغان يۈزۈ مىڭ خەستەنى،
گۈل كەبى قىلغان قىزىل يۈزلۈك ئۆزىنىڭ قانىدا.
ئەيلەگىل ناقىس كۆزىن يارۇغ ۋىسالىڭ شەمئىدىن،
ئىلگەرى ئۆتكەن ھەمە ئاشىقلارنىڭ پايانىدا.

25

باتىنى بولسە قارا يۈز ئاقىنى بىلمە سەفا،
بولماغاي قوي بىلە تەڭ گەرچە ئېرۇر ھەم ئاق كالا.
بىلمەسە دىل ئىشىنى ھەر يۈزى ئاق گۈلچەھرەئى،
ئىككى ئالەمدە ئانىڭدەك يوق ئېرۇر كۆڭلى قارا.
يار ئەمەس ئولكى كۆلەر ھەر كىشىگە شىيۋە قىلىپ،
يار ئولدۇركى قىلۇر يارىغە ھەم ئىستىغنا.
ئەھلى ئىرفان ھەممە ۋەقت غەرقە ئېرۇر ھەيرەتىدە،
كۆرسە ھەركىمدە ۋەفا جانىن ئېتەر راست فىدا.
بۇ فەنا دەيرى ئىچىدە ھاسىل ئېتىپ ئىشق، ئەي دىل،
يار كويىغە بارىپ گوي كەبى باش ئويىنا.
ناقىسى خەستە كەبى ھېچ كىشى يوق ھەيرانىڭ،
ئەي پەرى، رەھم قىلىپ ھالەتىغە ئەيلە ۋەفا.

26

قوشمە، ئەي مۇئمىن، كۇدۇرەت ھەرفىنى ئىمان ئارا،
ساقلا كۆڭلۈڭدە خۇدا يادىن ئەلفدەك جان ئارا.
قىل نەزەر ئالەمگە ئىبرەت.ئەينىدىن تەھقىق ئۈچۈن،
زاھىرۇ باتىن تەفاۋۇت كۆبدۈرۈر ئەئيان ئارا.
مۇمكىن ئېرمەس ھەرنېمە ئۆزىچە تاپماق ئېئتىبار،
ھەرنەچە تەدبىر سەئيى ئەتسە ئەگەر ئىمكان ئارا.
پەستدۇر ئالتۇن كۇمۇشدىن قەلەيۇ رو قىممەتى،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ۋەرنە ئېردى بارچە ياتماقدا بەرابەر كان ئارا.
پەنجى نەرخىدىن بىرەنجى قىممەتى بەس پەستدۇرۇر،
گەرچە يوق مۇندىن مۇكەررەمراق نىمەرسە دان ئارا.
قويۇ ئەچكۈ، ئات، كالا مىقدارى كەمدۇر هەم زەبۇن،
فىلۇ ئەستەر بارچەدىن ئەئلادۇرۇر هەيۋان ئارا.
قەدرى كەمدۇر ئەهلى ئىلمۇ قارىيۇ دەرۋىشنىڭ،
فاسىقۇ بەدكار بەدخۇ مۇهتەرەم ئىنسان ئارا.
يوق غىزايى فىلهەقىقەت خۇش مەزە ئۆي ناندىن،
ئەل قىلۇر مانتۇ هەۋەس بازاردا قاسقان ئارا.
هېچكىم قىلماس خەلىفە ئەسفىدىن بىر باب سۆز،
بارچە دەر خاقان كەبى يوقدۇر مۇكەررەم خان ئارا.
ئارى تەڭرىدىن هىدايەت يەتمەسە هەر بەندەگە،
قاندىن ئول مەهشەرغىچە غەفلەت بىلە تۇغيان ئارا.
ناقىسا، فىكر ئەتمە مۇنداغ قەلبى مەۋزۇئات ئۆچۈن،
ساقىئى گۇلچىهرە تاپىپ بادە ئىچ ئەيۋان ئارا.

27

گۇلرۇخۇم كىرگەندە بۇلبۇللار سەداسى باغ ئارا،
ئوت تۇتاشتۇردى چاقىن يەڭلىغ هەمە ياپراغ ئارا.
رەئد ئاهىمدىن سەدا كەسب ئەتكەن ئولسە يوق ئەجەب،
كوهكەننىڭ نالەسى قالغانغا ئوخشە تاغ ئارا.
گەردى باد ئېرمەس بەيابان ئىچرە باش چەككەن غۇبار،
بىدىلىدۇركىم ئۇرۇج ئەتكەن قالىپ تۇفراغ ئارا.
دەير ئارا بەدمەستلەر ساندا كۆرگەن ئەل كەبى،
قايسى مەجنۇندۇر دېگەيلەركىم قالىپدۇر ساغ ئارا.
ئىستەمە بۇيى مۇهەببەت بۇ زەمان ئەهبابدىن،
رەنج يەتمەسنى غەنىمەت بىل مۇنىڭدەك چاغ ئارا.
خاتۇنىكىم ئۆي ئارا پەرداز ئېتىپ ئەلدىن قاچار،
بولمە گول ئەلبەتتە باردۇر ئوپناشى قازناغ ئارا.
قىل هەزەر سىماسى ئاق شىرىن سۇخەن ئەييارىدىن،
باردۇرۇرۇ ئەلبەتتە ئەخلەت ئۈستى ئاق قايماغ ئارا.
كۆڭلى تۈزنىڭ سۆزىنىڭ قاتتىغلىقى ئەيب ئولماغاي،
كۆپدۇرۇر، ناقىس، دىلى قاتتىغ تىلى يۇمشاغ ئارا.

28

ئۇلدەمكى ھۇسنۇڭ گۇلشەنى يۈز ئاچتى بۇ ئالەم ئارا،
گۇل ھەجرىدىن قالدى كۆرۈپ بىچارە بۇلبۇل غەم ئارا.
شەرھى جەمالىڭ ئۆرتەدى بىچارە بۇلبۇل جانىنى،
قالدى ئەزەلدىن تا ئەبەد ھەجرىڭ بىلە ماتەم ئارا.
لەيلىغە قىلدىڭ بىر نەزەر، مەجنۇننى شەيدا ئەيلەدى،
يەر تۇتمادى مەسكەن قىلىپ لەيلى دەبان ئادەم ئارا.
شىرىن يۈزىگە زىيب فەر لەئلىڭ شۇئائىدىن يېتىپ،
فەرھاد مىسكىن جاننى كۆيدۈردى پىچۇ خەم ئارا.

29

ئەي سەرۋى بوستانى تەرەب، سەدقىڭ سېنىڭ مۇلكى ئەرەب،
جەۋلانغە كىرسەڭ خۇش لەئەب ئەھلى ئەجەم دەرلەر ئەجەب.
مەكتەب ئارا ئەتفاللار سەندىن تىلەر ئىقباللار،
تا ئۆرگەنىپ ئەفئاللار تەئلىم ئالغايلار ئەدەب.
جەننەتدە ھۇر [لار] جۇستەجو ئەيلەپ قىلۇر بۇ ئارزۇ،
كىم ئەتسە بولغاچ رو-بەرو ھاسىل ساڭا بەرگۇ تەرەب.
خۇرشىد ھەم ئەفلاك ئۆزە گەھ تاغ گاھى خاك ئۆزە،
ھەم گۇل داغى خاشاك ئۆزە، ئەي گۇل، سىنى ئەيلەر تەلەب.
كويۇڭدا خاك بولدى بۇ تەن قىلماس تەمەننايى كەفەن،
ئەي نەۋ بەھارى ھەرچەمەن ئۆلتۈرمە ئانى بىسەبەب.
ھەر سۇبھىدەم بۇ خەستە جان ئىڭراپ چېكەر تۈرلۈك فىغان،
ئىمكان قەنى يۇتماسقە قان يوق بولسە گەر ئول لەئل لەب.
كويۇڭدا، ئەي زىيبا سەنەم، ناقىس چېكەر ئانداغ ئەلەم،
كىم ھاجىيئى بەيتۇلھەرەم چەكمەس بەيابان‌دا تەئەب.

30

مەھۋەشى زەررىن كۇلەھۇ دىلبەرى مۇشكىن نىقاب،
چىقسە تالاغە ئەگەر ھاجەت ئەمەس ئافتاب.
قاچمە پەرىدەك بۇقۇپ ئاشىقى مۇشتاقدىن،
فۇرقەت ئوتىنى قالاپ قىلمە ئىچىمنى كەباب.
مۇنچە ئۇزۇبەت تۇرۇپ لەئلى لەبىڭدە سېنىڭ،

www.uyghurkitap.com



بىز كەبى لەب تەشنەگە مۇنچە قىلۇرسەن ئەزاب.
ئول قارا كىرپىكلەرىڭ قىلسە تەھەررۇك ئەگەر،
ئۆلگۈسى يۈز-يۈز كۆڭۈل بىر قاراغىل دەپ قاراب.
ئەيلەمە جەۋلان بەسى ئەرسەئى ئىمكانىداكىم،
ئىستەمە، ئەي مەھلىقا، خەلقى جەھاننى خەراب.
تابى رۇخۇڭدىن سىنىڭ، ئەي پەرى پەيكەر، ئەجەب،
ناقىسى دىۋانەنىڭ كۆڭلىگە چىرماشتى تاب.

31

ئاي يۈزى داغ ئولدى ھەسرەتدىن يۈزۈڭ خالىن كۆرۈپ،
روزگارى قارە مۇفلىسدەك غەنى مالىن كۆرۈپ.
بۇسە ئەرز ئەتكەچ كۆڭۈل قۇشدەك ئۇچۇپ باردى يەقىن،
بۇرنىغە سۇ كىرمەپ ئىبركەن نەچچە ئىبھالىن كۆرۈپ.
روزگارىم ۋەسل ئۇممىدى مېھرىدىن رەۋشەن ئىدى،
تىيرە بولدى شامى ھىجرانىنىڭ قارا شامىن كۆرۈپ.
زەھرى ئەشكىمدىن جەھان باغى قۇرۇپ ئىبردى خەزان،
سەبزەلەر باش چەكتى ئول گۈلچېھرە ئىقبالىن كۆرۈپ.
بەرمە، ئەي مەھشات، ئانىڭ ئىلكىگە ئايىنەكىم،
بولماسۇن ئۆز ھۇسنىگە مەفتۇنە تىمسالىن كۆرۈپ.
ھۇسنى يادىدىن كۆڭۈل ئاغرىپ، خەيالى دېدىكىم:
غايەت ئوت تۇتمىش دۇئا لازىم ئىبرۇر فالىن كۆرۈپ.
قەبز رۇھ ئەتمەك ئەجەل زەئمىدە مەخسۇسى ئىدى،
دېدى، بار ئىبرمىش شىرىكىم ئىككى قەتتالىن كۆرۈپ.
ياتقالى كۆڭلۈم سەرى كويىدا ئۆتتى ئۇمرلەر،
دېمەدى بىر يول بۇ كىمدۇر دەپ ئانىڭ ھالىن كۆرۈپ.
قىلماغاي جەننەتدە ناقىس ھەۋزى كەۋسەرنى ھەۋەس،
ھەر كىشىكىم قالدى ئول مەيگۇنە لەب يالىن كۆرۈپ.

32

كۆڭۈل، كەچكىل ھەۋەسنىڭ بەزمىدىن بولغىل فەنا مەشرەب،
كۆزۈڭنى توق تۇتۇپ چىققىل تەمەئدىن، بول رىزا مەشرەب.
تەمەننا قىل فەنا دەيرىنىكى مەقسۇدۇڭ بەقا بولسۇن،
يىقىلغىل بادە زورى بىرلە تابولغىل بەقا مەشرەب.

مەنۇ سەن دەپ تەفاۋۇت جاممنى تۇتقان كىشى بىرلە،
تەرىقەت مەشرەبىن بىلگەن كىشىگە نارەۋا مەشرەب.
ئەزەل ساقىسى ۋەھدەت كۇپلەرىدىن ھۇسن ئۇتى بىرلە،
قىزىتقان چاغ ھەمە ئىشق ئەھلىگە بولغاي ئەدا مەشرەب.
قاچان ھاسىل مۇراد ئولسۇن تەلەبدە بەرسە جانىن ھەم،
كىشى بۇ ئىمتىھانگاھ ئىچرە بولمابدۇر بەلا مەشرەب.
تەلەب مېھرى قەدەھ قىلغىل، دۇئايىڭ گەر قەدەھ بولسۇن،
ئەگەر بىر زەررەچە ھۇش ئولسە ئىرمەسسەن دۇئا مەشرەب.
قەزا دىۋانەنىڭ مەزمۇنىغە يوق ئىتتىلائ ھاسىل،
قەزادۇر دەپ تىل ئاچماقدىن كىشى بولماس قەزا مەشرەب.
مۇھەببەتنىڭ ئەدەبگاھى كۆتەرمەس چۇن نەزەر، ناقىس،
يۇمۇپ كۆزنى كۆڭۈل تىندۇر، قىلىپ ئۆزنى ھەيا مەشرەب.

33

ئېرۇر تالىبغە گەرچە بۇ جەھاندا بىنىشان مەتلۇب،
ئەمەس غايىب ۋەلېكىن لەۋھى دىلدىن بىر زەمان مەتلۇب.
ئۆيۈرمە يۈز مەجازى ھۇسندىن، بولساڭ ئەگەر سادىق،
يۇمۇپ-ئاچساڭ كۆزۈڭنى يەردە ياتمىشدۇر ھەمان مەتلۇب.
ئەمەل تۇخمىنى ئىخلاسىڭ زەمىنىغە ئەگەر ساچساڭ،
رىيادىن قاچ يىراق تا ئەتمە بوغدايدىن سامان مەتلۇب.
كىرىپ مەيخانەغە ۋەھدەت مەيىن نۇش ئەيلە، ئەي زاھىد،
ئەگەر بولسە ھۇزۇرى نەششەئى پىرى مۇغان مەتلۇب.
جەھاننى تەرك ئېتىپ دەشتى فەنا سارىغە يۈز قويغىل،
كىم ئاندا جىلۋەگەردۇر بۇ جەھاندەك يۈز جەھان مەتلۇب.
سۇرۇر ئىستەر ئېسەڭ بىر سەرۋ قەدنىڭ بەندەسى بولغىل،
ئېرۇر ھەر جىلۋەسىدىن مېھرى خاۋەردەك ئەيان مەتلۇب.
ئېرۇر ناقىس ئەگەرچە ئەل ئارا ھەرياندا سەرگەردان،
نىگارى ئىشقدا كۆڭلىنى قىلماق ئىمتىھان مەتلۇب.

34

ساقىيا، بىر گۇلى رەئنا غەمىدىن سىنە كەباب،
دەفئ قىل جانىڭ ئۆچۈن كەلتۈرۈبان جامۇ شەراب.
يوق تۇزى ئەھلى زەمان سۆزلەرىنىڭ، ئەي مۇترىب،

www.uyghurkitap.com

چال بىلىپ دەمنى غەنىمەت بۇ كېچە چەڭۇ رەباب.
شادلىغ ئىشقى ئارا 'يوق بولسە ئەجەب ئۆمرەمەسدۇرۇر،
كىم قىلۇر لەشكەرى غەم كەلسە يېتىپ دىلنى خەراب.
بۇ فەنا دەير ئىچىدە هۇشۇ خىرەد لازىم ئەمەس،
قالماغىل غەم تېگىدە ئاقىل ئولۇپ ئەلگە ياراب.
ئەي، ئەدەب خىرمەنىدىن بەهرە تەلەپ بول ئاگاه،
كىم بولۇپ مەستى ئەبەد ئەربەدە قىل بۇ ئاداب.
نۇكتەئى ئىشقى ئوقۇپ ئەهلى جۇنۇن زەمىنى بىل،
يا كۆڭۆل تابى بىلە تەكيە تۇتۇپ يات بىتاب.
ناقىسى غەمزەدەنىڭ كۆڭلىدەدۇر بۇ غەمكىم،
ياردنى كۆرمەكىگە ئەيشۇ تەرەب بولغاي هىجاب.

35

ئەهلى دىلنىڭ قەدەمى خاكى بولۇپ ئىززەت تاپ،
ئەجزنى پىشە قىلىپ ئەل ئىچىدە هۇرمەت تاپ.
ئېئتىماد ئەيلەمە بۇ زىينەتى دۇنياۋىغە،
يادئى دىلدار بىلە دىل ئۆيىگە زىينەت تاپ.
خۇدپەرەست ئولماق ئېرۇر بائىسى تەزيىئ ئەدەب،
ئەي مۇئانەد، مۇنى بىل ياخشى بىلە سۇهبەت تاپ.
غەم تۈنى دۇشمەنى جان بىلگى ئېرۇر تەنهالىق،
ياتمە خاتۇن كەبى ئوي ئىچرە، چىقىپ ئۇلفەت تاپ.
رۇه ئىلە ئەقل ساڭا راهەت ئۈچۈن پەند ئەيلەر،
نەفسى بەدكەش دېگەي: مال يىغىپ مېهنەت تاپ.
ئالىمۇ فازىل ئەگەر بولسە سېنىڭ مېهمانىڭ،
ئال دۇئا خىزمەت ئېتىپ ئىككى جەهان دەۋلەت تاپ.
ئاجىزۇ غەمزەدەگە تەڭرى ئۈچۈن شەفقەت قىل،
ناقىسا، گور ئىچىدە نېئمەت ئىلە راهەت تاپ.

36

كۆڭۆل، كىردىڭ تەرىقى ئىشقىغە بىر ياخشى رەهبەر تاپ،
تىلەر بولساڭ پەيامىن يارنىڭ سادىق پەيەمبەر تاپ.
قەدەم قويدۇڭ ئۆزۆڭنى چاغلاماي مەقسۇد ئالىيغە،
رەفىق ئولماقغە يول قەتئىدە رۇخسەت قۇركى قەمبەر تاب.

قاراڭغۇدۇر جەھان ئەيۋانى، پالچىقتۇر گۇزەر گاھىڭ،
مۇھيتى فەقرىنى سەير ئەيلە شەمئى مىھر پەيكەر تاپ.
كىرىپ مازەندەرانى ئىشق ئارا غافىل قەدەم ئۇرمە،
كى ئول ۋادىدا ھەربىر مورنى گوياكى ئەژدەر تاپ.
ۋۇجۇدۇڭدۇر بۇ يولدا بارچە تاغلاردىن خەتەرلىك تاغ،
ئاياغىڭغە ئەمەللەر① رىشتەسىن زەنجىرۇ چەنبەر تاپ.
مەسافەت قەتئ ئولۇپ مەراھىللەر ئولغاچ تەي، كۆزۈڭ يۇمغىل،
كى تەرك ئەيلەپ ئەدەب كىرپىك كۆتەردىڭ جانغە خەنجەر تاپ.
كۆزۈڭ ئاچ پەرتەۋى رۇخسار دىلدارى جەفا پىشە،
ئۆزۈڭنى توختاتىپ گيسۇلاردىن بۇيى ئەنبەر تاپ.
ئۆتۈپ ناقىس كەبى كەۋنەين ئارا بارچە تەمەننادىن،
ئۆزۈڭنى ئول پەرى كويىدا بىر مىسكىن قەلەندەر تاپ.

37

ئەي، يۈزۈڭ پەرتەۋىدىن ئاي بىرلە كۈنگە دەرەجات،
سەير چاغىدا ئۇرۇجۇڭدىن ئۇلارغە دەرەجات.
ئەرشنىڭ ئەينىغە خاكى قەدەمىڭ سۇرمەئى ئەيىن،
كۇرسىنىڭ كۆڭلىگە كويۇڭ ھەۋەسىدىن شەرەفات.
سەرى كويۇڭدا مەلائىك سەفىدىن يۈز مەھشەر،
ھەربىرى كۆڭلىدە ئەنفاسىدىن ئارتۇق ھاجات.
يەر يۈزى نۇرى جەمالىڭدىن ئولۇپ گۈلشەنى قۇدس،
نەزەرىڭ شەۋقىدە مەسرۇرۇ ھۇشۇ ھەشەرات.
يوق سىپىڭدەك يەنە ئالەمدە تۇفەيلى ئالىم،
كىم بولۇپ سەن بىلە مەۋجۇد جەمىئى ئەدەمات.
ئەھلى ئىمانغە ھىدايەت يېتىبان شەرئىڭدىن،
بولمادى جۇرم زۇھۇر ھەرەكاتۇ سۇكۇنات.
لەبلەرىڭ شەۋقىدە ئەربابى لەتايىف تىلىدىن،
سىينەلەر گۈللارى بەرگىدە نەمايان رەشھات.
دەھرى باھى نەقىسىڭ ئەترى بىلە رەشكى چەمەن،
دىل دىماغىغە كەلامىڭ ئەسەرىدىن نەفەھات.
ناقىسى خەستە كۆزۈڭ ۋەسفىدە چۇن چەكتى قەلەم،
بولدى مەجمۇئەسى دىباچەئى ئالىي كەلەمات.

① بۇ ئەلىپ بىلەن يېزىلغان ئەمەل (امل) بولۇپ، «ئاززۇ ـ ئارمان، غايە» دېگەن مەنىدە (م).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


38

ئەي، ھەرىيمى ھەرەمىڭ قىبلەئى ئەربابى نىجات،
ئەھلى ئىرفانغە كوچاڭ باشى ۋۇقۇفى ئەرەفات.
ھەسرەتىڭدىن نەچچە مىڭ ئەھلى خىرەد زار بولۇپ،
سەرى كويۇڭدا ۋىسالىڭ غەمىدىن تافتى ۋەفات.
لەبلەرىڭ شەۋقىدە ھەر سارى ئۆتتۆر يۈز فەرھاد،
ئاھ، شىرىن لەبىدىن ئاھ دەبان كۆپ ئەبيات.
كاكۇلۇڭ فىكرى مۇھەندىسىغە تۇشۇپ ۋەقتى سەھەر،
چەكتى ئاھىكى فەلەك قەسرىنى بۇزدى ھەيھات.
ھاجىلار كەئبە سەرى چەكسە قەدەم ۋەجھى بۇدۇر،
كىم تىلەر كەئبەئى ۋەسلىڭغە يېتەرگە مىيقات.
ئىشق ئېلىن كۆيدۇرۇبان ئاق ئۆي ئارا ياشۇندۇڭ،
قىلدى ئالەمنى مۇنەۋۋەر يۈزىدىن ئول مىشكات.
گۇل يۈزۈڭ فۇرقەتى ناقىسنى ھەلاك ئەتسە نېتاڭ،
يوق ئاڭا گۇلشەنى ۋەسلىڭگە يېتىشمەككە قانات.

39

ۋىسالىڭ ئۇمىدى بىرلە كۆڭلۈمكى ئېرۇر گويا باھارى جەننەت،
فىراقىڭ ئىچرە چۇ تۈشتى بىلدى خەيال ئىكەندۈك ۋىسالى-سۇرەت.
قاراڭغۇ قىلمىش جەھاننى خالىڭكى دېمەك ئۇلغاي سەۋادى سەۋدا،
يارۇتتى دەۋران ئۆيىن جەمالىڭكى دېسە بولغاي مەقامى ھەيرەت.
چۇ غەمزە ئوقىن كۆڭۈلگە ئاتتىڭ تۆكۈلدى گۇلگۇن ياشىم زەمىنغە،
گەر ئۇنسە ئاندىن تەئەججۇب ئېرمەس گۈلى مۇشەققەت نىھالى مېھنەت.
ياشۇنماق ئېرمەس ۋەفاغە ئايىن دەپ ئەي پەرىۋەش رەۋا بولۇرمۇ،
يۈزۈڭنى ياپماق ھەبىبلەردىن رەقىبلەرغە قىلىپ مۇھەببەت.
سەھەندە سۇرمەك ساڭا مۇسەللەمكى گەردۇن كۆزى ياشارغاي،
قىلۇردا جەۋلان چۇزاھىر ئەتسەڭ بۇ ياندىن ئول يان شىتابۇ سۇرئەت.
كۆڭۈلگە ئىشقىڭ چۇ بولدى مېھمان مەھازىر ئولدى خىرەد بىلە ھۇش،
يەقىنكى جاننى نىسارى ئەيلەپ ئىچىمگە تولغاي غۇبارى ھەسرەت.
ستەم ئىشىكىن ئەگەرچە ئاچتىڭ يولۇڭدا ياتقان شىكەستەلەرغە،
كېسىپ باشنى، تەننى ياقساڭ بىر دە يوقتۇر نەفەسكە جۇرئەت.
باشىمغە يەتسە ئىيادەت ئۇچمان قاچانكىم ئول ئاي، ئاچاي دېدىم كۆز،
خەيالى كىرگەچ كۆڭۈلگە جانىم يۈگۈردى تاكىم يوق ئولدى فۇرسەت.

نەسىھەت ئەيلەر قىرىبگەر شەيخكى ئىشق تەركى قەرىنغە لازىم،
نەقىلغاي ئۇلكىم مۇخەممەر ئۇلسە ئانىڭغە ئاشىق بولۇش سىپھەت①،
جەھانۇ ئەھلى مۇھەببەتىدىن بەلادىن ئارتۇق قاچىش ئىرۇر فەرز،
كىشىكىم ئاندا مۇھەققەق ئۇلسە خەيالى ھەقدىن تىرىقچە ھىممەت.
نە لازىم ئۇلغاي فەنا جەھاندا كى يوقتۇرئانىڭ بەقاسى مۇتلەق،
چىكىپ تەكەللۇف قىلۇرغە ھاسىل نەۋاله بولماق ئەسرى كۇلفەت.
فەنا يولىغە ئىرادەت ئەتسەڭ مەي ئىچ تەرەب قىل ھەمىشە، ناقىسە
كى دەھر ھاسىد، زەمانە فاسىد، كىشىگە قىلماس كىشى مۇرۇۋۋەت.

40

كۆڭۈلنى غەيرىدىن پاك ئەيلەدىم، ئەي ئىشق، تەشرىف ئەت،
ئەلايىق بارىنى تاشلاتتۇرۇپ بارىىنى تەخفىف ئەت.
سەبا گۇلشەندە ھالىمنى سورار پەيكانە خۇ گۇليۈز.
تۇرۇپ بىرلەھزەئى تەكرى ئۈچۈن ئىشقىمنى تەئرىف ئەت.
نەماز ئەيلەردە زاھىر پاكلىق شەرئىي ئىرۇر، ئەمما،
كىم ئەيلەرسەن تەجەللى ئارزۇ كۆڭلۈڭنى تەنزىف ئەت.
كۆڭۈل ھىجران يۈكىدىن تەرك قىلماس داغى سەرگەشلىك،
جەفانىڭ بارىدىن بىرلەڭ قويۇپ دادىنى تەزنىف ئەت.
تەمەننا گەر ساڭا پاكىزە تەلئەت يار ۋەسلىدۇر،
خىيانەت چىركىدىن ئەۋۋەل كۆڭۈل مۇلكىنى تەئفىف ئەت.
ئىرۇر ئىنساف قىلماق، ئەي كۆڭۈل، رۇكنى دىيانەت بەس،
كىم ئايدىكىم، ساڭا ئەلنىڭ ئالىپ ھەققىنى تەنسىف ئەت.
ھۇسۇلى ھىكمەت ئەيلەپ ئارزۇ يەرسەنكى كەلگەننى،
مۇرادىڭ بۇ دۇرۇر تەقلىل ئىلە قارنىڭنى تەخۋىف ئەت.
چۇ يوقدۇر يادكار ئۇلماقغە سەندىن دەھر ئارا، ناقىس،
ئەگەر بىر نەرسە مەسجىد لەڭگەر ئوخشە، شىئىر تەسنىف ئەت.

41

ئەي كۆڭۈل، بولدى گۇل ئەييامى ئۆزۈڭنى شاد تۇت،
دۇردى مەيدىن ئۇمر قەسرىنى ياساب ئاباد تۇت.
دەۋردىن كەلگەن شەرابى تەلخنى شىرىن بىلىپ،
سەبر تاغىدا ئۆزۈڭنى قان يۇتار فەرھاد تۇت.

① بۇ سۆز قولىيازمىدا ئىپنىق ئەمەس، قىياسەن ئىپلىندى. (م)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۈشسە ھەر مەئنى كۆكۈلگە ئالەمى ئەسراردىن،
ھۈسن بىپەرۋا شىئارىنى دىلىگدا ياد تۇت.
قامەتى رەئنا خەيالىدۇر كۆكۈلگە تەككەن ئوق،
سەرۋ قەدلەرنىڭ ۋىسالى ھەسرەتىن بەرباد تۇت.
ۋەسلۇ ھىجران بىر دۇرۇر يوق بولسە سەندە بارلىق،
سۇبھى يەكلىغ ھەر سەھەر خۇرشىددىن ئىرشاد تۇت.
بەرقى ئافەتدىن سەلامەت قالسا ئۇمرۇڭ خىرمەنى،
غافىل ئولمە سەن داغى ھەر بىر نەفەسنى ياد تۇت.
دەۋر جەۋرىدىن جەھاندا بىر كۆكۈل ئىمىن ئەمەس،
ھەر غەزەلكىم ئاڭلادىڭ ھەسرەت بىلە فەرياد تۇت.
دىمەگىل، ناقىس، سەفا ئەھلىدە يوقتۇر دەردۇ غەم،
شورىشى دەريانى ھەم دەۋران غەممىدىن داد تۇت.

42

مۇغەننى، راك ئاھەڭگى بىلە كۆڭلۈمنى بىدار ئەت،
سەدائى تاردەك ئەندۇھى دۇنيادىن سەبۇكبار ئەت.
گۇناھىم ئىشق ئەگەر بولسە سىنىڭ شەرئىڭدە، ئەي قاتىل،
رەسەن كاكۇللارىڭدىن ئەشتۇرۇپ، قەددىڭ بىلە دار ئەت.
سەرى كويىڭدا يىللار پويە ئۇردۇم تاكى خاك ئولدۇم،
يۈگۈرتۈپ تەۋسەنىڭ ئۈستۈمگە گەردىمنى نەمۇدار ئەت.
قاچانكىم، ئەي سەبا، گۇلشەنگە ئەزم ئەتسەڭ خىرام ئەيلەپ،
مىنىڭ ھالىمدىن ئول سەرۋى خىرامانىنى خەبەردار ئەت.
يۈزۈڭدىن مىڭ جەھان ئايىنەدەك ھەيرەت نەزەر بولمىش،
مىنى ھەم بىر يۈز ئاچىپ، ئەي پەرى، سەرمەست دىيدار ئەت.
گەر ئول لەيلىمۇشىمنى ھەي ئارا چۈن كۆرسەڭ، ئەي قاسىد،
بۇ مەجنۇن ھەر نىچۈك ھالىن دىبدى ئەلبەتتە ئىزھار ئەت.
تىرىكلىك جامىدىن سەرشارلىغ گەر ئىختىيار ئەتسەڭ،
رەفىقا ئۆزنى بىخۇدلۇغ مەتائىغە خەرىدار ئەت.
دىبسەڭ، ناقىس، جەمالى جاۋىدان بولغاي مۇقىمى دىل،
جەھان رەئنالارىنىڭ مىھرىدىن كۆڭلۈڭنى بىزار ئەت.

43

ئۇچرادى ئالدىمە پەرى تەلئەت،
كىم كۆزدىن كۆكۈلگە يۈز ئافەت.

ئىلكىدە بىر سەبۇ سۇراھى بىلە،
مىيۋەلىك تۇبىدەك ئاڭا قامەت.
بىر تەبەسسۇم لەب ئىچرە قىلدى ماڭا،
بولدى جانۇ كۆڭۈل ئاڭا غارەت.
ئەي كۆڭۈل، قىلماغىلكى سەبىر سۆزدىن،
ئاشىق ئولغان كىشىگە يوق تاقەت.
ئىشق ئارا سادىق ئولسە، بولغۇسىدۇر
يار ھەجرى ۋىسالىدەك راھەت.
ۋەسلى يار ئىستەگەن كىشى چەكسۇن،
دەم-بەدەم ئاھ ئىلە فىغان-مىھنەت.
تالىبى سادىق ئولسە ھەر سالىك،
ئىستەمەس دەھرى فانىدا ئىشرەت.
ئىستەسەڭ رەھمەتى خۇدانى ئەگەر،
ئەھلى دىلغە ھەمىشە قىل خىزمەت.
ئىنتىقال ئەيلەدى مەجازدىن،
بۇ غەزەل، ناقىسا، ھەمان سائەت.

44

ئەي كۆڭۈل، دىن غەمىدىن ئەيلەمەگىل غافىللىغ،
ھەرنەفەس نەزغۇ ئېرۇر بولسە ئەگەر ئاقىللىغ.
گەر ئەمەل بولماس① ئېرۇر جەھل ئىلە ئىلمىڭ يەكسان،
ۋەرنە ئىلمىڭدىن ئېرۇر ياخشى بەسى جاھىللىغ.
فەزل ئېرۇر شەرتى ئەمەل، ئەيكى، قىلۇرسەن دەئۋا،
شەرت دەپ فەزلگە ھەم بەندەسىدىن قابىللىغ.
رىزق ئېرۇر دائىمىكىم بولسە ساڭا بۇ تەۋھىد،
بولماغاي بەرگۈچىنىڭ زاتىغە ھەد زايىللىغ.
زاتىدۇر سابىت ئانىڭ ئۆزى بىلە يوق نەفئى،
بولسە تىل يۈزمىڭ ئەگەر بولسە ھەمە قايىللىغ.
مەكرۇمەت خاجەسىدىن بەندەگەدۇر مۇفت ئەگەر،
نەھىيدە توختاماقۇ ئەمرى سارى مايىللىغ.
ئېززەلىك لازىم ئەمەس بەرگەنىدىن، ئەي مۇغەم،
بولسە گەر ھەق كەرەمى بائىسى بۇ بازىللىغ.

① ئەسلى قول يازمىدا بۇ سۆز «بولسە» دەپ يېزىلغان. مەنە ئېتىبارى بىلەن «بولماس» دەپ ئېلىندى (م).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شاھلىغ قىلمە ھەۋەس ئالەم ئارا، ئەي ناقىس،
دەرگەھى ۋاجىب ئارا قىلساڭ ئەگەر سايىللىغ.

45

سەنسىزدىن، ئەي گۇل، جەھەننەمدۇر مېنىڭ ئالدىمدا باغ،
جانىمە گۇل ئوت ياقار سىينەمگە قويغان لالە داغ.
جامى مەي تۇت، ساقىيا، فۇرسەتنى مۇنداغ تاپماغۇڭ،
كىم زەمانە ئەھلىدىن بىھەد پەرىشاندۇر دىماغ.
ئول پەرى زۇلفى ھەياتىم قەيدىدۇر تا ئۆلگۈچە،
ۋەرنە ئۇمرۇم تەرك ئېتىپ كەتكەي ئىدىم مەن بۇرناچاغ.
ئۇشبۇ گۇلشەن گۇللارى زاتىدا يوق بۇيى ۋەفا،
كىم ئېرۇر بۇلبۇل يىراقۇ مۇنىسىدۇر شۇم داغ.
سۆز قىلۇرسەن زاھىر ئولمايدۇر ئاغىز بىر ئۇمردۇر،
جۇستجۇدا مۇزتەرىبمەن تاپمادىم ئاندىن سوراغ.
ھەر نە تەقسىر ئۆتسە مەندىن بىرنى ئون ئەيلەر ھېساب،
ئون جەفا قىلسە ماڭا قىلماس ئانى بىرمۇ ساناغ.
ئىشق ئېلى مىڭ بولسە ئۆلتۈرمەك ئاڭا دىشۋار ئەمەس،
نازىنىڭ سۇلتانى تۇتمىش قاشۇ مىژگاندىن ياراغ.
بەرمە دىل فانىيە ئالەمنىڭ تەئامى چەربىغە،
ئىت ئاچار ئۆلگەندە قەبرىڭنى كۆرۈنگەچ خاك ياغ.
ناقىسا، جانىمغە ئافەتدۇر ئانىڭ ئىككى كۆزى،
نەيلەسۇن بىر جان دۇچار ئولسە ئاڭا ئىككى قاراغ.

46

چۇن جىلۋە قىلدىڭ، ئەي پەرى، يەلفۇندى كاكۇل ھەر تەرەف،
ئۇششاق خەيلى ئىچرە كۆپ چىقتى غۇلاغۇل ھەر تەرەف.
مەجنۇن سەن ھەم لەيلى سەن، مەھبۇبلار سەرخىلىسەن،
ئاشىق كۆڭۈلنىڭ مەيلى سەن، قىلدىڭ تەنەززۇل ھەر تەرەف.
باغ ئىچرە ھۇسنۇڭدۇر ئەيان، گۇل ئۆزرە رەڭگىڭدۇر نىھان،
سەندىن چېكەر تۈرلۈك فىغان باغ ئىچرە بۇلبۇل ھەر تەرەف.
ئارىفكى سەندىن بۇ ئالۇر ۋەسلىڭ مەيىغە خۇ ئالۇر،
ئاندىن نىشانى ھۇ ئالۇر كۆرگەچ تەشاكۇل ھەر تەرەف.
كويۇڭغە چۇن قويدۇم قەدەم مېھمانىم ئولدى يۈز ئەلەم،

بىر باقمادىڭ سەن، ئەي سەنەم، ئەيلەب تەغافۇل ھەر تەرەف.
ئاشىق قانىدىن تۇتتى رەڭ، ھەجرىڭ بىلە چۇن قىلدى جەڭ،
بىر جىلۋەئى شوخى فەرەڭ تۇتمىش تەماسۇل ھەر تەرەف.
سەن مەھلىقانى بىر كۆرۈپ، باردىم قاشىڭغە تەلمۈرۈپ،
ئاشىقلارىڭ قالدى ئۆلۈپ، قىلغاچ تەۋەككۇل ھەر تەرەف.
غەمزەڭ ماڭا قىلدى غەلۇ، ئەتكەچ جەمالىڭ ئارزۇ،
ئىككى قاشىڭ ھەم رو-بەرو تۇردى تەقابۇل ھەر تەرەف.
ئادەت ساڭا بولمىش جەفا، ھاشاكى كۆز تۇتسام ۋەفا،
مىررىخ ئىرۇر خەنجەر ساڭا ئەنجۇم جەلاجۇل ھەر تەرەف.
ناقىس كەبى، ئەي شاھى دىن، بىر زەررە ھۇسنۇڭ مىھرىدىن،
تۇتمىش يولۇڭ ئىچرە كەمىن كۆرمەككە مىڭ قۇل ھەر تەرەف.

47

بولۇپمەن، ئەي پەرى، ھۇسنۇڭنى بىر كۆرمەك بىلە مەشئۇف،
نە بولغاي ئەيلەسەڭ مەن خاكسارىڭغە ئىنان مەئتۇف.
سىنى ۋەسف ئەيلەمەك پەرھىزدىن مەئقۇل ئىرمەسدۇر،
ساڭا باقماق بەسىرگە مۇمكىن ئىرمەس دىسە سەن مەۋسۇف.
مەنۇ ئەغيار ھەر ھەرفىڭكى دەرمىز ئىشق بابىدىن،
قالۇر ئەغيار ھەرفى مەخفىكىم ئەمما مىنىڭ مەھزۇف.
كۆرۈپ ھەجرىڭنى، ئىشقىڭنى ھەۋەس قىلماسقە قىلدىم ھىلف،
يۈزۈڭ كۆرگەچ نە مەن قالدىم، نە قالدى ھىلف ئول مەھلۇف.
قايانكىم مەھمىلى كۆرسەم ساغىنۇرمەنكى سەندۇرسەن،
ۋەلې بەختىم قارالىقدىن ئىچىدە غەيرىدۇر مەلھۇف.
لەبىڭدىن بىر تەبەسسۇمغە مۇيەسسەر بولسە رازىمەن،
سىنىڭ ھەجرىڭدە، ئەي دىلبەر، بولۇر ئۆمرۈم ئەگەر مەسرۇف.
سىنى مەندىن مىنى سەندىن بۆلەك كۆرسەتتى خۇدبىنلىق،
ئەگەر يوق بولسە ئارىغدىن بۇ ئارىغلىق قالۇر مەئرۇف.
دىمە قىلدىم كۆڭۈل خالى خەيالى غەيرىدىن ھەرگىز،
ھەمە ئولدۇر، قەنى زارىف، قەنى زەرفۇ، قەنى مەزرۇف.
ئانىڭ كويىدا، ئەي ناقىس، فەنا بولساڭ بەقا ئولدۇر،
فەنا ئىرمەس بەقالىقنى كۆڭۈلدە ئەيلەسەڭ مەئلۇف.

48

ئەمەس مۇمكىن تەھىيەت يار ئالدىدا ئەدا قىلماق،
كىفايەتدۇر ئىتىغە جان فىدا ئەيلەپ دۇئا قىلماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋىسالىن ئىستەبان ھەريان يۈگۈرمەك تەلبەلىكدىندۇر.
سەداقەت بولسە بەسدۇر خىلۋەت ئولتۇرماق، دۇئا قىلماق.

ھەج ئەتكەن ئەلگە ھاجەت كەلتۈرۈپ ھەججاجى زالىمدۇر،
ئەمەسسەن ھاجى، قىز ھەججىلىك ئېرۇر ھاجەت رەۋا قىلماق.

قەزا مەسنەد بولۇپ قازى بىلەن يۈرگەن ئەمەس قازى،
ئېرۇر قازىلىغىلىك تەسلىمى ئەھكامى قەزا قىلماق.

فەنا دەئۋى قىلىپ فەن بىرلە بۇ نۇن مۇتتەسىف مەككار،
فەنا بۇ نۇننى بىلمەي فانىلىق ئۆزنى فەنا قىلماق.

ئەل ئىچرە تىل ئاچىپ قىلغان مەئارىف ئاردى ئېرمەسدۇر،
بولۇر ئول ئىش خەلايىقغە ئىبادەتنى بەھا قىلماق.

ۋەفادۇر ئەھلى ھال ئالدا ئايىماق ھەر مۇكاشىفنى،
ۋەلى ناجىنسغە ئايىماق ئېرۇر ئانى جەفا قىلماق.

ئىدى، ناقىس، بۇ مەتلەئ ئىشق بابىدىن نە ھال ئولدى،
كى بولدى ۋەئز ئەقسامىنى مەقتەئدە سەدا قىلماق.

49

دىل بېرىپ دىلبەرگە ياندۇرماق ئەمەس ئايىن ئىشق،
ھەر كۆڭۈلكىمياندى لازىمدۇر ئاڭا تەسكىن ئىشق.

خامۇش ئولتۇرماق بۇ مەجنۇنغە ئەگەر پەيدا ئېرۇر،
ئول ئەمەس ئەفسۇردە تىينەتلىك ئېرۇر تەمكىن ئىشق.

تۇر مۇغەننى، تۇرمە يانىمدا مېنىڭ ئىستەپ فەرەھ،
كىم سەدائى جۇب ئىلە ئاچىلماغاي غەمكىن ئىشق.

ھەر كۆڭۈل ھەيرەت تۇتۇپ كەزمەس ئەگەر گۈلزارنى،
بىئەسەر ئېرمەس ئېرۇر ئائىنەئى زەڭگىن ئىشق.

ھەر نېچۈك رەڭگىكى كۆرگۈزسە يۈزىن كەۋنەين ئارا،
باردۇرۇر ئەلبەتتە ئولكىم ئەكسى گۈل رەڭگىن ئىشق.

ئالتە ياندىن دەم-بەدەم غۇلغۇل چىقىپ ئوتلار يانار،
باش كۆتەرمىشدۇر مەگەر كىم ئەژدەرى جەڭگىن ئىشق.

ئىككى ئالەمدە قارا يۈزلۈك بىلە مەرقۇمدۇر
كىمكى كۆڭلىدۇر ئانىڭ غەفلەت بىلەن چىركىن ئىشق.

بىلمەيىن، ناقىس، ئۆزۈڭنى تاشلادىڭ ئىشق ئىچرە بەس،
تاشلاماغلىق ئۆزدىچە بولماس دىگىل ئامىن ئىشق.

50

ئالدى كۆڭلۈم كىشۋەردىن ئول قاش بىلە كۆز ئىتتىفاق،
قالمادى بۇ مۇلك ئارا ئول ۋەجھدىن ئەھلى نىفاق.
تاقەتىم تاق ئەتتى ھىجران دەپ شىكايەت قىلمادىم،
بولغاچ ئول قاشلار خەيالىدىن نەزەردە ئىككى تاق.
ۋەسل ئارا ئەيشىم ئاچىغ دېسەم ئاڭا باۋەر ئەمەس،
مەن بىلۇرمەنكىم كۆڭۈلدىن باش چېكەر بىمى فىراق.
ھاجەتى تۇشسە دەپ ئەلدىن كۆپ ئالۇرسەن فۇللارىن،
يول قاراق قىلغاندىن ئارتۇقدۇر بۇ شيۋەڭ، ئەي قاراق.
جەمئىيەت ئىستەپ مەئىشەتلە زەمىن ساز ئەيلەدىڭ،
چۇن تەمام ئولدى مەئىشەت تاپتى سۇھبەت ئىفتىراق.
يەپ خۇدانىڭ نېئمەتىن تائەت قىلۇرسەن غەيرىگە،
ئۇشبۇ بائېسدىن دېسەم جايىز ئېرۇر ئىت ياخشىراق.
گور ئۇچۇن قىلساڭ ئەمەل ئالەم ئارا تەشۋىش يوق،
مۇندا ھەم بۇ ئىش بىلە باشىڭغە تەگمەيدۇر چۇماق.
زىينەت ئەيلەپ ئۆزنى ئۇردۇماق شەياتىنغە ئەبەس،
كىيمە خاتۇندەك مۇزەييەنكىم ئېرانلاردەك ياماق.
بۇ فەنا ۋادىدا، ناقىس، قىلماغىل تەئمىرلەر
كىم تۇشەر باشىڭغە ئاخىر ئۆيرۇلۇپ تاقۇ رەۋاق.

51

ئەي كۆڭۈل، بولماي تەۋەككۇل پىشە چەكتىڭ خارلىق،
قىلمايىن مەندۇر سېنىڭدەكلەر بىلە دىلدارلىق.
رىزقى قىسمەتتىن زىياد ئولماس دەبان قىلدىم بەيان،
سەن چىقاردىڭ ھەر تەرەف ئەيلەپ ماڭا ئەييارلىق.
بادەئى ئېرفاننى نۇش ئەتكەن كىشى مال ئىستەمەس،
مۇبتەلالىق بائېسى بىلدىم ئىمىش ھۇشيارلىق.
①..........................................

52

نەۋ بەھار ئولدى ماڭا ساقىئى تەنناز كېرەك،
غازەئى بادە بىلە كۆڭلۈمە پەرداز كېرەك.
مەنكى ئۇمرۇمنى نىياز ئىلە يوق ئەتتىم ئاخىر،

① بۇ غەزەلنىڭ ئاخىرى كۆچۈرۈلمەي قالغان.

www.uyghurkitap.com

سەندىن ئېرمەسمۇ ماڭا ئىشۋە بىلە ناز كېرەك.
بولدى ئەلنىڭ نەفەسى بارچە زىمىستان ئەمدى،
يازنىڭ چېھرەسىدىن تەبئ كۇشا ياز كېرەك.
مەي تۇتۇپ مۇغبەچەنى تۇتتى گىرانلىق ئەندەك،
دەۋرى كەلگەندە ماڭا ئاندەكى ئاۋاز كېرەك.
ئەي پەرى چېھرە يۈزۈڭ ئەكسىنى كۆرمىش كۆزلەر،
فىتنە قوزغالدى نەدۈر دەفئ ئۈچۈن باز كېرەك.
كۆزلەرىڭ قارچىغەدەك ئەيلەدى ئاھەڭگى شىكار،
سال مېنىڭ كۆڭلۈمەكىم بولسە ئەگەر غاز كېرەك.
ھەجرىنىڭ لەشكەرىكىم ئەيلەدى جانلارنى ئەسىر،
ئۈشبۇدۇر ۋەسلىڭ ئارا بولسە تەگۇ تاز كېرەك.
ئەي قەدەھ خار، مەي ئىچكەندە مېنى ياد ئەيلە،
ئاشىقى خەستەگە ئازار يېتىش ئاز كېرەك.
تۈز - تۈز سازلىغ ئۇششاقىڭ ئاراكىم بىلدىم،
خۇبلار ئارا ئىكەن گاھى نەۋاساز كېرەك.
ۋەقتىدۇر تاشلا ھەيا ئەيلە تەكەللۇم، ناقىس،
ئىشقدىن ئەلگە دېمەكى بولسە ساڭا راز كېرەك.

53

بولالماي يىگسە ئۆز نەفسىگە مالىك،
نېچۈك بولغاي خۇدا يولىغە سالىك.
فەنا بول پانى بولماسىدىن بۇرۇنكىم،
خۇدادىن ئۆزگەدۇر ھەر شەيئى ھالىك.
تەكەببۇردىن ئەزازىل بولدى مەردۇد،
ھەزەر قىل، بولماغىل سەن ھەم كەزالىك.
دىلىڭنى پاك قىل نەفسانىيەتدىن،
ھۇزۇرى نەفسدىن قىل ئانى زالىك.
ئەگەر مەتلۇبدىن غەيرىگە باقساڭ،
ھۇۋە لايەنزىرۇ ئەسلا بىھالىك.
مەقالاتى ھەقىقەتدىن دەم ئۇرساڭ،
ئۆزۈڭنى بىخەبەر قىل مەن مەقالىك.
كۆڭۈلنى خالى قىل ئەندىشەلەردىن،
سەۋا كانە مىن ئۇممىكە ۋە خالىك.
بولۇپ دۇنيا تەلەب ناقىس جەھاندا
فەلەم يەختۇر مۇرادەللاھ بىبالىك.

54

ئەي، قاشىڭ مىھرابى جانلارنىڭ پەناھىدۇر سېنىڭ،
كۆزلەرىڭ مەسكىن كۆڭۆللەر تەكيەگاھىدۇر سېنىڭ.
سەرۋىنىڭ بويىنغە زۇلفۇڭنى ئەگەر قەيد ئەيلەدىڭ،
قامەتىڭ نەخلىغە ئاشقلىق گۇناھىدۇر سېنىڭ.
لەبلەرىم تەبەرەسسە ھەجرىڭدە دېمە ئەيلەر كىلمە،
كىم ئۆلەر ھالەتدە ۋەسلىڭ ئۇزرخاھىدۇر سېنىڭ.
بولسە ھەركىم تۆز كۆڭۆل دەيرۇ ھەرەمنىڭ فەرقى يوق.
كىم ئانىڭ مەقسۇدى زىكرىڭ خانەقاھىدۇر سېنىڭ.
شامىل ئولسە فەزلۇ ئىكرامىڭ نەغەمدۇر بەندەگە.
ئىككى مۇئمىن ئۇشبۇ مۇئمىن دەپ كەرامىدۇر سېنىڭ.
كەمتەرىن ئېرمىش قۇلۇڭدىن ئاستانىڭ ئالدىدا،
بولسە ھەر سۇلتانكى باشدا كۇلاھىدۇر سېنىڭ.
ئەيكى ئىستەرسەن دىيانەتنى، كۆڭۆلنى مۇفتى قىل.
كىم كۆڭۆل جان بىرلە ھۇسنۇڭ پادىشاھىدۇر سېنىڭ.
دەير ئارا قىلماي ئىقامەت بىلمەگۇڭ مەيخارلىغ،
①..........................................
ناقىسا، قىلماق مەلالەت بىسەبەب لازىم ئەمەس،
بولسە فۇرسەت گەر جەھان ھەم سەيرگاھىدۇر سېنىڭ.

55

ئەي پەرى پەيكەركى، ھەجرىڭدىن مېنى زار ئەيلەدىڭ،
نې سەبەبدۇركىم گۇنەھسىز مۇنچە ئازار ئەيلەدىڭ.
نې ۋەفاسىزلىغ ئېرۇر بۇكىم ئىشىكدىن، ئەي پەرى،
يارلارنى قوغلادىڭ، ئەغيارنى يار ئەيلەدىڭ.
ھەجر كىم كۆڭلۆم خۇي ئالغاندىن ئىدى ئىقبال ۋەلېك،
ۋەسل ئېتىپ ھىجرانىغە تاشلاپ تازە ئىدبار ئەيلەدىڭ.
كاكۇلۇڭ تۇرغاچ ئۆرۈكلۈك بار ئىدى كۆڭلۆم پۈتۈن،
بولدى يۈز مىڭ پارە چۈن ھەر يانغە بىر تار ئەيلەدىڭ.
غەمزە بىرلە ئەي پەرى مىڭ جان ئالۇرسەن ھەر زەمان،
ئالمايىن جانىمنى ھەجر ئىچرە مېنى خار ئەيلەدىڭ.
قامەتىڭ نەخلىن ياپىپ دىبارى ئەخزەر فام ئارا،

① ئەسلى قول يازمىدا بۇ مىسرا يېزىلغان ئورۇن پەرسۇدە بولغان. (م)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جىلۋەگاھىڭنى نەزەر ئەھلىگە گۈلزار ئەيلەدىڭ.
سەرۋ ئىلە سۇنبۇل چەمەن تەۋرىدە ياشۇرمىش ئۆزىن،
ساچ يازىپ باغ ئىچرە چۇن قەددىڭ نەمۇدار ئەيلەدىڭ.
ناقىسى دىۋانە ۋەسلىڭنى قىلۇر مەھشەرغىچە،
گەرچە ئىشقىڭ جۇرمىدىن فەتۋا ئاگا دار ئەيلەدىڭ.

56

بىۋەفا دىلبەر غەمى كۆڭلۈمدە پىنھاندۇر مېنىڭ،
شىكۋە كىمدىن كىمگە ئەيلەي بولسە جانادۇر مېنىڭ.
كېچەلەر ئەفلاك ئۆزە ئەنجۇم ئەمەسدۇر، ئەي رەفىق،
چەرخ يۈز مىڭ كۆز بىلە ھالىمغە ھەيراندۇر مېنىڭ.
بولمىسە ۋەسلىڭ خەيالىدىن كۆڭۈلگە ئەيد زار،
نې ئۈچۈن جانىم نەفەس تىغىدا قۇرباندۇر مېنىڭ.
ئەي پەرى، رەھم ئەيلە جانىمغە كۆزۈڭ ئوينا تماغىل،
كىم كۆزۈمگە سانچىلۇر ئول شوخى مىژگاندۇر مېنىڭ.
قىلدى سۆز بىر بۇغداي ئۈڭ گۈلچىھرە بۇغدايدەك ماڭا،
لەبلەرىم تا ئورمەئى ئۆمرۈمچە خەنداندۇر مېنىڭ.
ئىشق ئارا قىلغان بەھادۇرلۇق سۆزىن كەلسۇن ماڭا،
كىم ئىشتىتىم ياردىن مەخسۇس مەيداندۇر مېنىڭ.
ئىچمە مەي ئەغيارئىلە، ئەي قارە كۆز، رەھم ئەيلەگىل،
كىم تەمەننا بىرلە غەيرەتدىن كۆزۈم قاندۇر مېنىڭ.
ناقىسا، مىننەت نېدۇر قىلسام فىدا جانانەگە،
ئىشق فەتۋاسى بىلە تەندۇر سېنىڭ جاندۇر مېنىڭ.

57

ئەي خوبلارنىڭ سەرۋەرى شيۋەڭ جەفا بولسە نېتاڭ،
لەئلىڭكى ئىشرەتدۇر سېنىڭ كۈلكۈڭ بەلا بولسە نېتاڭ.
گەر ئاتلانىپ جەۋلان قىلىپ، مەيداندا ئوق ئاتغان چاغىڭ،
ئاشىق ئەمەسلەرگە تېگىپ بىزگە خەتا بولسە نېتاڭ.
مەن كۆرگۈزۈپ يىللار ۋەفا ئىزلەپ ۋىسالى قامەتىڭ،
سەندىن مېنىڭ سارى جەفا ئەلگە ۋەفا بولسە نېتاڭ.
مەششاتى ھۇسنۇڭ كۆزگۈسىن سەيقەل قىلۇر كافۇرئىلە،
مەن خۇد ئۆلەرمەن رەشكىدىن قانىم ھىنا بولسە نېتاڭ.

نەۋمىد بۇندىن دەھرىدىن يۇزلەندى دەرگاھىڭ سارى،
ئۇل فەيزلىغمۇ تەن ئارا ھاجەت رەۋا بولسە نېتاك.
ھەريان خىرام ئەتمە تولا دەپ قىچقىرۇر كۆڭلۈم مېنىڭ،
جاندىن جۇدا بولغانىغە ئۇشبۇ نىدا بولسە نېتاك.
شىرىن لەبىڭنىڭ ۋەسفىدە گەر شىممەئى زاھىر بولۇر،
ئەفسانەئى فەرھاد ئىلە شىرىن ئەدا بولسە نېتاك.
ئۇل شۇئلەلىغ ئارەز ئۆزە قاشۇ كۆزۈك كۆرگەچ دېگۈم:
چولغان سىگىلو ئاي ئانا، خۇرشىد ئاتا بولسە نېتاك.
ھەر سۇبھى دەم ئۇل نۇر ئۇچۇن ئوتلۇغ نەفەس مەندىن چىقار،
شىۋەم مېنىڭ خۇرشىددەك دائىم سەفا بولسە نېتاك.
ئەي مۇددەئى، ئاسان كۆرۈپ ھەرگىز ھەۋەس ئىشق ئەتمەكىم،
پەيغامى ۋەسلىغە ئەگەر مىڭ جان بەھا بولسە نېتاك.
ئالەمنى تۇتمىش شورۇشى مېھنەتدىن ئارتۇق بۇ كېچە،
مەست ئاتلانىپ چىققان بىزىڭ قاشى قارا بولسە نېتاك.
يۈز كۆرگۈزۈپ نازۇ نىياز بولغاندا ھۇسنۇڭ رو - بەرو،
دەشنام سەندىن، ئەي پەرى، مەندىن دۇئا بولسە نېتاك.
ناقىسكى دەئۋى ئىشق ئېتەر گويا بەلانى ئاختارۇر،
بۇ مۇددەئا كۆڭلى ئارا ھۇكمى قەزا بولسە نېتاك.

58

يەتمەگەچ دادىمغە ئۇل بەدخو مېنىڭ،
ئىستەمەس كۆڭلۈم بۆلەك دىلجو مېنىڭ.
ئۇيلەكىم ئىتلار ئۇيۇماس كويىدا،
كۆزلەرىمگە كەلمەدى ئۇيقۇ مېنىڭ.
ئىستەرەمكىم رو - بەرو بولماقنى مەن،
كەلمەس ئەسلا ئالىمە ئۇترۇ مېنىڭ.
باغلادى بوينۇمنى گېسۇيى بىلە،
ھەر تەرەف سۆدرەر دەبان «گىيسۇ مېنىڭ».
بولدى ئالەم ۋەسفىدىن ئەنبەر سىرىشت،
يەتمەدى بۇرنۇم سارى بىر بۇ مېنىڭ.
ناقىسى مەھجۇرنى بىر سورمادى،
نەفئ يوق ھەرچەند دېسەم «ئۇ مېنىڭ».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



59

ئاھغە ئەيلەي دۇئا ئاھ مەدارىم مېنىڭ،
ئۈرلەدى ئانىڭ بىلە كۆككە غۇبارىم مېنىڭ.
يارە يۈرەكلەر بىلە يارنى قىلدىم ۋەتەن،
سەلدەك ئۆتتى رەۋان باقمادى يارىم مېنىڭ.
نەقش نىگارى خەتى گۈلشەنى جەننەتدە يوق،
گۈلشەنى فىردەۋسدۇر قەسرى نىگارىم مېنىڭ.
مازلىغ ئىگىنىم بىلە كويىدا ئۆلسەم ئەگەر،
قىلتەئى ئىشق ئەيلەگىز خاكى مەزارىم مېنىڭ.
ئەي پەرى پەيكەر، [تەۋازۇئ ئەيلەسەم راھ گۈزەر]
ئەيلەمە دىۋانەدەك شىيۋە شىئارىم مېنىڭ.
گىيسۇيى زەنجىرۋەش ئەيلەدى كۆڭلۈمنى بەند،
ھالىغە يىغلار مۇدام جانى فىگارىم مېنىڭ.
ئۆچتى كۆڭۈلنىڭ قۇشى ھۇسنىنى سەيد ئەتكەلى،
تۇتتى كۆڭۈلنى.....................①.
ئۆمرلەر ئۆتتىكى مەن كويىنى قىلدىم ۋەتەن،
دېمەدى ئول بىۋەفا ناقىسى زارىم مېنىڭ.

60

يارنىڭ جىلۋەسىدۇر بەرقى بەلا ئەي سالىك،
ئەيب ئەمەس شۇئلەسىدىن بولسە كۆڭۈل...② لىك.
مالىكى كىشۋەر ئېرۇر كىمكى ئېرۇر ئالەمدە،
ماسەۋادىن قۇتۇلۇپ نەفسىگە بولسە مالىك.
چىقكى بۇ مەنزىلەدىن بولمە كۇدۇرەت پىشە،
تائەتىڭ ھەيفدۇرۇر بىلكى يەقىن مىن زالىك.
............③ ئۇچۇن بولدى كېسەل، ئەي مەھۋەش،
نە بولۇر قەترە ئەتا ئەيلەر ئېسەڭ مىن بالىك.
چەرمىگە يۇقسە نجىس دەللىك بىلە پاك بولۇر،
دامەنى پاك تاپىپ تالىب ئېسەڭ بول دالىك.
(داۋامى كېيىنكى ساندا)

① ② ③ ئەسلى قول يازمىدا بۇ سۆزلەر يېزىلغان ئورۇن پەرسۇدە بولغان (م).

# مەسكىن شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قادىر بۇلاق

## خەلقئالەم ھۇۋلىغە ئايتقان تەئرىخ نامە

ئەي خالىقى دەھرى باغى گۈلشەن،
گۈلى فەزلىڭ ئىلە چەمەندە رەۋشەن.
كەلدى سىفەتىڭكى مالىكۇلمۇلك،
شەھلەرغە ئەتا بېرىپ بىرەر مۇلك.
شاھانى جەھان ساڭا كەمىنە قۇل،
ئاچىلماقى سەندىن ئولدى ھەرگۇل.
گۈلشەندە قىلىپ بۇ گۈلنى پەيدا،
بۇلبۇل ئاڭا بولدى زارۇ شەيدا.
ھەر گۈل ۋەرەقى سېنىڭ سىفاتىڭ،
مۇر قەۋمى ئېرۇر ئاندا ئىسمى زاتىڭ.
ئەۋۋەل ئەيتسە سەندە ئىبتىدا يوق،
ئاخىر دېسە سەندە ئىنتىھا يوق.
لۇتفۇڭدىن بولۇپ ئارامدا باغى،
ئاندىن پەرىلەر قىززىپ دىماغى.
گۈلچېھرە جەمىللەر ئولدى پەيدا،
قۇدرەتى ئىلكىڭ قىلىپ ھۇۋەيدا.
شەھلەرغە بىرىپ بەلەند پايە،
ئاجىزلاغە باغ ئىچىدە سايە.
بەخشەندەئى نېئمەتى جەھانسەن،
زاھىرى قۇدرەت ئۆز نىھانىسەن.
رەھمەت سۆزىنى قىلۇردا نازىل،
ئىنسانغە بېرىپ ئەمىرى ئادىل.
يەر سەتھىنى باغى گۈلشەن ئەتتىڭ،
بەزم ئەھلىغە شەمئ رەۋشەن ئەتتىڭ.
قىلدىڭ جەھان سۇ بىر قارا تاش،
قىلماقغە ئۆزۈڭ خۇدالىغىڭ فاش.
فاش ئولماقىغە ئىرادە قۇلۇڭ،
بولدىكى سەبەب ئاڭا رەسۇلۇڭ.
مەندىن ئاڭا مىڭ دۇرۇد يەتسۇن،
ئەسھابىغە بۇيى ئۇد يەتسۇن.
يىل ساچقان ئىدىكى ماھى شەۋۋال،
بولدى بۇ بىنا سۆزىدە ئەقۋال.
ھۇڭا باندۇر فەقىر مىسكىن،
بازەۋقى ھەيدەر ئىسمى تەمكىن.
تەئرىخ تەلەب ئولساڭ تۇت چەغىر①دىن
قۇشلار ئاراسىدا سور مۇنى غەجىر②دىن.
ئەگەر بىلسەڭ بىنا تەئرىخ تالىب،
جەۋابىن بەرگۇسى بۇ يەردە راغىب③.

①②③ بۇ مىسرالاردىكى چەغىر (جغر)، غەجىر(غجر)، راغىب (راغب) دېگەن سۆزلەر ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 1203 - (مىلادىيە 1788 - ) يىلنى كۆرسىتىدۇ (م).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

## موللا ھەيدەر خەلفەتنىڭ گەداي خوجە ئاخونلۇقغە يازغان مۇھەببەتنامە

ئەي، ئاتى گەدا ئۆزى گۆھەر ناب،
ئەربابى ئۇلۇم ئىچىدە ناياب.
ئەي، تۇتىئى ئىلمى شەككەر ئەفشان،
ئەي، ئەختەرى سەئىددەك دۇرەخشان.
ئەي، قۇمرىئى ئىلىم نۇكتەدانى،
ئەي، بۇلبۇلى قۇدس جاۋىدانى.
زاتىڭغە فەرىشتەلىق مۇسەللەم،
تالىب بەچچە بولسە سەن مۇئەللەم.
ناگەھ بۇ تەرەفكە رەخش سۈردۈڭ،
سائەت ئارا خىزردەك ياشۇندۇڭ.
كۆرمەككە ۋەجاھەتىڭ قەرىدەك،
كۆزدىن ياشۇنۇپكى سەن پەرىدەك.
بىزلەرنى قىلىپ فىراق ئەسىرى،
كۆڭلۈمنى قىلىپمۇ دەستىگىرى.
ھەم مەشرەب ئولۇپ كۆڭۈل ئالىشتۇق،
سائەت ئارا ئايرىلىپ قالىشتۇق.
كىم بىلدى بۇرەڭ يانىپ كېتەرنى،
ھەجرى ئىلكىرى يۈرەكنى چاك ئېتەرنى.
بەيتۇلھەزەنىم ئىچىگە تۇشمەي،
بىرەردەم فىيالەدە چاي ئىچمەي.
غايىبىنى دۇئادا ياد ئېتىپسەن،
ئەھباب ئىلە خەيرباد ئېتىپسەن.
بىز غەيرى قاتاردا قالىپمىز،
مۇنداق ئىشنى ئاغىر ئالىپمىز.
يوق - يوقكى، نەھەد ئاغىر ئالۇرغە،
يوق تاقەتىم ئايرىلىپ قالۇرغە.
مەشرەب چاغى ئەمر قىلغان ئېردىڭ،
بىر - ئىككى رۇبائىنى دەپ ئېردىڭ.
ھالا ئانى رۇقئە تەھرىر ئەتتىم،
قاسىددىن ئانى رىسالەت ئەتتىم.
لايىق تاپماي نىشانى تۇھفە،
بىر ئىككى غەزەل قىلىندى ھەدىيە.
لايىق ئەمەس ئېردى بۇ فەسانە،
بولدى ماڭا لۇتفۇڭىز بەھانە.
دۇرر نەزدىدە مۇھرەغە نە ئىززەت،
شەھد ئالدىدا قەترەغە نە لەززەت.
ئەي ساقى يەتۈر خوتەندىن،
مىسكىن چىقسۇن ئىچىپ ۋەتەندىن.
فەريادۇ فىغانۇ ئاھ چېكەي،
ياركەند نەۋاھىسىگە يېتەي.

## ئاشىق-مەئشۇق، مەھبۇبى نازەنىننىڭ ئىشقىدا ئەيتقان بېيىت بۇتۇرۇر

ئالما يۈزۈڭنى، ئەي سەنەم، كۆرگەلى بىقەرارمەن،
ئالما رەقىب شىكايەتىن ئاشىقى ئىنتىزارمەن.
ئالما دىبسەم، جان ئالماغىڭ رەھم ئىشىدە يوقلۇغى،
ئالماغىناڭ فىراقىدا سىمىنە دىلفىگارمەن.
ئالمادى بىر سۆزۈم رەقىب، سەن رەھم قىلمادىڭ [ماڭا]،
گىريە - گىريەلەر بىلە ھەجر ئارا زارى - زارىمەن.
ھىندۇيى خالىڭ ئول كۆنى قويدى كۆڭۈلگە زاغلار،
ئالمادى جاننى پاتىغىنە، دەشت ئارا خاكسارمەن.
قەۋسۇ قۇزەھكە مەشقدۇر قاشى ھىلالىدىن نىشان،
غەمزە ئوقىنى گەزلەگەچ جانۇ كۆڭۈل شىكارمەن.

كىمگە قىلىپسەن، ئەي سەنەم، فەقىرغە رەھم قىلغالى،
زۇلمۇ سىتەم جەفاسىغە مۇزتەرۇ خارۇ خارمەن.
ئالمادى يۈز ئاياغىدىن تىيرە نۇجۇمى مىسكىن،
ئالما يۈزۈڭنى، ئەي سەنەم، كۆرگەلى بىقەرارمەن.

## غەزەل *

ئەي، سىفاسىلىك مىدھەتىدىن گەردىشى دەۋران ھەمە،
ئەرشدىن تافەرش سىنىڭ سۇنئۇڭدا سەرگەردان ھەمە.
سۇنئى مەيدانىنى كەزمەككە قەدەم قويسە خىرەد،
ۋاقىف ئولماي نۇكتەئى ئەسراردىن ھەيران ھەمە.
چۇن جەھان فەخرى دىدى ھەمدىڭ، ئەلا ئۇھسا سەنا،
مىدھەتىڭ باغىدا گويا ھۇر ئىلە ۋىلدان ھەمە.
ۋەھدەتىڭ راھىنى نۇش ئەتكەن مەلائىك، ئىنسۇجان،
مەستۇ مۇستەغرەق ئىرۇرلار كەۋن ئىلە كەيۋان ھەمە.
قەھرىدىن نابۇد ئولۇر، لۇتفى جەھان بۇنياد ئىتەر،
«كۇن» دىمەك ئەمرىڭدىن ئولدى بۇ جەھان زىيىجان ھەمە.
بەھرى ئىسيان ئىچرە چۆمگەنلەر تۇتۇپ سەندىن ئۇمىد،
قۇللۇغۇڭنى فەخر ئىتەرلەر جان چىكىپ ساھان ھەمە.
مۇدبىر ئولسۇن خاھى مۇقبىل، شاھ بولسۇن گەر گەدا،
تاشقارى ئىرمەس ئىرادەڭدىن بولار يەكسان ھەمە.
نالەئى ھەمدىڭ سەداسىنى چىكەرلەر ئەندەلىب،
ئەيتادۇرلار تەڭرى باقى، ئۆزگەسى ۋەيران ھەمە.
قايسى ھەد بىرلە ئاچار مىسكىن سىنىڭ ھەمدىڭغەتىل،
باش ـ ئاياغى جۇرمۇ ئىسيان قىلغانى نۇقسان ھەمە.

## غەزەل *

قەسسامى ئەزەلكىم بۇ جەھاننى ياراتىپدۇر،
بەئزىنى فەقىر، بەئزىنى ئەزىز ياراتىپدۇر.
زىنھار ماڭا ئەيلەمەڭ، ئەي دوست، مەلامەت،
تەڭرىم مىنى ئۆزمەيلىچە فاجىر ياراتىپدۇر.
مۇختار ئىسەم بولغاي ئىردىم نادىرەئى دەھر،
قىسمەت ئىشى مەن خەستەنى مۇنداغ خار ئىتىپدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىززەت تىلەسەڭ، ئەيلە فەقىرلىقغە قەنائەت،
تامىئنى خۇدا ئەل ئىشىكىگە تاراتىپدۇر،
گەر كاتىپ ئىسەڭكىم بىتكىل تەڭرى كەلامىن،
مىسكىننى قەزا ئاسى خەتىگە قاراتىپدۇر.

## غەزەل *

كېلىڭ، كېلىڭ، ساڭا جانۇ كۆڭۈل فىدا بولسۇن،
ھەقىر جىسمىم رەخشىڭغە خاكى پا بولسۇن.
غەمىڭ غىزاسىنى يەپ سەمرۇگەن كۆڭۈلنى تۇتۇپ،
تىتىپ، تىتىپ ئانى، مىھرىڭ قۇشى غىزا بولسۇن.
سېنىڭ رىزايىڭ ئەگەر ئۆلمەكدۇر بىسمىل قىل،
كۆرەرگە ئەرشىڭ ئۆيىن سىينە بەرھەۋا بولسۇن.
ھەرىمى ۋەسلىڭ ئارا لۇتفى بىرلە ئەيلە غەنى،
فىراقى كويۇڭ ئارا تابەكەي گەدا بولسۇن.
فىراق دەشتىدە قانلىغ كۆزۈم ھەرارەتىدىن،
كويىدا سەگلەر ئىزى گەردى تۇتىيا بولسۇن.
بەقا شەرابى تۇتۇپ مەھزى ئەيلەگىل ئۇسرۇك
چىقىپ جەھان يۈزىدىن تەركى ماسەۋا بولسۇن.
مۇقىمى كويۇڭ ئالۇرغە ئەگەركى يەتسە بەھەم،
نەچەكى قەيسەر خاقان ئولسە گەر گەدا بولسۇن.
بۇ گۈلشەن ئىچرە گۈل ئولسە ساچىلمايىن قالماس،
بار ئولسە غۇنچەغە ئەقل، تابىئى قەزا بولسۇن.
قەفەس شىكەنجەسىدىن مۇرغى رۇھۇڭ، ئەي مىسكىن،
چىقىپ ھەۋايىكى ئىشقىڭغە كەدخۇدا بولسۇن.

## غەزەل *

ئايا بادى سەبا، ئەرزىمنى يەتكۈر گۈلئۇزارىمغە،
تەرەھھۇم ئەيلەگەي شايەد مېنىڭ ئەرزۇ نىيازىمغە.
كى ئەي ئىشق ئەھلى مەن ئۆلگۈم، كېلۇر فەرھاد ئىلە مەجنۇن،
ياراتماي قويغاسىز جارۇپ ئاتىپ مەيلى مەزارىمغە.
فەلەك قەددى بولۇپ نۇنى، كۆيۈپ ئانداق شەفەقگۇنى،
فىغانىم دەردىدىن ئوت ئالغان ئاھۇ نالە ـ زارىمغە.
ھەرىر جان پەردەسى بولغاي، سىياھ كۆز مەردۇمى، نامە

يازارغە سۇنسە كۆڭلۈم قول ئول ئايدىن شەرھى زارىمغە.
مۇقەممەرۋەشغە تالىب بۇ كۆڭۈل، جاندۇر دەرەم نەقدى،
مەلاھەت نۇتقىدە ئالغاي ئۆتۈپ دەپ نەردىبانىمغە.
جەمالىڭ لالە زارى يادىدىن گۇلگۇن سىرىشكىمدۇر،
تۇتۇپ تۇفانى قان مەۋجى ئاقىزماقنى جىھازىمغە.
ئۆزۈڭنى سەئۋەئى بىبالۇپەر قىلغايسەن، ئەي مىسكىن،
دىيسەڭكىم، سىنەم ئۇستۇن يەر تۇتاي ئول شاھبازىمغە.

## غەزەل *

يولۇقتى سەرۋ قەدلىك قاشى يا قىز،
كۆزۈم تاپتى ئىزىدىن تۇتىيا قىز.
شەكەر گۇفتارىدىن بۇلبۇل خىجىلدۇر،
بىلەلمەنكىم ئېرۇر ئول تۇتى يا قىز
مۇيەسسەربولسە ئول مىس بولغاي ئالتۇن،
نېتە، بولماس بەھەم ئول كىمىيا قىز.
كۆزۈم ئىستەر تاڭ ئاتقۇنچە ستارە،
شەھابۇن ساقىب ئولغاي كۆكدە يا قىز.
قىز ئاتلىغ يوق جەھاندا ھېچ مەۋجۇت،
نەھەد بولماقكىم ئول ماھ سىمىيا قىز.
تۇمەن ھەسرەت بىلە كۆڭلۈم تىلەگىلىك،
نېتەي ئالماقغە بار شەرمۇ ھەيا قىز.
كى ئەي دەۋران، ۋەفا ئىزھارىدىن ئەيلەپ،
قىز ئاتلىغ دارۇنى سىنەمگە يا قىز.
قىز ئاتلىغ دەھرىدىن ئاسرا ئۆزۈڭنى،
ئالۇر دىنىڭ ئۆيىدىن سىمىيا، قىز.
كەل، ئەي مىسكىن، بول ئەمدى رىندى جامى،
يەتۇرگەي باشىڭە مەي ساقىيا، قىز.

### قار ياغقاندا ئەھلى مەشرەب خەلايىقلار بىر-بىرىگە قارلىق تاشلاماقنىڭ بەيانىنى ئەيتۇرلار

قار ياغىپ سىلەرگە قارلىق تاشلادۇق،
بۇ كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقىدىن بۇ ئويۇننى
باشلادۇق.
..................................
چاينى جۇۋۇشكە سالىپ خوندا گىزەكنى
راستلادۇق①.
قار زەررەسىچە رەھمەتى سۇبھان بولمىش،
ئالەم يۈزى قار بىرلە گۇلىستان بولمىش.
سادىقلار دوست سۇھبەت ئېتىپ راز بىلە،
ئۇلفەت بىلە بىر-بىرىگە مېھمان بولمىش.
تەكلىف قىلىپ ئاشىق ئىلە مەئشۇقلار،
بۇلبۇل كەبى نەغمە خۇش ئەلھان بولمىش.
سۇنئى ھەقدىن ياغدى قار خۇشۋەقلىغ ئاغاز ئەيلەمەك،
ياخشى ھەمسۇھبەت بولۇپ، ئۇلفەت بىلە راز ئەيلەمەك.
قارلىق خەتى ئىبەرگەن دوستلار كەلمەك كېرەك،
بىتەۋەققۇف نەغمەئى دىلكەش تەبلباز ئەيلەمەك.

---

① ئەسلى قول يازمىدا بۇ كۇبلېتتىكى مىسرالار تولۇقسىز كۆچۈرۈلگەن (م).

www.uyghurkitap.com



ساقىئى ۋەھدەتدىن ئالىپ جام، مالا-مال تولۇپ،
بىھەد ئۇسرۇكلۇك بىلە يۈزمىڭ تۈمەن ناز ئەيلەمەك.
بىزدە يوقتۇر بەدنىيەتلىك ئۆزلەردىن ئەيب ئەمەس،
بولسە تاشلاپ ئەمرانى ياخشىغىنە راز ئەيلەمەك.

مەسنەۋي *

فەقىر سۆزلەي خۇدانىڭ ئاتى بىلەن
كىتوقسان توققۇز ئىسمى زاتى بىلەن.
خۇدايىم هەرنە قىلسە قۇدرەتى بار،
بىردىن نامراد ياراتتى بىرنى زەردار.
بىردىن ئاقىل، بىرى جاھىل، بىرى قىل،
بىرى ناقابىلۇ بىرسى قابىل.
ئەزەلدە هەر كىشىگە بەردى بىر يول،
بىرى بۆزچى، بىرى موللا بىرى گول.
بىرى رەممال-دۇئاخان، بىرسى شائىر،
خۇدانىڭ قۇدرەتى هەر يەردە زاھىر.
بەهانە بىرلە بەرگەي رىزقىمىزنى،
ياراتتى هەقتەئالا بىزنى، سىزنى.
فەقىر ئەرزىمنى ئەيتاي ئاڭلاسۇنلار،
زەمانە بىبەقادۇر، چاغلاسۇنلار.
رەسۇلدەك زاتىغە قىلماي ۋەفانى،
ئالىپ قوللارىغە سىدقى سەفانى.

دۆتۆپكەتتى ۋە لديۇللاھ، نەبىلەر،
ئەجەل يەتكەندە بىردەم تۇرمادىلەر.
تىرىكلىكدە قىلىپ بىر ياخشى ئەئمال،
قىلىپ خەيرى-سەخاۋەت ياخشى ئەئمال.
بارۇر هەمراھ نەماز، خەيرى-سەخاۋەت،
نەسىب بولغاي بىهشت، راھەت-فەراغەت.
كىشى تۇرماس بۇ ئالەمدە، بىلىڭلار،
نەيەردە ياخشى ئىش بولسە قىلىڭلار.
بۇرادەر هەققىدە بىر نەچچە سۆزلەي،
يامانىز ياخشىلارنى ئەمدى كۆزلەي.
ئەجايىب كۆڭلى خۇش بەختى كۇشادە،
يۈزىدىن كېلەدۇر بىهشت نىشانە.
كىشى كىرسە تەئامنى بىرەدۇر توق،
تېرىغىنىڭ دانەسىچە گىنەسى يوق.
يامان-ياخشى دېسە هەم ئاغىر ئالماس،

بەجايى هەزرەتى خىزىرىيۇ ئىلياس.
خۇدا بەرگەن ئىكەن رىزقى فەراۋان،
يېمەك ئىچمەكدە يوقتۇر هېچ ئارمان.
ياراتىپ هەقتەئالا رىزقىنى كەڭ،
خۇدا بەرسە كىشى هەم قىلماغاي تەڭ.
ئانىڭ هەققىدە دېدىڭ بىر نەچە سۆز،
يامان-ياخشىنى كۆرەر، بولسەلەر كۆز.
دېدىم بىر مۇنچە سۆزلەر بىمەئانى،
ئوقۇپ ئەيب ئەتمەگىزلەرنۇكتەدانى ①.

---

① ئەسلى قوليازمىدا مۇشۇ مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى بىرقانچە بەت يوقالغان (م)

## غەزەل

قاشىڭغە تەماشا ئەيلەسەم كۆك ئۆزرە بىر كۈنلۈك ھىلال،
ئەيتۇر ماڭا يالغان دېدىڭ، ئوخشا تماقىم ئېرمەس مەھال.
يوقلاپ كۆزۈڭنى ھەر سەھەر چولغاندىن ............
يۈز نۇرىدىن كەمدۇر قەمەر، خۇرشىد نۇرىدۇر مىسال.
كۆڭلۈم خەيال ئەيلەر ئاغىز كىم خەستە ئەيلەر بىتەمىز،
جان بەخشى ئەنفاسى تاپىپ گويا مەسىھادىن كەمال.
خەت زاھىر ئەيلەپ يۈز ئۆزە، كۆك ئۆزرە ياپغۇسى قەدەھ،
يا چەشمەئى ھەيۋان ئۆزە ئەنبەرگە يەتكەيمۇ كەمال.
قەددىڭ كۆڭۈلدە جا تۇتۇپ، خۇنابەئى ھەسرەت يۇتۇپ،
ھەق بەرمەمىش جەننەت ئارا تۇبىغە ئانداغ ئېئتىدال.
رەفتار ئارا كەبكىۋەرى، يا كۆكدە مىھرى خاۋەرى،
قويغىل قەدەم جەننەت سارى، ئەمدى بۇيان يانماق مەھال،
ھەجرىڭدە قان [ يىغلاپ ] ئاتا، فەرياد ئۇرۇپ، ۋاھەسرەتا،
بولمىش كۆزىنىڭ نۇرى كەم، مەغدۇرى قالماي بىمەجال.
يەتمىش ئاناڭغە دەم- بەدەم مېھنەت بىلەن غەم ئۆزرە غەم،
ئىشقىڭدا بولمىش قەددى خەم، گويا يېتىشكەندەك زەۋال.
قەرداشلار ھەجرىڭ ئارا ھەركۈندە بولمىش ماجەرا،
بۇنەۋئ قاتتىغ تۈشىسە ئىش، رەھم ئەيلە، تاپغايمۇ كەمال.
تەبئ ئەھلى مەجلىس قۇرسەلەر كۇسى مۇھەببەت ئۇرسەلەر،
سەندىن ئىشتمەي بىر سەدا بەزمىگە يەتكەيمۇ كەمال.
قاشىغە كىرسەڭ ھەر سەبا چەكسەڭ فىغان بىرلە نەۋا،
ئىشقىڭدە ئەيلەپ جان فىدا، ياد ئەيلەمەي مالۇ مەنال.
ئاخىر فەلەك غەددارلىق قىلدى ساڭا مەككارلىق،
رەنجۇر بىرەفتارلىق قىلدى نىھالىڭ بىمەجال.
شاخىڭغەيەتكۈزدى خەزان، بىرەھمىلىك قىلدى ئەيان،
سارغارتىبان ئەندۇھۇ غەم گۈلزارى رۇخسار ئېردى ئال.
تۇتتى ئەجەل جامى فەنا. لا جەرم ئىچتى بىرغىنا،
مەست ئولدى ئەيلەپ تەركى ھۇش، ئويغانماغى ئەمدى مەھال.
جانى قالىپ، سيمىن بەدەن خىلئەت قىلىپ يېڭى كەفەن،
چۇن ئەسبى تازى ئورنىغە تابۇتنى قىلدىلار مىسال.
تاپشۇردىلار تۇفراق ئارا، ئالەم ماڭا بولدى قارا،
ھەيرانۇ سەرگەردان ئولۇپ ھەردەم يېتىشتى ئۆزگە ھال.
مەن دەپ سېنى مىرزا فۇلاد ئاغزىمدا يا قەندۇ نەبات،
تۇتماق بىلەن ئاتىڭ سېنىڭ ئىچكەندەك ئۇلغايمەن زىلال.

www.uyghurkitap.com

## مەسنەۋىي *

ئايغىلىكى، سەبا پەيام يەتكۈر،
يارىمغە مېنىڭ سەلام يەتكۈر.
بۇ رۇقئەنى بەرگەيسە قولىغە،
كۆزيايشىنى ئاقىزىپ يولىغە.
فەريادۇ فىغان ئاھ تارتىپ،
ئاھىمنى ئاڭا گۇۋاھ تارتىپ.
دەردۇ ئەلەمۇ فىراق بىرلە،
يۈزمىڭ تۈمەن ئىشتىياق بىرلە.
بىركىمكى بۇ قۇلنى سورسە سەندىن،
ئەرز ئەيلە ئاڭا بۇ سۆزنى مەندىن.
ئايرىلغالى سەندىن، ئەي دىلئارام،
كۆڭلۈمدە نە سەبرىدۇر، نە ئارام.
جانىم كۈيەدۇر فىراق ئوتىغە،
جىسمىم داغى ئىشتىياق ئوتىغە.
ھەجرىڭ بۇ كۆڭلۈمنى قىلدى پارە،
فەريادىمە يەتمەسەڭ نەچارە.
تەلمۈردى كۆزۈم فىراقىڭىزدا،
سارغاردى يۈزۈم ئىشتىياقىڭىزدا.
بىچارەئى شىكەستە ھال بولدۇم،
بىقۇۋۋەتۇ بىمەجال بولدۇم.
ئۆرتەپ يۈزىڭىز فىراقى بىزنى،
شەھلا كۆزىڭىز ئىشتىياقى بىزنى.
سۇنبۇل كەبى ساچىڭىز فىراقى،
ئەنبەر كەبى زۇلفۇڭىز ئىشتىياقى.
باشىمدا قۇيۇندەك ئولتۇرۇپسەن،
كۆڭلۈمدە تۈتۈن كەبى تۇرۇپسەن.
غەم دىيدە كۆڭۈلگە يارۇ ھەمدەم،
رەنجۇر كۆڭۈلگە بولدى مەلھەم.
ئەي غۇنچەئى دىھان سەرۋى قامەت،
رەفتار بىلەن قامەتىڭ قىيامەت.
مەن خەستەنى گاھى ياد قىلغىل،
غەم دىيـدە كۆڭۈلنى شاد قىلغىل.
يۈزۈڭنى كۆرۈپ جەھاندا، ئەي جان،
ئۆلسەم داغى قالماس ئىچىمدە ئارمان.
لەئلىڭ غەمىدا كۆڭۈل يۈتار قان،
ئۆلمەكلىكىم ئەمدى بولدى ئاسان.
ھىجران ئارا جانىمغە يېتىپمەن،
مەنغۇ ئۆلەردىم ھەرام ئىتىپمەن.
تەڭرىم ساڭا يار - ياۋەر ئولسۇن،
دەۋلەتى ئىبتىـدا ھازىر ئولسۇن.
يادىڭنى قىلاي ھەرنفى مەجلىس،
فىكرىڭنى ئىتەي كۆڭۈلگە مۇنىس.

# شېئىرلار

مەجمۇئەمىزنىڭ مۇشۇ سانىدىكى «يېڭى تېپىلغان بۈيۈك مىراس» ناملىق ماقالىدە تونۇشتۇرۇلغان قول يازما ئىچىگە ئەسىرى، موللا ئەلەم، ھەمدى، موللا ئىمىن، موللا ياقۇپ قاتارلىق ئاپتورلارنىڭ بىر - ئىككىدىن شېئىرى ئىلاۋە قىلىنغان. بۇ ئەسەرلەر «شېئىرلار» سەرلەۋھىسى ئاستىدا تۆۋەندە ئايرىم تونۇشتۇرۇلدى.

—مۇھەررىردىن.

## غەزەللەر

### ئەسىرى

تاخوتەن شەھرىگە كەلدىم ساكىن ئولدۇم باغ ئارا،
ئولتۇرۇپ پايى پەنادەك يەر تۇتۇپ تۇفراغ ئارا.
مەن كۆرەرمەن ئەلنى، ئەل كۆرمەس مېنى يوقتۇر ئەجەب،
«نۇن» مەسەللىك ياشۇرۇن يالغۇز «ئەلىف»دەك باغ ئارا.
چاھار ئۇنسۇردەك مېنىڭ جانىمغە بولدى چاھار باغ،
جانىمە قۇشكىم ئۇچالماي تەلپۈنۈر بۇ باغ ئارا.
ھەمنەفەس بارى مۇۋافىق غەير يوق ئەيكى چىراغ،
سۇياغىدۇر كۆيگەلى قويماس قېتىلسە ياغ ئارا.
ئىختىلافەن سۆھبەتى ناجىنسىدىن قىل ئىختىلاف،
ۋاي، شەھبازىكى تۈشكەي بىر گۇرۇھى زاغ ئارا.
ئاقىلۇ غافىل ئەگەر سۇرەتدە بىر سۆز مۇختەلىف،
ئۇيقۇلۇغ بىرلە نەفەس فەرقى ئېرۇر ئويناغ ئارا.
تالىبىكىم ئەھلى دۇنيانىڭ ئىچىدە چەۋرۈلۈر،
تامىئ ئول يەلدۈر چىقالماي چەۋرۈلۈر قۇرساغ ئارا.
ئەھلى ئىمان جىرزئى ئىمانىغە يەتمەس قۇتۇر،
نەچچە يىل ياتغاي قىزىل ئالتۇن قارا تۇفراغ ئارا.
ئاقىلا، خەلقى جەھان بىھۇدەلەر ئەيبى ئەمەس،
كۆپ تەفاۋۇتدۇر كۆرۈك سەرسام بىرلە ساغ ئارا.
تا سۇرەييادىن سارىغە غەير ھەق مەنزۇر ئەمەس،

كۆزنى رەۋشەن قىلدى ئۇلكىم سۇرمەئى مازاغ ئارا.
زېھنىم ئولدى سەرف سەررافى سۇخەن قەدرىم بىلۇر،
سۆز دۇر بۇ سۆز نەچە نىسبەت بىلە بارماغ ئارا.
ھەم ياشىم يەتمىش، ئۆلۈم يەتمىش دەرىغا كەتتى ئۆمر،
ياشىنى غەفلەتدە ئۆتكەردىم قېرىغان چاغ ئارا.
دوستلار دىيدارى شەھر ئىچرە مۇيەسسەر بولماغاچ،
لالە يەڭلىغ بولدى سەھرايى ئەسرى باغ ئارا.

× ×

سەرىغ كۆڭلەك، قىزىل تون ئىچرە كىردىڭ ئەي گۈلى رەئنا،
سەرىغ چېھرەمگە قان ياشىم يۈگۈردى رەشكىدىن ئاندا.
قارا بەختى كەبى زۇلفۇڭ مېنى كۈن كۆرگەلى قويماي،
جەمالىڭ ئافتابىغە سەھاب ئولدى شەبى يەلدا.
لىباسى ئاتەشىن كىيدىڭمۇ يا ئىشق ئەھلى جانىغە،
ياقىپ ئوت كۆيدۈرۈركى ئوتغە كىردىڭمۇ خەلىل ئاسا.
دىرەمدۇر غەم، سىرىشكىم لەئل، رۇخسارىم سەرىغ ئالتۇن،
قىلۇردا ئىشق بازارىدا ھۆسنۈڭ بەيئىغە سودا.
سەمائى بەزم ئارا كىردىڭ بىرى بىردىنى فەرش ئەتتى،
باشىڭدىن ئۆيرۈلۈپ گەردۇن ئىزىڭدىن تەبرەنىپ غەبرا.
گەھى ئاقۇ قىزىل خىلئەت كىيىپ خۇرشىد نىسبەتلىغ،
فەلەقدىن تا شەفەقگۇندەك قىزىتتىڭ بەزم جان ئەفزا.
ئۆزۈم باشلىغ، كۆزۈم ياشلىغ نىگارا ياشلىغ قىلدىڭ،
زىلالى خىزر لەئلىڭ باشلىغدىن قىلمادى خۇزرا.
ئاچىلدى ھەم تىرىلدى لەبلەرىڭدىن غۇنچەدەك كۆڭلۈم،
مەسىھا «مىم» دىنى مۇسا «مىم» ىدىن ئەيلەدىڭ گويا.
ھەلىمغە قويدى ئوتلەر جانىغە ئوتلەر تۇتاشقاندەك،
لەبىڭدىن نەي شەكەر بولدى، دەمىڭدىن تۇتىئى گۇيا.
بۇ مەجلىس ئىچرە ئۇن تارتىپ فەلەكدەك يىغلابان تۈن - كۈن،
رەبابى، چەڭۇ قانۇنى سۇراھ جام ئىلە مۇھىببا.
يۈزۈڭ گۈل، سۆزگە ئۆرۈلگەندە ئىككى لەبلەرىڭ بۇلبۇل،
ئۆزۈڭ مىرئات، ھۆسنۈڭ ئەكسىدىن ئۆز ھۆسنۈگە شەيدا.
غەرەز بۇ ھۆسنى زاھىرنى كۆرۈپ باتىلغە كۆز سالماق،
ئەگەر ئاقىل، ئەگەر ئامىل، ئەگەر جاھىل، ۋەگەر دانا.

مېنى نارى دېدى: نارى، ئۆزۈپ قاچتىم بارىپ نارىن،
دېدى: كەت نارىدىن نارى، قاشىمغە كەلمە ئەي رەسۋا.
نىشان مەسنۇئىدىن مانىئغە يىللار ئىزدەگەن تالىب،
بولۇپ لەب تەشنەلەرغە نەم يولىدىن ھەم يولى پەيدا.
بەھارى سۇنئى سەبائى بۇباب گۇللارنى بىر خەمدىن،
بىرىن ئەبيەز، بىرىن ئەسفەر، بىرىن ئەخزەر، بىرىن ھەمراھ.
بىرىدە كۆز ، بىرىدە ھۇسن ئولۇپ بىر يەرگە باقتۇردى،
بولۇپ فەرھاد - شىرىن، لەيلى - مەجنۇن، ۋامىقۇ ئۇزرا.
نېتەي ئەي دەردى ئىشق ئەھلى يامان كۆڭلۈم يامان مايىل،
ئالىپدۇر جانۇ كۆڭلۈمنى ئوغۇرلاپ دىلبەرى زىبا.
ئەسرى سوز ئەسرى جانىغە ئاندىن يېتەر راھەت،
ئېرۇر بۇلبۇلغە گۇل جان، قۇمرىغە سەرۋى سەھى بالا.

× ×

ئەي فەلەك كۆپ زۇلم قىلدىڭ ئاشىقى جانبازغە،
ئاھكىم يەتكۇرمەدىڭ ھەمرازنى ھەمرازغە.
ھۇسنىنى تۈن - كۈن قىيىن قىلماقغە قىلدىڭ ھەمنەفەس،
تۇتىئى شىرىن زەباننى زاغ بەد ئەۋازغە.
ئەي سىپېھرى بى مۇرۇۋۋەت، سەندە نە مېھرى نە كۆز،
يۈسۈفى مىسرىنى ھەم ساتىمش بەھايى ئازغە.
قايدا بىلگەي ئابىھەيۋان قەدرىنى ھەيۋانى مەھز،
لايىق ئېردى خىزر خەتلىغ تەشنە لەب دەمسازغە.
چىقسە جان شىرىن لەبى يادىدا نە غەم ئەي مەسېھ،
جان ماڭا شىرىن لەبى يوق ھاجەتىم ئەئجازغە.
ھۇققەئى لەئلىدە ياقۇتى مۇفەررىھ مۇندەرىج،
دەردلىغ كۆڭلۈم مۇقەييەددۇر مۇفەررىھ سارىغە.
ۋەسلىنىڭ باغىغە تاۋۇسى ئەرەمنى باغلادىڭ،
كاشكى باغ ئولسە تاۋۇسى ئەرەم شەھبازغە.
ۋەھ قاچان شەرئى مۇھەببەتدە رەۋا بولغاي نىكاھ،
گىسۇيى ئەنبەرفىشانىمنى ھەبەشلىغ تازغە.
ئەي ئەسرى غەيرىدىن رازى دىلىڭنى ئاسراغىل،
غەمنى غەمخارىڭغە ئەيغىل ئەيماغىل غەممازغە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## غەزەللەر

### مولla ئەلەم

ئەرزى ھالىمنى قىلاي ئەمدى ئىشىت بىر - بىر بەيان،
ئول كۆڭلىكى ئايرىلىپ سەندىن يانىپ كەلدىم بۇيان.
بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم قۇشى بولدى سېنىڭ دامىڭغە بەند،
بۇ جەھەتدىن بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم سېنىڭ جىسمىڭ سايان.
كۆيدۈرۈپ ئىشقىڭ ئوتى بۇ ئەقل - ھۇشۇ سەبرىنى،
مەن نەچۈك تاقەت قىلاي ئەيتىڭ ماڭا چارەم قايان.
بۇ مېنىڭ دەردىمگە تاپقىل بىر دەۋا ئەي غۇنچە لەب،
كۆرسەتىپ ئايدەك يۈزۈڭنى سەن ماڭا ئۇردۇڭ زىيان.
گەر سوئال ئەتسە كىشى سەن ھۇرنىڭ ئەھۋالىدىن،
ئاڭلاسۇن قىلدىم مۇخەممەسدە ئانى بىر - بىر ئەيان.
ئەمدى ئەلەم تاشلاغىل زۇھدىڭنى كىر مەيخانەگە،
مەي ئىچىپ ئول مەئشۇقۇڭنىڭ يادىدا قىلغىل ھەيان.

× ×

يۈزۈڭنى كۆردۈم ئەمدى كۆزلەرىمنى كور قىلاي قاتىل،
بەناگاھ بولماغايلار ئۆزگە يۈزنى كۆرگەلى مايىل.
لەبىڭ يادى كۆڭۈلدىن خەلق تەئنە ئەيلەپ قاچان كەتسۇن،
شەمالدىن غۇنچەنىڭ ھەرگىز بولۇرمۇ رەڭلەرى زايىل.
بۇ چىھرەمدىن سارىغلىق ئەمدى كەتمەس ئۆلگۈچە ھەرگىز،
كى بولماس قالسە يۈز يىل سۇ ئارا نەقشى ھىجىر باتىل.
مېنىڭ كۆڭلۈمنى بەند ئەتتى سېنىڭ ئول زۇلفى قەللابىڭ،
نەچۈك قىلساڭ قىل ئەمدى چارە يوقتۇر ئەمدى مەن قايىل.
بۇ ئەلەمنىڭ فىغانى ئوتىدىن ئەي گۇل ھەزەر قىلغىم،
بۇ ئوتغە بول يىراق ئەمدىكى ھەرگىز بولماغاي ھايىل.

× ×

ئەي خىنىم مەن مەيل قىلسام سۆيگەلى سەن ماھىنى،
يوق ئەجەب مەندەك گەدا سۆيسە سىنىڭدەك شاھىنى.
سەن كەبى سۇلتاننى سۆيمەك ھەددىم ئېرمەستۇر ۋەلى،
بۇ بەلالىق ئىشق فەرق ئەتمەس گەداۋۇ شاھىنى.

ئۇل خۇدا ھەققى جەمالىڭنى مۇيەسسەر قىل ماڭا،
رەھم قىلىكىم چەھرەئى زەردىم ياشۇردى كاھنى.
ئەي خىينىم مەن خەستەنىڭ ھالىغە سەن قىلغىل نەزەر،
مەن سىينىڭ دەردىڭدە ھەردەم تارتادۇرمەن ئاھنى.
ئۆتكەرىپ ئۇمرۇڭنى ئەلەم تا بۇدەمكى يارسىز،
ھەيف زايىئ كەچۈرۈپسەن مۇنچە سالۇ ماھنى.

## مۇخەممەس

رەفىقلەر، ئەرزى ھالىم ئەيتايىن مەن ئىشىتكىز ئانى،
ماڭا سالدى ئەجەب بىر مۇشكۇل ئىش تەقدىرە رەببانى،
بىرەۋنىڭ ۋەجھىدىن قىلدى مىنى مەجنۇنىئى سانى،
نە قىلسە قىلغۇسىدۇر بەندە بىز، ئۇل بەندە سۇلتانى،
يەردە كۆردۇم ئەمدى تىلەيىن بىر ئافەتى جانى.

مەن ئەمدى ئۇل پەرىنىڭ ۋەسفىن ئەيلەي بىر نەچە ئىزھار،
ئىشىتەي ۋەسفىن ھەرگىز قىلماڭىزلار تەئنەلەر زىنھار،
مىنىڭ ھالىمغە رەھم ئەيلەپ قىلىڭلار نالەئى كۆپ زار،
باشىدىن تا ئاياغىغە دەيىن ئەئزالارىن بىر بار،
قەدىغە سەرۋىنىڭكى ئوخشاماقغە يوقتۇر ئىمكانى.

ساچىدىن كەسىپ ئىيتىپ سۇنبۇل كۆزىدىن چەشمەئى ھەيۋان،
قاشىنىڭ رەشكىدىن بولدى ھىلال كۆكلەر ئارا پىنھان،
چىقىپ تۇرسە تولۇنئايدەك خىجالەتدىن مەھى تابان،
ئۆزىن ئالدى بۇلۇت ئىچرە قىلىپ كۆپ نالەئى ئەفغان،
لەبىدىن رەڭ ئالىپ دەريالار ئىچرە لەئلى مەرجانى.

زىيارەتغە بارىپ بولدۇم ئەسىر بىر غۇنچە خەندانغە،
ياشى ئون يەتتىگە يەتكەن قەدى سەرۋى خىرامانغە،
بۇ ئالەم ئىچرە تاق تۈشكەن تىشى دۇرر ھۇر - غۇلمانغە،
قاچان بولغۇم خەلاس ئەمدى تۈشۈپ بۇ دامى ھىجرانغە،
مىنى مەھۋ ئەيلەدى ئۇل بىۋەفانىڭ دەردى ھىجرانى.

يانۇر ۋەقتىمدە بىر ئوق بىرلە ئانداغ كۆكسۈمە ئۇردى،
كۆزىن مىژگانلارىنى تىير قىلىپ قاشىنى يا قىلدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يەنە ئىشق ئوتىدىن زەررە بىر ئوت باغرىمغە يا قىلدى،
ھەم ئەنجۇم ئەيلەبان بۇ خەستەئى جىسمىمنى يوق قىلدى،
ئىلاجىم يوق بۇ تەن شاھىنى قىلدىم ئەمدى قۇربانى.

كى سەندىن ئايرىلىپ ئاقتى كۆزۈمدىن قان بولۇپ ياشىم،
تىرىكمەنمۇ، ئۆلۈكمەنمۇ بىلەلمەسمەن ئۆزۈم ھالىم،
چىقىپ كەتكەي ئىدى بۇ خەستە تەندىن بۇ زەئىف جانىم،
قۇتۇلغاي ئېردىمۇ ھەجر ئوتىدىن يوق بولغاي ئەفغانىم،
خەلاس ئولغانغە خۇش بولغاي ئىدى سەن ھۇرنىڭ جانى.

مېنىڭ مەتلۇبىم ئولدۇر ئاي يۈزۈڭنى تۈشدە كۆرگەيمەن،
تۈشۈم تەئبىرىنى بىلمەك ئۈچۈن ئالدىڭدا ئۆرگەيمەن،
بەھانە بىرلە ئالدىڭدا تۇرۇپ دىيدار كۆرگەيمەن،
كى ئاندىن سوڭ ئەجەلنىڭ نابىدىن بىر قەترە تاتغايمەن،
باشىمدىن تا ئاياغىمغە يولۇڭدا بولغامەن فانى.

سېنىڭ ھەققىڭدە قىلدىم بىر نەچە سۆز ئانچە لەززەتسىز،
كېچە ـ كۈندۈز، سەھەر ـ ئاخشام بىلە قىلدىم ئىبادەتسىز،
نامەئقۇللۇق قىلىپ، نامە ئىبەرمەي بىنىھايەتسىز،
فەلەكنىڭ كارىدۇر، مەن قىلمادىم تۇتماق ئەداۋەت سىز،
قىلىپدىم ۋەئدە كۆپدىن كۆپ دىمەكىم ۋەئدە يالغانى.

دىسەڭلەر ئەي رەفىقلەر بۇ سۆزۈڭدىن ھەرگىز ئېرمەس سۇد،
سىرىڭنى كۆڭلۈڭ ئىچرە ئاسراماي فاش ئەيلەمەك نى سۇد،
نېچۈك قىلغۇم بۇ ئوتنى كۆڭلۈم ئىچرە مەن چىقارماي دۇد،
ئۆي ئىچرە ئوت سالىپدۇر مۇشكۇل ئېرمىش ئاسراماغلىق دۇد،
ئىستىمانى نىھان تۇتسە ئۆلۈم قىلغاي ئەيان ئانى.

سەن ئەمدى موللا ئەلەم سەبىر قىلغىل قىلماغىل زارە،
قولۇڭنى يىغ قەلەمدىن ئەمدى قىلمە سەفھەنى قارە،
ئەگەر مىڭ يىل رەقەم قىلساڭمۇ پۈتمەس بۇ ئۇزۇن نامە،
خۇدانىڭ تەقدىرىغە رازى بولغىل يوقتۇرۇر چارە،
ئەتا قىلغاي ئول ئاينى رەھم ئېتىپ شايەدكى سۇبھانى.

## غەزەل

### ھەمدى

ئەي دەرىغا، ئۆتتى ئۆمرۈڭ يولغە يانغانىڭ قەنى،
جۇرم ئىسيان ھەددىن ئاشتى تەۋبە قىلغانىڭ قەنى.
سەن سەھەرلەردە ھەمە قىلغان گۇناھىڭدىن يانىپ،
نالەئى زارى بىلە ھەقغە سىغىنغانىڭ قەنى.
بۇ ئۆلۈم دەۋرانە باقىدۇر يۈرۈيدۇر دەر بەدەر،
ئاقىبەت بىزنى كېلۇردەپ، تەۋبە قىلغانىڭ قەنى.
ساقلىنغە كىردى ئاق سارغاردى تۆشتى تىشلارىڭ،
شول ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى دەپ سەن تۇيۇنغانىڭ قەنى.
دۇنيەغە كۆڭۈلنى باغلاپ، ئاخىرەتدىن بىخەبەر،
ئاخىرەت ئەسبابىدىن بىر زەررە ئالغانىڭ قەنى.
ھەركىشى قىلسە سەفەر ئەۋۋەل ئوزۇق فكرىن قىلۇر،
سەن سەفەرگە تەبرەنىپسەن ئوزۇق ئالغانىڭ قەنى.
شول ئۆلۈم ئاجىز قىلۇر تاپغان پۇلۇڭ مۇندا قالۇر،
سەن ئۇزاق يولغە بارۇرسەن تۇشەئى راھىڭ قەنى.
ھەمدىيا، بىلگىل ئۇشۇل كۆندە بەسى شەرمەندەدۇر،
سىدق ئىلە ياخشى ئەمەل جان بىلە قىلغانىڭ قەنى.

## مەسنەۋى

### موللا ئىمىن، موللا ياقۇپ

ئوقۇپ بۇ ھېكايەتنى كۆرمەك كېرەك،
بۇ سۆزلەرنى ئوبدان ئىشىتمەك كېرەك.
ئىشىتسە كىشى ئەمدى بۇ قىسسەنى،
قىلۇر بىر تەرەف ئۆشبۇ غەم - غۇسسەنى.
كەل ئەمدى سۇخەن ئەھلى، ئەي سەرۋناز،
ھېكايەتنى قىل تۇتى يەڭلىغ نەۋاز.
ماڭا ئەمدى ئەي ساقىيا، مەينى تۇت،
كى بىر نۇش ئېتىپ بۇ كۆڭۈلنى ساۋۇت.
كى پەرۋاز ئېتىپ ئەقلىمە لاچىنى،
چۇ گويا بولۇپ ساقىئى ماچىنى.
يەنە ئاسراغىل بولماغىل كۆڭلى لال،
غەنىمەت بۇ كۆن، تاڭلە يوق ئۆشبۇھال.
كى ئەي ساقىيا، بىر قەدەھ مەينى تۇت،
جەھان ئەھلىدىن بۇ كۆڭۈلنى ساۋۇت.
بۇ گۈللار تۇزۇپ ئاقىبەت كۆز بولۇر،
كى ئەيۋان - سارايلار ھەمە تۆز بولۇر.
قالۇر مۇندا تاپقان پۇلۇ مالىڭا،
بارۇر بىللە ھەم ياخشى ئەئمالىڭا.
كى غافىلسەنۇ قىل سەخا يەتكۈچە،
بۇ ئاچقۇڭ ئىلىكدىن چىقىپ يەتكۈچە.
كى بىر كۆن تۇرۇبدۇركى ئۆلمەك ساڭا،
كى لازىم ئەمەس مۇندا كۆلمەك ساڭا.

رەفىقى يەنە سۆزنى ئاغاز قىل،
سۆخەن سارىغە ئانچە پەرۋاز قىل.
فەقىر سۆزلەي خۇدانىڭ ئاتى بىلەن،
كى توقسان توققۇز ئىسمى زاتى بىلەن.
خۇدايىم ھەرنە قىلسە قۇدرەتى بىسار،
بىرىن نامراد ياراتتى بىرنى زەردار.
بىرى ئاقىل، بىرى جاھىل بىرى قىل،
بىرى ناقابىلۇ ھەم بىرسى قابىل
ئەزەلدە ھەركىشىگە بەردى بىر يول،
بىرى بۆزچى، بىرى موللا بىرى گول.
بىرى رەممال-دۇئاخۇن بىرسى شائىر،
خۇدانىڭ قۇدرەتى ھەر يەردە زاھىر.
بەھانە بىرلە بەرگەي رىزقىمىزنى،
ياراتتى ھەق تەئالا سىزنى-بىزنى.
فەقىر ئەرزىمنى ئەيتاي ئاڭلاسۇنلار،
زەمانە بىبەقادۇر چاغلاسۇنلار.
رەسولدەك زاتغە قىلماي ۋەفانى،
ئالىپ قوللارغە سىدقى سەفانى.
ئۆتتۈپ كەتتى ۋەلىيۇللاھ بەنىلەر،
ئەجەل يەتكەندە بىردەم تۇرمادىلەر.
تىرىكلىكدە قىلىپ بىر ياخشى ئەئمال،
قىلىپ خەيرى سەخاۋەت ياخشى ئەئمال.
بارۇر ھەمراھ نەماز، خەيرى سەخاۋەت،
نەسىب بولغاي بىھىشت راھەت-فەراغەت.
كىشى تۇرماس بۇ ئالەمدە بىلىڭلار،
نە يەردە ياخشى ئىش بولسە قىلىڭلار.
بۇ نەزمى كىتاب ھەققىدە بىر نەچچە
سۆزلەي،
يامانۇ ياخشىلارنى ئەمدى كۆزلەي.
خۇدايا ھەمە يوقنى بار ئەيلەدىڭ،
بىرىنى ئەزىز بىرنى خار ئەيلەدىڭ.
ھەمە قۇدرەتىڭنى مەنكى ياد ئەيلەسەم،
بىتىپ ئالماقغە بۇ كىتاب پەيلەسەم.
نىيەت قىلدىمۇ بىتىپ ئالماقغە مەن،
تەمام ئەتمەكىدە جۇست جۇيىدەمەن،
ئالىپ ئىلكىمە بۇ قەلەم سەرنەۋىش،
سىزىپ كىرپىكىم بىرلە كاغەز ھەمىش.
بىتىپ بۇ كىتابنى ھەمە يازۇ قىش،
مۇنىڭدىن بۆلەك قىلمايىن ھېچ ئىش.
كېچە بولسە ھەقدىنىكى ئانچە تەلەب،
تەمام ھەم قىلۇرغە ئېيتەردۇك سەبەب.
بىتىپ ھەم تەمام بولدى ئىككى موللادا،
چىقالماي ھارىپ بۇ ئۇزۇن يوللادا.
بۇ چۆللەر كېزىپ نەچچە كۈنلەر ھارىپ،
كى بەللەركى ئاغرىپ كۆزىمىز تالىپ.
ئىككىمىز بىتىپ ھەم تەمام ئەيلەدۇك،
ئىشىتىپ ھىكايەت جەھان سەيرلەدۇك.
بىرى موللا ئىمىن ئىبنى قۇتلۇغ ئىدى،
ئاتاسىكى فازىل ھەم موللا ئىدى.
ھەمىشە خەت بىتۇرمەن قىشۇ ياز،
ئۆزۈم كام قۇۋۋەتۇ باشىم ئېرۇر تاز.
بىرى موللا يەئقۇب ئۆزى ئېردى گول،
كى ئىلم ئىچرە تاپغان ئىدى ئەمما يول.
ئۆزى گال، دۇۋەكۇ بۇرنى ماڭقا ئىدى،
بويى كالتا ئەمما تولا ساڭقار ئىدى.
فەقىرلەر ھەمە بىۋە ئاجىز ئىدۇك،
بۇ ئالەم ئارا يادكار ئەيلەدۇك.
بىتىلگەن بۇ كىتاب مەۋزىئى شورباغ،
خەلايىق ئوقۇپ بولغۇسى باغ-باغ.
تۇگەتكۈنچە بۇ خەتنى باشىم قاتىپ،
خوتەن دەشتىدە يالغۇزۇ ھەم ھارىپ.
بىتۈگۈنچە خەت چاپسا كەتمەن كىشى،
ئۇتۇنلار يارىپ، قىغ توشۇسا كىشى.
كى مۈكچۈيۈپ ئولتۇرسا بەللەر تالىپ،
كى تىزلاركى ئاغرىپ كۆڭۈللەر ھارىپ.
ئاتىدۇر بۇ كىتاب «ھەمزە-ئابا مۇسلىما»،
كى جەڭنامەدۇر رەۋزەتۇششۇھەدا.
باياز بىرلە بۇ تۆرت ئىمام زەبىھە،
بارى نەزمدۇر بۇ دەفتەردە ھەمە.

بۇلارنىڭ ھەمە بارچەسى نەزمدۇر،
كۆڭۈلگە لەتىق بارچەسى رەزمدۇر.
كى ئەۋۋەلقىسى نەزمى جەڭنامەدۇر،
كى ئىككىنچىسى كەربەلا جەڭىدۇر.
ئۈچۈنچى دەفتەردۇر شەھرى بەياز،
ئوقۇپ كۆرسەلەر بولغۇسى سەرفەراز.
بەشىنچىسى نەزمى ئەمىر ھەمزەدۇر،
بۇلار ھەممەسى نەزم ئارا رەمزەدۇر.
ئىشتىسە خەلايىق نەزم ھىكايەتلەردىن،
كى دەفئ بولۇر كۆڭلى مەلالەتلەردىن.
سۆزى نەزمىدۇر، تۈركىدۇر، ئەمما جەڭ،
قۇلاق سالسە ھەركىمكى ئولتۇرسە رەڭ.
كى تاڭسۇخ ھەمە سۆزلەرى باردۇر،
ئەجايىب، غەرايىب ئەلاماتدۇر،
تولا كۆڭلىدە جەزم قىلسە كىشى،
كۆڭۈل مۈشكىلىن ئاسان بولغاي ئىشى
كىشلەردىن ھەرگىز يېمەس ئەسلا بەند.
يېگەي ئول كىشلەر ھەمە كەللا قەند.
بۇ كۆن مۇندا بىز تاڭلا تۇرماس كىشى،
بۇ ئالەمدە تىرىك جان ئۆلمەكىدۇر ئىشى.
كى بىزلەرگە بىر كۆن كەلگۈسى نەۋبەت ئول،
سولۇمىزنى ئوك قىلغۇسى ئوكنى سول.
بۇ ئالەمكى بىزلەرگە باقى ئەمەس،
بۇ فانى غەمىدە باقى غەملەمەس.
كى بىز فانى بولساق، بولماغاي خەتىمىز،
خەلايىق ئارا ئۆچمەگەي ئاتىمىز.
ئوقۇغان كىشى بىزلەنى ياد ئېتەر،
دۇئالار قىلىپ رۇھىمىز شاد ئېتەر.
ئوقۇغان كىشى بىزنى ياد قىلماسا،
دۇئالار قىلىپ بىزنى يادلانماسا.
جەھان ئاخىرى ھەم قىيامەت بولۇر،
تۆمۇر تىرناقىمىز ياقاسىن بۆلۇر.
سۇئال ئەيلەسە تەئرىخىدىن كىشى،
مىڭ ئىككى يۈز يەتمىش ئىككى ئىدى.
يىلى مايمۇنۇ ئايى ئېردى سەفەر،
تەمام بولدى ۋەقتى يەكشەنبە سەھەر.
كى دۈشەنبە كۈنى قىلدۇق ئىبتىدا.

كى يەكشەنبە كۈن بولدىيۇ ئىنتىها.
بىتۇر ئېردۈك ئاندىنۇ مۇندىن تېرىپ،
كى سەفھە يۈزىغە قەلەملەر سىزىپ.
كى ھەر يەردە نەزم بولسە ئانى تاپىپ،
كى مەرغۇب سۆزى بولسە ئانى بىتىپ.
بۇ خەتكە مېنىڭ يوق ئىدى لايىقىم،
نە ئەقلۇ نە فەھمۇ نە موللالىقىم،
بىمەئنى قارا تۈركى ئېردىم ئۆزۈم،
قارا خەت تونۇر ئېردى ئەمما كۆزۈم.
ياتار ئېردىم شورباغ سەھراسىدا،
زەمانە غەمى رەنجۇ غەۋغاسىدا .
يۈرۈر ئېردىمۇ بۇ كۆڭۈللەر ساچىپ،
قوشالماي يامان خەلقلەردىن قاچىپ.
مەن ئۆلسەم بو سۆزلەر قالۇر يادكار،
جەھان سەفھەسىدە قىلۇر پايدار.
خەتا بولسە دانالار ئەفۇ ئېتەر،
دۇئا بولسە رۇھۇمنى ئول شاد ئېتەر.

× × ×

رۇزە يەكشەنبەدە تەمام ئەتتىم،
پوتلارىمنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتتىم.
بىلەي دېسەلەر جۇزلەردىن كىشى،
كى ئوتتۇز ھەم ئالتەدۇر بۇ جەمىئى.
ھەمە ۋاراقلاردۇر ھەم ئۈچ يۈز،
ساناماق لازىم ئېرمەس ئويى بولدى تۈز.

× × ×

شود بىتەۋفىقى خۇدايى لايە نام،
ئېين كىتابەت رۇزە ئازىنە تەمام.
بىتىدىم ئەزبىرايى يادىكارى،
ئوقۇغاندا دۇئا ئۇمىدۋارى.
بىتىپدۇرمەنكى بىلمەي ئۇشبۇ خەتنى،
بىلىملىك راسلاسۇن راستۇ غەلەتنى.
....................................
①..................................
ئاتىمدۇر موللا ئىمىن ئانى بىلىڭلار،
دۇئادا مەن فەقىرنى ياد قىلىڭلار.

① ئەسلى قول يازمىدا ئىككى مىسرا يىرتىلىپ يوقالغان (م).

# «ئەتۋاقوززەھەپ»تىن

## ئەللامە زەمەخشەرى

### ئەللامە زەمەخشەرى ھەققىدە بىرقانچە سۆز

**ئاپتوردىن:**

زەمەخشەرىنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەبۇلقاسىم ماخمۇد بىننى ئۆمەر بولۇپ، زەمەخشەرى ئۇنىڭ تەخەللۇسىدۇر. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 467 - يىلى (مىلادى 1075 - يىلى) خارەزىمنىڭ زەمەخشەر دېگەن يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ھازىر ئىرانلىق دەپمۇ، تۈرك نەسلىدىن دەپمۇ قارالماقتا. لېكىن ئۇ ئەرەب تىلى ئەدەبىياتىدا شۇ قەدەر چوڭقۇر بىلىم ۋە يۈكسەك ماھارەتكە ئىگە بولغانكى، ئەرەب نەسلىدىن بولغان ھېچ-قانداق ئالىم ۋە ئەدىب بۇ تىل ۋە ئەدەبىياتقا ئۇنىڭدەك خىزمەت قىلغان ئەمەس، دېيىشمۇ ئەرزىيدۇ.

ئىسلام ئىلىملىرىنى تەھسىل قىلغان ۋە ئەللامە سۈپىتىدە يېتىشكەن زەمەخ-شەرى، ئېتىقادتا مۇئتەزىلە (جامائەتتىن چەتنەپ چىققان)، ئەمەلدە ھەنەفى ئىمام (ئەزەم ئەبۇ ھەنەفى) مەزھىبىگە مەنسۇپ ئىدى. مەلۇم رىۋايەتكە قارىغاندا، ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە ئەھلى سۈننەت (سۈننىيلەر) نىڭ ھەققى ئېتىقادىغا قايتقان.

زەمەخشەرىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى، مىلادىنىڭ 1134 - يىلى تاماملىغان «ئەلكەش-شاف ئەن ھەقائىقۇتتەنزىل ۋە ئۇيۇنۇلئە قاۋىل فى ۋۇجۇھۇتتەئۋىل» ناملىق قۇر-ئان كەرىم تەپسىرى بولۇپ، بۇ تەپسىردە مۇئتەزىلەنىڭ بەزى بۇزۇق ئەقىدىلىرىنى ساقلاپ قالغان بولۇشى بىلەن تەڭ، ئەسەر ئەھلى سۈننەت ئالىمىدىنمۇ قوللىنىلىپ پايدىلىق تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىلغان «ئەل كەششاف» ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتى جەھەتتە ئەڭ كامالەتكە يەتكەن ئالەمشۇمۇل بىر تەپسىردۇر.

زەمەخشەرى ھاياتىدا بىر مۇنچە ساياھەتلەردە بولغان. قانچە قېتىملاپ باغدادقا بارغان. بىر مۇددەت مەككە مۇكەررەمەدە مۇجاۋىر (تەنھا) بولۇپ تۇرغان. شۇڭا ئۇ «جارۇللاھ» تەخەللۇسى بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنغان.

ئەنە شۇ ساياھەتلىرىدىن بىرىدە، ئۇنىڭ بىر ئايىغى قاردا ئۈششۈپ، كېسىلىپ،

توكۇر بولۇپ قالغان. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 538-يىلى بىر ئايەم كېچىسى جۇرجان شەھىرىدە ۋاپات بولۇپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

«فەخرۇل خارەزىم» («خارەزىمنىڭ ئىپتىخارى») بىلەن «ئۇستازۇلئەرەب ۋەلئەجەم» («ئەرەبلەر ۋە ئەرەب بولمىغان باشقا ئىرقلارنىڭ ئۇستازى») دېگەن ئۇنۋانلارنىمۇ ئالغان.

ئەللامە زەمەخشەرى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىلا مۇئتەزىلە مەزھىبىدىن قول ئۈزگەنلىكى توغرىسىدا «كەششاف»قا شەرھى يازغانلاردىن ئەللامە ئەكمەلىددىن ۋە «كەششاف» شەرھىچىلىرىدىن خەلىپە ئەتالار مەلۇمات بەرگەن. «ئەتۋاقۇززەھەب» («ئالتۇن ھالقىلار») بىلەن «ئەننە سايىھۇلكىبار» ناملىق ئەسەرلىرىنى زەمەخشەرى ئەھلى سۈننەت ئېتىقادىغا قايتقان دەۋردە يازغانلىقى رىۋايەت قىلىنماقتا.

زەمەخشەرى مەككىدە بولغان مەزگىللەردە بىر كۈنى ئەبۇ قۇببەيىس تېغىغا چىقىپ ئەرەبلەرگە: «ئەي ئەرەب قەبىلىلىرى! ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ تىلىنى كېلىپ مەندىن ئۆگىنىڭلار...» دەپ خىتاب قىلغان.

### نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

«ئەتۋاقۇززەھەب» («ئالتۇن ھالقىلار») ناملىق بۇ ئەسەر دەسلەپ تۈركىيىدە سۇلتان ئابدۇلھەمىد II دەۋرىدە ھاجى مۇھەممەد زىھنى ۋە سەئىد بەگلەر تەرىپىدىن ئوسمانىيە تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىنىپ، ئەرەبچە مەتنى بىلەن بىرلىكتە بېسىلغان. كېيىن رەھمى سېرىن تەرىپىدىن مەزكۇر تەرجىمە ئەسلى نۇسخىسى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئاددىيلاشتۇرۇلغان.

1978-يىلى ئىستانبۇلدا «بەدىر» نەشرىياتى تەرىپىدىن «كلاسسىك ئىسلام شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئۈچ ئۇلۇغ ئەسىرى بىر يەردە» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن «گۈلىستان»، «بوستان»، «ئالتۇن ھالقىلار» ناملىق ئۈچ ئەسەر بىر توپلام قىلىنىپ نەشر قىلىنغان.

«ئالتۇن ھالقىلار» ناملىق بۇ ئەسەر ئىنچام يېزىلغان يۈز ماقالىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن بىر قانچىنى تاللاپ تونۇشتۇردۇق.

### كىبىرنىڭ يامانلىقى ھەققىدە

ئەي ئىنسان ئوغلى! ئۆزۈڭ لايدىن يارىتىلدىڭ. ئىچىڭ بولسا كىبىر ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن تولغان... بەزىدە ئۆتكەن كۈنۈڭ بىلەن ماختىنىسەن، بەزىدە بايلىقىڭ، مال-مۈلكۈڭ ۋە نەسلىڭ بىلەن ئىپتىخارلىنىسەن. كىبىر ۋە مەغرۇرلۇقۇڭ بىلەن باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش ساڭا يارىشامدۇ؟ ئەجدادىڭنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەنمۇ ماختانما. دىققەت قىل ۋە سەگەك بول!...

www.uyghurkitap.com

دوستۇم، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھالىڭ نەچۇك بولىدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ قوي. مانا شۇ يامان ئادەتلىرىڭنى ئازايت. ئىنسانلىققا ياراشمايدىغان كىبىر ۋە مەغرۇرلۇقنىمۇ تاشلا.

## غەپلەتتىن ئويغان

ئەي ئىنسان ئوغلى! ئۆمرۈڭ قۇيۇندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. سەن بولساڭ تار كۆز قارىشىڭدىن كەلگەن غەپلەت ۋە ئەقىلسىزلىك بىلەن بۇ زاۋاللىق ئالەمدە ئەسىرلەر بويى تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىسەن.

قارىغىنا، ھاياتىڭ پۈتۈنلەي كۈندۈزنىڭ يورۇقى ۋە كېچىنىڭ قاراڭغۇسىدەكلا بىر نەرسە! ۋاقتىڭنى غەپلەت ئۇيقۇلىرى بىلەن ئۆتكۈزمە. جىددىيەت ۋە غەيرەت تۇلپارىنى ئۈكچىلەپ، سالامەت مەنزىلگە ئۇلاشقان ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ بىرىگە مەنسۇپ بول.

## شۆھرەتنىڭ يامانلىقى

بىرسىنى كىشىلەر ئارىسىدا ھەددىدىن زىيادە ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ ئۇلۇغلاش، ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي تۆۋەن چۈشۈرۈپ كىچىكلەتكەنلىك بولىدۇ. شان-شەرەپ ۋە شۆھرەت بىلەن كىشىلەرگە تونۇتۇش، ئەمەلىيەتتە نام ۋە شان-شۆھرىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلغانلىقتۇر.

شۇنداق ئىكەن، نامسىز ۋە شۆھرەتسىزلىكنى شۆھرەتتىن، ئۆزىنى كۆرسەتمەسلىك ۋە ئۆز ھالىغا بېقىشنى شان-شەرەپ ۋە بايلىقتىن ئەلا بىلگىن. بۇنىڭ بىلەن مۇشەققەت پەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، يوشۇرۇن سۇيىقەست ۋە ھەسەتتىن يىراق بولۇپ بەختىيار ياشايسەن.

دۇنيادا بايلىق ۋە شۆھرەت ئىگىسى بولغان ئادەم، يا باشقا بىرىنىڭ سۇيىقەست ۋە ھەسەت ئوقىغا نىشان بولۇش بىلەن، يا ئۆزى باشقىلارغا يوشۇرۇن سۇيىقەست ۋە ھەسەت قىلىش بىلەن يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

سۇيىقەست بىلەن ھەسەت شۇنداق يامان بىر كېسەلكى، كىشىنىڭ قەلبىنى جاراھەتلەپ، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ...

## نومۇسنى تاپاۋەتكە قۇربان قىلغۇچى بىلەن تاپاۋەتنى نومۇسقا قالقان قىلغۇچى

سۆزۈمگە ياخشى قۇلاق سال. ساڭا مال-مۈلۈككە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۇنى جېنىدىن ئەزىز كۆرۈش بىلەن نومۇسنى ساقلىمايدىغان گۇناھكار پەس ھەققىدە بايان قىلاي.

بۇ خىلدىكى كىشلەر بايلىق ۋە راھەت-پاراغەتى بۇزۇلمىسۇن دەپ، ئابروينىڭ
ئاياغ ئاستى بولۇشىغا كۆز يۇمىدىغان، ئۆز قارنى تويسا، بالا-چاقىسىنى
ئويلىمايدىغانلاردۇر.

ساڭا شەرەپلىك كىشلەرنىمۇ ئېيتاي، دىققەت بىلەن قۇلاق سال:

بۇ خىلدىكى كىشلەر يۇقىرىدىكى كىشلەرنىڭ ئەكسىچە. ئۇلار بايلىقنى نومۇ-
سىغا قالقان قىلىدىغان، ئۆز قول ئاستىدىكىلەرگە چوڭ خەيرىخاھلىق قىلىدىغان، ئاچچى-
قى كەلگەندە ئاچچىقىغا ھاكىم بولۇپ ئۆزىنى بېسىۋالالايدىغان، «ئېغىر بول، مەد-
ھىيىلىنىسەن» دەپ ئۆز-ئۆزىگە نەسىھەت قىلالايدىغان، بىر ئىشتا ئالدىراقسانلىق
قىلغانىنى كۆرسە «ئالدىرىما، كىشلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولسەن» دەپ
جىددىي ۋە قەتئىي تەۋسىيە قىلالايدىغانلاردۇر.

## ياخشى ئادەمنىڭ خىسلىتى

ھۆرمەتكە سازاۋەر، نومۇسلۇق ئادەمنى باشقىلارغا زۇلۇم سېلىشقا ئۈندىسە،
ئۇنىڭغا دەرھال قارشى چىقىدۇ. ئېسىلزادە ئادەمگىمۇ بىرىنى ھاقارەتلەش ۋە خور-
لاش ۋەزىپىسى بېرىلسە بۇ ۋەزىپىدىن شۇئان ئۆزىنى تارتىدۇ، ھەقىقىي ئىنسانلىق
كەمىرىنى بېلىگە باغلىغان كىشى، ئىنسانىيەتكە يات بولغان ھەر خىل ھەرىكەتلەردىن
ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، بۇ ۋەزىپە ئادەم ئەمەس بىرەر ھايۋانغا تاپشۇرۇلسىمۇ، تۆيىقىنىڭ
سۇنۇشى، توقۇمنىڭ دۇمبىسىنى يېغىر قىلىۋېتىشىدىن قورقۇپ تىترەيدۇ. بۇ خىسلەت
گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى بولغان پاك ئىنسانلارغىلا خاس بولۇپ، ھارام سۈت ئەمگەن-
لەردە بولمايدۇ.

ئىت قويرۇقىدا ياغ ۋە كۈچ بولمىغىنىدەك، ئېسىلىكى بولمىغان ئادەمدىمۇ
ياخشىلىق ۋە ئالىيجانابلىق بولمايدۇ.

## يۈزسىزلىك ۋە ھاياسىزلىق ھەققىدە

يۈزسىزلىك باي بولۇشنىڭ شەرتلىرىدىندۇر. بۇ يۈزسىزلىك ئۆز خوجايىنىغا
قانچىلىغان مال-مۈلۈك، پۇل تېپىپ بېرىپ، ئارزۇلىرىنىڭ ئالدىدىكى قۇلۇپلانغان
ئىشىكلەرنى ئاچىدۇ ۋە ئەڭ ئېسىل مېۋىلەرگە قول ئۇزاتقۇزىدۇ. ئۇنىڭغا ئەڭ چى-
رايلىق ئىبارىلەر بىلەن گەپ قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدىمۇ ئېغىز ئېچىش
جۈرئىتىنى بېرىدۇ.

لېكىن يۈزىدە ھايا بولغان كىشى، تىلىدىكى نومۇس تۈگۈنىنى ئېلىۋېتىپ، ھالى-
نىمۇ ئۇقتۇرالماي، ھەمىشە بىچارە ھالدا گاڭگىراپ يۈرىدۇ، جاھاندارچىلىق ۋە تاپا-
ۋەت يوللىرىنى ياخشى بىلمىگەنلىكىدىن غەم-غۇسسە پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. باشقىلار

www.uyghurkitap.com



دۇنيا نىمەتلىرىگە چۆكۈپ، كەيىپ-ساپا سۈرۈۋاتقاندا، بۇ بىچارە يوقسۇللۇق ئىچىدە
كۆيۈپ پىشىدۇ.

بىراق ئالەمدە نە ئۇنداق تاپاۋەت ۋە تىجارەت، نەئۇنداق ئەسەبىيلىك ۋە هاياسىز-
لىق بولسۇن. هايا ھەققىدە قەسەم قىلىمەنكى، يۈزسىزلىك تاپاۋىتىنىڭ ھېچقانداق
قىممىتى يوق. پىشانەڭنىڭ تەرلىشى كىبىر ۋە مەغرۇرلۇقتىن چىرايلىق. سېنىڭ بىر
يۇتۇم سۇغا ئىگە بولماي تۇرۇپمۇ ئىپپەت ۋە نومۇسۇڭنى ساقلىشىڭ، دەريالارغا ئىگە
بولۇپ تۇرۇغلۇق، يۈزۈڭدە بىر تامچە سۇ كۆرۈنمەسلىكتىن ياخشىراق.

## نادامەت

تۇقۇمدىن يېغىر بولغان دۈمبىدەك جاراھەتلىك ئەمىلىمىزگە كىم ئىگە بولىدۇ؟
داۋالاپ ساقايتىۋالغىلى بولمىغۇدەك يارىلانغان بۇ قەلبكە كىم ئىگە بولىدۇ؟ ئۇ شۇنداق
بىر قەلبكى، قىلىنغان داۋالارنىڭ ھەممىسى بوشقا كېتىدۇ. بىر تەرىپىنى سەل ساقايت-
ساڭ، يەنە بىر تەرىپى ئۈيۈلۈپ يىرىڭلاشقا باشلايدۇ ... بىر يامانلىق تۆشۈكىنى ئەتسەڭ،
باشقا يېرىدىن بىرقانچە تۆشۈك ئېچىلىشقا باشلايدۇ. بۇ يارىلارنى داۋالاشقا ئادەملەرنىڭ
بىلىمى ۋە كۈچى يەتمەيدۇ. ئەڭ ئۇستا دوختۇرلارمۇ دەردنى چىقىرىۋېتىشكە ئاجىزلىق
قىلىدۇ. ئاھ! بۇ قەلب دەردى دەستىدىن پەرياد!

ئاھ، داۋاسى بولمىغان بۇ دەرد دەستىدىن پەرياد! مىڭلارچە پەرياد! ماڭا ئوخشاش
قەلبى ساق بولمىغانلارغا «يەۋمە لايەنفەئۇ مالۇن ۋەلا بەنۇن ئىللامەن ئەتەللاھە بىقەل-
بىن سەلىم» ① ئايىتى ئوقۇلغانسېرى، يىلان چاققان ئاغرىق ئازابىدىن كېچىچە
ئازابلىنىپ چىققان كىشىنىڭ ئاھۇ زارىدەك ئازابلانماقتىن باشقىسى يوق.

## يامان ئەمەلدارنىڭ ھالى

مەرتىۋىسى ۋە مەنسىپى بىلەن ماختانغان كىشى تۆگە قۇشىدىنمۇ ئەخمەقتۇر،
مەن نىجادلىقتىن مەھرۇم بولغان زالىم مەنسەپدارىدىنمۇ يامان بىرىنى كۆردۈم.
زالىم ۋە پەزىلەتسىز مەنسەپدار زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىكتىن قانداقمۇ نىجات تاپسۇن.
ئۇ ئادالەت ئورنىغا يامانلىق قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. زۇلۇم سېلىشتا ھېچقانداق
پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيدۇ. ئۇ ھامان زالىملار تەرىپىگە مايىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەم-
رىگە ھازىر ئىكەنلىكىنى ھەر بىر ئىپادىسى بىلەن ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ.

بۇنداق خۇسۇسىيەتلىك ئەمەلدار ئۆزىنى خەۋپ ئىچىگە ئاتقان بولۇپ، غاپىلانە
ھەرىكىتى ۋە يامان تەسىرى تۈپەيلىدىن ئالاقزادىلىك قاراڭغۇلۇقىدا قالغان ئاجىز ۋە
بىچارىلەرنىڭ ئاھۇ زار ئوقىغا نىشان بولىدۇ.

① بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: «قىيامەت كۈنى نە بايلىق، نە پەرزەنتتىن پايدا كەلمەيدۇ.
پەقەت ئاللاغا قەلبى پاك بولۇپ بارغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا ... »

## زامان ئۆزگەرسىمۇ ھەق يولىدىن ئايرىلما

دۇنيا دەۋردىن دەۋرگە، ئىنسانلارمۇ بۇ دۇنيادا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆتمەكتە. سەن ھەر كۈنكى ھەرىكىتىڭدە ھەق يولنى تۇت. ھەرقايسى جەمئىيەتلەر بىلەن پىكىر ئايرىمچىلىقلىرىڭنى ھېسابقا ئېلىپ بىرلىكتە ئولتۇرۇشنى بىل. ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىشقا تىرىشقىن. چۈنكى زاماننىڭ ئېقىمى ۋە ئىنسانلارنىڭ زامانغا نىسبەتەن كۆز قارىشى ھەر دائىم ئارزۇ قىلغىنىڭدەك بولمايدۇ.

ھەر بىر ئارزۇيۇڭدا دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەر ساڭا ماسلاشماسلىقى مۇمكىن. يامان نىيەتلىك كىشى ئارىلاپ-ئارىلاپ سېنىڭ پىكرىڭگە يول قويغاندەك كۆرۈنسىمۇ، بۇنداق يول قويۇشنىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما، ئۆزۈڭنى پۈتۈنلەي تاپشۇرۇۋەتمىگىنكى، داۋاملىق ئۇنداق بولىۋەرمەيدۇ.

زامان ھادىسىلىرىنىڭ تېگىدە بېسىلىپ قالما. ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ھادىسىلەرنى بېسىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن باش تارتما. توغرا يولدا قەيسەر بول ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇر.

## ئادالەت بولمىغان مەملىكەت

ئەي ئىنسان ئوغلى! دىققەت قىل. ساڭا سائادەت بولمىغان مەملىكەتتىن بايان قىلمەن. ئۇ مەملىكەت زالىم بىر ئەمەلدارنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا بولغان مەملىكەتتۇر. ئۇ شۇنداق بىر زالىم ئەمەلداركى، ئۇنىڭ ئۆز خەلقى ئۈستىدىكى زۇلمى، خەلقنى ئات تۇيىقىدىن زىيادە ئەزگۈچى، كەلكۈندىن يامانراق خاراب قىلغۇچى، تىنجىق شامالدەك قۇرۇتقۇچى، ۋابادەك توپ-توپى بىلەن ئۆلتۈرگۈچىدۇر.

زۇلۇم، قىلىنغان دۇئالارنىڭ خۇدانىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بېرىشىغا پەردە؛ رەھمەت ۋە بەرىكەتنىڭ چۈشۈشىگە توسالغۇدۇر. زىنھاركى، زالىم ئەمەلدار بولغان مەملىكەتتە مال-مۈلۈك، بالا-چاقىلىق بولاي ۋە ماكانلىشاي دېمە!...

ئۇنداق مەملىكەتنىڭ ھامىنى بىر كۈن خارابىزارلىققا ئايلىنىپ، خەلقىنىڭ پەرىشانلىقتا قالدىغانلىقىنى ئېسىڭدىن ھېچقاچان چىقارما.

## شەرەپنى ئۆزۈڭ قازىنىشىڭ كېرەك

ئاتاڭدىن قالغان شۆھرەت بىلەن قانائەتلىنىپ قالما. ئۇ شەرەپ ۋە شۆھرەت ئۆتمۈشۈڭگە مەنسۇپتۇر. ئەجدادىڭدىن قالغان شان-شەرەپ ۋە شۆھرەتكە سەنمۇ يېڭى ۋە مۇناسىپ شان-شەرەپلەرنى قوشقىن. شۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقىي شەرەپلىك بولىسەن. ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپكە ئىشەنچەڭ بولمىغۇچە، ئاتاڭنىڭ شان-شەرىپى بىلەن شەرەپلىك بولۇش داۋاسىدا بولما. پەقەت ئۆزۈڭگە خاس شەرەپ بولمىغۇچە باشقىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەرىپى ساڭا ئەسقاتمايدۇ.

ئۆتمۈشۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپ بىلەن شەخسىي ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپ ئارىسىدىكى پەرق بۈگۈن بىلەن تۈنۈگۈن ئارىسىدىكى پەرققە ئوخشاش. تۈنۈگۈنكى رىزقىڭنىڭ بۈگۈنكى پايدىسى بولمىغىنىدەك، تۈنۈگۈنكى توقلۇقۇڭنىڭمۇ بۈگۈنكى ئاچلىققا پايدىسى يوق.

ساڭا كېرىكى، بۈگۈنكى ۋە شەخسىي ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان ئېتىباردۇر.

## ھەق ۋە دەلىل

مەن ھەق بىلەن دەلىلگە ئوخشاش بىر-بىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىدىغان ئىككى بەيگە ئېتىنى كۆرمىدىم. بۇلار مۇرىنى مۇرىگە تىرىگەن ھامان ھەق تەلەپ قىلمايدىغان بىر نېمەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ ئىككى دوستتىن بىردەممۇ ئايرىلمىغىن. ئۇلار ئەبانەين تاغلىرىدەك بىر-بىرىدىن ئايرىلماس ئىككى دوست بولۇپ، ئۆزەڭگىلىرىگە يېپىشقان ئىززەتلىرى بىلەن ئەزىزدۇر.

بۇلاردىن ئايرىلغانلار نەپسى پەسلەردىنمۇ پەسكەش، قەدىرسىزدىنمۇ قەدىرسىزدۇر.

## غاپىل قېرىلارغا تەنبىھ

ئەي، چاچ-ساقىلى ئاقارغان قېرىلار! سىلەرنى ھەر بىر ياماندىن توسۇش ئۈچۈن بۇ قېرىلىق ئالامەتلىرىڭلار كۇپايە تۇرسا، يەنە نېمە ئۈچۈن سىلەرنى تېخىچە يارامسىز ئىشلاردا ۋە ئۆزۈڭلەرگە ياراشمايدىغان قىلىقلاردا كۆرىمەن؟

ئېچىنىڭلار، ئۆزۈڭلارغا ئېچىنىڭلار! چۈنكى ھاياتلىقنىڭ تۆتىنچى قەدىمىگە كەلدىڭلار. بۇ قەدەم ھاياتىڭلارنىڭ سەبىيلىك، ياشلىق ۋە يېتىلگەن ۋاقتىدىن كېيىن كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچتۇر. ئۆمرىنىڭ بۇ باسقۇچىغا قەدەم قويغان كىشى، ھاياتلىق دېڭىزىنىڭ قىرغىقىغا كەلگەن بولىدۇ. بۇ يەر كىشى ئۈچۈن كەينىگە قايتىشى مۇمكىن بولمايدىغان ۋە ھەرقانداق كىشى جەزمەن كېلىدىغان بىر ساھىلدۇر.

خۇداغا قەسەم بېرىمەنكى، بۇ ساھىلدىن كېيىنكى مۇشكۇل سەپەر ئۈچۈن ئەڭ زىيادە قورقۇشى ۋە يول ئوزۇقى ھازىرلىشى لازىم بولغانلار قېرىلاردۇر. ئۇلارغا يېقىنلاپ قالغانلارمۇ شۇنداق.

## مەسخىرە ۋە بولمىغۇر چاقچاقتىن ساقلان

ئالدىن كۆرەلەيدىغان ۋە ئېھتىياتلىق دەپ شۇنداق كىشىنى ئېيتىمەنكى، ئۇ ھەر دائىم تەمكىن بولۇپ، بىرىنى مەسخىرە قىلىش ۋە ئورۇنسىز چاقچاق قىلىشنى خالىمايدۇ. مەسخىرىۋازلىق، قىزىقچىلىقنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان كىشىدە تەمكىنلىك قالامدۇ؟

مەسخىرىۋازلىق بىلەن تەمكىنلىك چىقىشالامدۇ؟ تەمكىن ئادەم بىلەن قىزىقچى بىر يەردە بولالامدۇ؟

مەسخىرە بىلەن چاقچاق قىلىنغاندا، ئاغزىڭدىن شۇنداق سۆزلەر چىقىدۇكى، ئۇ سېنى گۇناھقا مەھكۇم قىلىدۇ. ئالدىڭدىكى دوستۇڭنىڭ بولسا قەلبىگە ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى سالىدۇ. ئەگەر ئۇ سېنىڭ قول ئاستىڭدىكىلەردىن بىرى بولسا، ئۇنىڭ نەزەرىدە قەدىر-قىممىتىڭ ۋە مۇھەببىتىڭ ئازىيىدۇ. مانا شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە «لەتىپە» سۆزلىسەڭ،... بارىكاللا ساڭا!

ئەي ۋالاقتەككۈر، ئەگەر چاقچاقتا بولىدىغان قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنى بىلسەڭ ئىدىڭ، ئۇنى پۈتۈنلەي تاشلاپ، سېنى بۇنىڭدىن چەكلىمەكچى بولغانلارغا ئىتائەت قىلغان ۋە مەسخىرە سۆزلەرنى ئىككىنچى ئاغزىڭغا ئالمىغان بولاتتىڭ.

چاقچاق قىلىپ لەتىپە سۆزلىگەندە، قارشىڭدىكى كىشىنىڭ كۈلۈشىگە قىزىقامسەن؟ بىلگىنكى، ئۇ بۇ كۈلۈشى بىلەن سېنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ. قانچىلىك كۈلكىلىك ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىڭنى خەلقى ئالەمگە ئېلان قىلىۋاتىدۇ. بۇ ھال بولسا پەقەت ئەقىلسىزلەرگىلا يارىشىدۇ.

## پىداكار بولۇش

بىر ئىشنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت كۆرسىتىپ ئىرادە باغلىغانىكەن، ئېھتىياتلىق، توغرا ۋە ئەتراپلىق ئويلاش، ئەقىلسىزلىك ۋە قابىلىيەتسىزلىكنى تاشلاپ، ھەرقانداق ئەھۋالدا ۋە ھەرقانداق ئىشتا تولۇق قەيسەرلىك بىلەن جاسارەت كۆرسىتىش، مۇھىم بىر ئىش يۈز بەرگەندە ئۇنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن غەيرىتىنى سەرپ قىلىپ ئالدىغا ئۇچرىغان توسالغۇلاردىن ئىككىلەنمەي ئۆتۈش... مانا بۇلار پىداكارلىق مەيدانىدا قىلىنىغان شۇنداق بىر مۇسابىقىلەركى، پەقەت ئۇ مەيداننىڭ يىگانىلىرىلا بۇ مۇسابىقىنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالايدۇ.

بۇ مەيداندا دۇرۇس تەبىئەتلىك ۋە قىيىنچىلىقلارغا كۆكسىنى كېرەلەيدىغان كىشىلەر ھادىسىلەرنىڭ ۋە پالاكەتلىكلەرنىڭ ئىچىگە پېتىپ قېلىپ، ئۆزىگە ئوخشاشلار ئارىسىدا ئىزسىز تۇرماقچى بولىدىكەن، ئاڭسىز ئەخمەقلەرنىڭ قابىلىيەتسىزلىكلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بىرمۇنچە سەۋەب ۋە باھانىلەرنى كۆتۈرۈۋالغىنىدەك، بىتەلەي ۋە خەيرسىزلەرنىڭمۇ بۇ مەيداندىن پۈتۈنلەي قاچقىنىدەك بىر ئىشتۇر.

## بېخىل باي بىلەن نومۇسسىز تىلەمچى

ئېھسان ۋە ئىكرامدا قولى يېپىق بولغان باي بىلەن، تەمە ۋە تىلەمچىلىكىدە چېكىگە يەتكەن جاھىل ۋە نومۇسسىز گادايىنىڭ ئۇچرىشىشى، بىر-بىرىگە تېگىشكەن ئىككى گرانىت

تاش ۋە ياكى بىر - بىرىگە دۈشمەن ئىككى قەبىلىدىن ئېلىنغان ئىككى كۈنداش خوتۇننى ئەسلىتىدۇ.

باشقىلارغا ياردەمچى ۋە پايدىلىق بولۇش ھېسسىياتىدىن مەھرۇم بولغان ئۇ بېخىل باي قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان شۇنداق بىر نومۇسسىزكى، ئۇنىڭ پېقىر ۋە موھتاجلارنى مەنسىتمەي قاراشلىرى، كۈشۈلىدىغان زەھەرلىك يىلاننىڭ قاراشلىرىدەك قورقۇنچلۇقتۇر.

ئۇ نومۇسسىز تىلەمچى بولسا، تىلىگىنىنى ئالمىغۇچە كىشىنىڭ ئەتراپىدىن نېرى كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قاش - كۆزلىرى بىلەن كۆرسەتكەن قىياپەتلىرى، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان كىشىنى بېشىغا قەلەندەر تايىقى بىلەن ئۇرۇۋاتقاندەك جېنىدىن بەزدۈرىدۇ. دېگىنى بېرىلسە، خۇشاللىقىدىن ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي كاسىلداپ، تۇمشۇقىنى ئاسمانغا ئېتىپ كۈلۈشكە باشلايدۇ. رەت قىلىنسا، جان - ئىمانى چىقىپ، كىشىنىڭ كانىيىغا ئېسىلغۇسى، ھەتتا بىر تال ئوق بىلەن ئېتىۋەتكۈسى كېلىدۇ.

## ھەي ھۇرۇن

ئەي، سەلمە بىلەن سۇئاد①نىڭ قويىنىدىن چىقمايدىغان خوتۇنپەرەس! دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىڭ چارىسىنى قىل. ئىستىراھەتنى ئادەت قىلىۋالغانلار پايدا ۋە تاپاۋەتنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئىزدىگۈچىلەر بىلەن چىقىشالمىغىنىدەك، ئويۇن-تاماشىغا ئۆگىنىپ قالغانلار مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا كۆكسىنى كېرىشنى خالىغۇچىلار بىلەن چىقىشالمايدۇ.

ئەقىللىك كىشى سەۋرلىك. تەمكىن، چىدامىلىق ۋە دائىم پايدىلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئاجىز ۋە ئەقىلسىزلەر بولسا، ئىشلىرىدا تۇراقسىز، بەخىرامان بولىدۇ. سەگەكلىك ۋە سەزگۈرلۈك تەلەپ قىلىنغان ھاللاردا غەپلەتتە تۇرىدۇ.

ئەي ھۇرۇن! ئۇ ھالدا دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىدا ئەقلىي - ھوشۇڭ بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، ھەر ئىككى دۇنيادىكى نېسىۋەڭنى ئېلىشقا ئاجىزلىق ۋە بىچارىلىك كۆرسىتىشتىن ۋاز كەچ ۋە سېنى بۇ دۇنيادا كۆڭۈللۈك ۋە پاك ھايات كەچۈرتىدىغان، ئاخىرەتتە بولسا ئازابلاردىن گۇۋاھ بولىدىغان ئىشلاردىن غەيرىي ھېچقانداق نەرسىگە رىغبىتىڭ بولمىسۇن...

## ئىنساننىڭ بىر خۇيى

ئادەم — ئالدىراقسان، سەۋرسىز، ئەقلى يېنىك ۋە ھەر دائىم جىددىيەتلىك ئىچىدە پالاقلاپ يۈرىدىغان بىر مەخلۇق. مېنىڭچە بۇنداق جىددىيلىك بىلەن ئۇياق - بۇ-

① ئەرەب ئەدەبىياتىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئايال ئىسىملىرى.

ياقا يۇگۇرمىسە ئاچ قالىدۇ ۋە بۇنداق ئالدىرىغانچە تەبىئىي ئۆلۈمنى كېچىكتۈرىدۇ. ئالدىراش ۋە جىددىيەتلىك ئىچىدە دەۋران ۋە جەۋلان قىلىش بىلەن تېخىمۇ ياخشى هاياتقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا، چېچىلاڭغۇ ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇۋالالايدىغانلىقىغا، پەرىشان ئەھۋالىنى ئىزىغا چۈشۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ئۇنىڭغا ھەر قانچە: «توختا، ئېغىر بول!» دېيىلسىمۇ، ئۆز ھەلەكچىلىكى ۋە سەۋرسىزلىكى يولىدا تاغۇ تاش، دەريا - داۋان دېمەي تەرسالىق ۋە جاھىللىق بىلەن پالاقلاۋېرىدۇ.

بۇ ئەقىل يېنىكلىكى ۋە ئالدىراڭغۇلۇق ئادەم بالىسىنىڭ ئانىدىن تۇغما بىر خۇيى بولۇپ، كىشى ئۇنىڭدىن زادى قۇتۇلالمايدۇ. خۇيلارنىڭ كۆپىنچىسى تەبىئىي ۋە تۇغما بولىدۇ. تەمكىنلىك بىلەن يېنىكلىكمۇ مانا شۇ خۇيلاردىندۇر.

## ئىنسان ئادىل ۋە دۇرۇس بولۇشى كېرەك

قەلبىدىن ئادالەت ۋە ئىنساپ نۇرۇن ئالغاندىن كېيىن، زۇلۇم ۋە ئىنساپسىزلىق پاتقىقىغا پاتقان كىشىگە ئوخشاش، پاك - پاكىز سۇ ئۇستىگە لاي سۇ ئىچىدىغان ئادەم يوقتۇر.

ئادالەت بۇلىقى — جۇلالاپ تۇرغان ئەينەكتىن چىرايلىق ۋە توغرا سۆزلەر چىقارغان ئەقلىدىنمۇ پارلاقتۇر. زۇلۇم دەرياسى بولسا، تۆگىگە يېپىشقان قەترانىدىن ① ۋە يالغان ۋەدىدىنمۇ قاراڭغۇ ۋە ئىپلاستۇر.

ئىنساپلىق ئادەم باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن نەپرەتلىنىدۇ ۋە كىمنىڭ ھەققى بولسا ئۇنى بېرىدۇ. زالىم بولسا باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشتىن خۇش بولىدۇ ۋە قولىدىن چىقارماسلىق ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىدۇ.

## نەپسىگە تەسلىم بولغان قېرىلار

چاچ - ساقاللىرىڭ ئاقىرىپتۇ، لېكىن يارىماسلىقلىرىڭنىڭ مەززىگە تېخى قورۇق چۈشمەپتۇ. قېرىغان بولساڭمۇ، لېكىن ئارزۇ ۋە ھەۋەسلىرىڭنىڭ تونى تېخى كونىرىماپتۇ. نېمە ئۈچۈن مەن سېنى تېخىچە جاھىل ۋە ئىنتائەتسىز كۆرىمەن؟ گويا قېرىلىق خەۋەرچىلىرى سېنى زادى توسالمىسا ۋە يېشىڭنىڭ چوڭىيىشىمۇ كۈچۈڭدىن قالدۇرمىسا كېرەك.

قېرىلىق — قېرىلارغا نۇرانە بىر سىما ۋە چىرايلىق مىجەز ئېلىپ كېلىدۇ. سېنىڭ پۈتۈن تاپاۋىتىڭ بولسا، نۇقسانلىق ۋە غەپلەت بىلەن ئۆتكەن بىر ئۆمۈر. ئەگەر پېشانەڭگە چۈشكەن قېرىلىق خەۋەرچىلىرىنىڭ قانداق بىر ئەلچى ئىكەنلىكىنى، قانداق بىر ۋەزىپە بىلەن كەلگەنلىكىنى بىلسەڭ ئىدىڭ، ھايا قىلىپ نومۇس پەردىسىنىڭ كەينىگە

① قاراماي‌غا ئوخشاش بىر خىل سۇيۇقلۇق.

www.uyghurkitap.com



ئۆتكەن بولاتتىك. لېكىن سېنىڭ يۈزۈڭ ھايا تېرىسى كۆرمەپتۇ. «ھا» ۋە «يا» ھەرپلىرىنىمۇ ھەجىلەپ باقماپتۇ. شەررە كېيىكلەردەك نايناقلاپ زوق ۋە ئويۇن-تاماشىغا، ئۇسسۇزلۇقتىن تىللىرى ساڭگىلاپ كەتكەنلەردەك ئېغىز ئاچىسەن. خاتا بىر سۆزنىڭ شەپىسى چىقىپ قالسا، «سىم① دەك قۇلىقى بار» لاردەك، ئۇ سۆزنى گويا ساڭا ئېيتقاندەك شۇئان ئاڭلىۋالىسەن. لېكىن ھەق سۆز پىلنىڭ نەرە تارتقىنىدەك جاراڭلىسىمۇ، گويا قۇلىقىڭ يوقتەك ئاڭلىمايسەن.

نەپسىڭ شۇنچىلا قىزىق تونۇر ئىكەن، ئۇنىڭدىن خەير كۈتۈۋاتىسەن. ياۋايى ئارسلاندىن كىم سۈت ساغالىسۇن؟

## گەپ قىلىش ھەققىدە

تىلنىڭ ياخشىسى ئېغىزنى چىڭ تۇتۇپ ئاز سۆزلەنگىنى. سۆزنىڭ ياخشىسى بولسا تۇتاملىق قائىدىلىك بولغىنىدۇر.

ئۇ ھالدا، گەپ قىلىدىغان بولساڭ سۆزۈڭ مۇمكىنقەدەر ئاۋازسىز بولسۇن. سۆھبەت ۋە مۇھەببىتىڭنى سالماقلىقىڭ بىلەن بېزە ۋە ئەدەبكە ھۆرمەت قىلىشىڭ بىلەن پەدەزلە... پىكىرلىرىڭ مىزراك (ئۇزۇن نەيزە — ت) بوغۇملىرىدەك ساغلام ۋە تۇتاملىق بولسۇن. سۆز تەرتىپىدە ۋە سۆز تاللاشتا ئالدىراپ كەتمە، سۆزدىكى يېنىكلىك نۇقسانلىق ۋە چۈشىنىكسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، شۇنىمۇ ئۇنتۇمىغىنكى، سىلىقلىق ۋە شېرىنلىك ھەرقانداق نەرسىنى پەدەزلىگىنىدەك، سۆزنىمۇ زىننەتتىدۇر. سۆزلەشكۈچىنى ئۇنىڭ سالماقلىق ۋە ئېغىر بېسىقلىقىلا ھۆرمەت ۋە ئالقىشقا سازاۋەر قىلىدۇ.

## باشقىلارنىمۇ ئويلا

ئەي مەنسەپدار ۋە ئەمەلدارنىڭ قول ئاستىدىكى بىر يۈرۈش تەنتەنىلىك ئۇنۋان ۋە مەنسەپلىرى بىلەن پەخىرلەنگەن مەغرۇر! تەختىڭگە ھەشەمەت بىلەن ئولتۇرغىنىڭدا ھاتەمنىڭ: «بۇرادىرىڭنى پىيادە قويما②»، دېگەن تەۋسىيەسىنى بىر تەرەپكە تاشلاپ

① بۇ، چىلبۆرىنىڭ چىشىسى بىلەن بۆرىنىڭ ئارىسىدىن تۇغۇلغان بىر ئىت بولۇپ، قۇلاقلىرى پەۋقۇلئاددە ئاڭلايدىكەن. شۇڭا، «سىمدەك ئاڭلايدۇ» دېگەن سۆز ئەرەبلەر ئارىسىدا تەمسىل تەرىقىسىدە ئېيتىلىدۇ.

② ھاتەمنى ئاسەم ئۆز شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

ئۆزۈڭنىڭ مېڭىشى بار ھىنگان تۆگەڭ بولۇپ، بۇرادىرىڭنىڭ مىنىدىغان ئۇلىقى بولمىسا،
ئۇنى ھەرگىز پىيادە قويما.
تۆگىنى چۆكتۈر، بۇرادىرىڭنىمۇ كەينىڭگە ئال. بىر كىشىلا مىنىشكە لايىق بولسا، بۇرادىرىڭ بىلەن نۆۋەتلىشىپ مىنىشنى ئۇنتۇما...

قويما. ئىلاھىڭىزنىڭ جازاسىدىن قورق ۋە نۆۋەتلىشىپ مىنىشنى تاشلىما...

شۇنى ياخشى بىلگىنكى، ئاتلىق ئەسكەر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بالا، پىيادىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ قېلىشتۇر.

## ئەقىللىك ئادەم ۋە ئەخمەق ئادەم

ئەقىللىك ئادەم ئەقىل ۋە مەنتىق نېمىنى تەلەپ قىلسا ھېچ ئىككىلەنمەي «لەببەيگە»① دەپ يۈگۈرىدۇ.

ئەخمەق ئادەم بولسا، بىر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكى بىلەن ھېچقانداق ئىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ ۋە كۆتۈرەلمەيدەك ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرالمايدۇ.

## ئىنسان ئەمەل ۋە ئېتىقادى بىلەن ئىنساندۇر

ئىنسان تىل ۋە يۈرەكتەك ئىككى پارچە گۆش بىلەن ئەمەس، ئەمەل ۋە ئېتىقاتتەك ئىككى چوڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئىنساندۇر. بۇ ئىككى چوڭلۇق ئۇنىڭغا يار بولمىغۇچە، ئىككى كىچىكنىڭ ھېچقانداق پايدىسىنى كۆرەلمەيدۇ.

ئەقىل — پاراسەت ۋە زېرەكلىكنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن مەشھۇر بولغان ئەياسنىڭ قەلبىدە② كۆرۈنگەن ياخشىلىق ئاغزىنى ئەقىل ۋە پاراسەتتۇر. چىرايلىق ئىبارىلەر ئارقىلىق سۆزلىشى بىلەن مەشھۇر بولغان قۇس بىن سەئىدەنىڭ تىلىدا كۆرۈنگەن ئىززەت بولسا، ئاغزىنى سۆز قابىلىيىتىدۇر.

ئېتىقاد ۋە ئەمەللىرى بولمىغان بولسا، بۇلار ئۇلارغا كۈپايە قىلارمىدى؟

## تەكەببۇرلۇقنى تاشلا

ئەي خورلانغان ۋە ھاقارەتلەنگەن قۇل! ئۈستۈڭدىكى بۇ كىبىر ۋە ئۇلۇغلۇق تونى، چىرايىڭدىكى خەلقنى كۆزگە ئىلمايدىغان بۇ سىمايان قاراشلىرىڭ نېمىسى؟... ئاشۇ تەكەببۇرانە قارىشىڭنى تۈزەت! ئېھتىمالكى باپكا شۇ ئاندا كىيىمىڭنى تۇقۇۋاتقاندۇر...

## تىل يارىسى پەيدا قىلىشتىن ساقلان

قانچىلىغان قوراللار باركى، ئۇزىنى كۆتۈرگۈچىگە (تىل ئىشارىتى بىلەن) «مېنى قولۇڭغا ئالما» دەيدۇ. قانچىلىغان سۆزلەر باركى، ئۇزىنى سۆزلىگۈچىگە «مېنى تىلىغا ئالما» دەيدۇ.

ھەقىقەتەن تىلنىڭ ئۇ ئۆتكۈر ئۇچى ئۇزۇن نەيزە ئۆتمەيدىغان يەرگىمۇ ئۆتىدۇ ۋە نەيزە تەسىر قىلالمىغان تەسىرنى قىلىدۇ.

---

① ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «خوپ، نېمە بۇيرۇقىڭىز بار، ئەمرىڭىزگە ھازىرمەن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

② ئىلگىرى يۈرەك، چۈشەنچە ۋە تەپەككۇرنىڭ مەركىزى، دەپ قارىلاتتى.

قەسەم قىلمەنكى، سۆز بىلەن بىر كىشىنىڭ نومۇس ۋە شەرىپىگە تېگىپ يۈزىنى چۈشۈرمەك، ئۇنىڭ قېنىنى تۆككەندىنمۇ يامان.

ئۇنداق ئىكەن، ئاغزىڭغا كەلگەننى ئېيتىشتىن ساقلان. ھالبۇكى، «نېمىشقا» ۋە «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئالنى قويساڭ، ئالدى ـ كەينىنى ياخشى چۈشىنەلەيسەن.

ئىلىم ۋە ئەمەل

ئەمەلى بولغان كىشى ئۈچۈن، ئىلىم بىنا ياسىغان ئۇستىنىڭ ئاسما تېشىغا ئوخشاشتۇر. ئالىم ئۈچۈن ئەمەلمۇ قۇدۇقتىن سۇ تارتقۇچىنىڭ چېلەك باغلىغان رىئاغامچىسىدۇر. ئاسما تېشى بولمىغان ئۇستا بىنانى تۈز چىقىرالمىغىنىدەك، ئارغامچىسى بولمىغان چېلەك ئىگىسىمۇ سۇ تارتىپ ئۇسسۇزلۇقىنى باسالمايدۇ.

كىم كامىل ئادەم بولۇشنى خالىسا، ھەم ئالىم، ھەم ئامىل (ئەمەل قىلغۇچى) بولۇشى كېرەك.

يەنە قانچىلىك

ھوشيارلىقىڭنى يوقىتىپ، غەپلەتكە شۇنچە پاتتىڭ ۋە پىتنە ـ پاسات ئوتى ئالدىدا ئىسسىنىشنى شۇنچە ئۇزارتتىڭ. كۆپ قېتىم ئايىغىڭ تايغان ھاللاردىمۇ يەنە ھېچقانداق كارامەت ئەسىرىنى كۆرسەتمىدىڭ... بۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن قاچان ئويغىنىسەن، يېقىلغان يېرىڭدىن قاچان دەس تۇرىسەنكى تاڭ؟

دۇنيا ئاشىقلىرى

ئەي دۇنيا! باشلىرىغا كەلگەن جۇدالىق بالاسىغا ھەسرەت چېكىپ، سەن ئۈچۈن جىگەرلىرى پارە ـ پارە بولۇپ كۆزلىرى قان يىغلىغان نەقەدەر دەردلىك ئاشىقلىرىڭ باردۇر... سېنىڭ جاپالىرىڭ سانسىز، ئۇلارنىڭ شىكايەتلىرىمۇ قۇمدەك.

خوتۇن ھەققىدە

خوتۇننى گۈزەللىكى ئۈچۈن ئەمەس، نومۇس ۋە ئىپپىتى ئۈچۈن ئال. ئەگەر ئىپپەت ۋە پاكلىقى بىلەن بىللە گۈزەللىكىمۇ بولسا تېخىمۇ ياخشى بولغىنى. لېكىن ئەك ياخشىسى، ئەسىرلەرچە ياشىساڭمۇ «خاسۇر»① بولۇپ ياشاشتۇر.

تۈركچىدىن توختى تىللا تەرجىمىسى

① يەھيا ئەلەيھىسسالام قۇرئان كېرىمدىكى بۇ سۆز بىلەن پەخىرلەنگەن. مەنىسى «نەپسىگە ھاكىم» دېمەكتۇر.

# ئۇلۇغ خەلقپەرۋەر شائىر موللا پازىل

**پەرىدە ئىمىن**

يېقىندا، نامى ھازىرغىچە مەلۇم بولمىغان تالانتلىق شائىر موللا پازىلنىڭ «لەيلى - مەجنۇن» ناملىق چوڭ ھەجىمدىكى قول يازما داستانى تېپىلدى. قول يازما خوتەن قەغىزىگە تېكىستلەر قارا سىياھ بىلەن، ماۋزۇلار قىزىل سىياھ بىلەن كۆچۈرۈلگەن. كۆن بىلەن مۇقاۋىلانغان. فورماتى 19 × 11.5 س م. باش-ئاخىرى ۋە ئارىسىدىن بىرقانچە بەت يوقالغان. ساقلىنىپ قالغان قىسمى 254 بەت، ھەر بېتىدە 2 × 11 مىسرادىن جەمئىي 5592 مىسرا شېئىر بار.

شائىر بۇ داستاننىڭ بېشىدىكى «موللا كىچىكنىڭ ئەھۋالىنىڭ بەيانى» دېگەن بابتا ئۆزى ۋە مەزكۇر داستانى ھەققىدە قىسقىچە توختالغان. شائىرنىڭ ئىسمى پازىل بولۇپ، «كىچىك» دېگەن تەخەللۇس بىلەن مەشھۇر بولغان. شائىر بۇ ھەقتە:

ئاتىم فازىل ئىدى بولدى «كىچىك» نام،
«كىچىك» دەر ئېردى بارچە خاس ئىلە ئام.

دەپ يازغان. شائىر بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدە:

كىتابىم تەئرىخى «قايغۇ» دا ئېردى،
دېمەك غەم-غۇسسەئى قايغۇدا ئېردى.

دەپ يازغان. يۇقىرىقى مىسرادىكى «قايغۇ» دېگەن سۆز ئەبجەد ھېسابىدا 1117- (مىلادىيە 1705-) يىلنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك شائىر بۇ ئەسىرىنى مىلادىنىڭ 1705-يىلى يازغان. شائىر يەنە:

ئۆزۈمنىڭ سىنۇ سالىم «ھەمدە» ئېردى،
دىلۇ جانىم، خىيالىم غەمدە ئېردى.

دەپ يازغان. بۇ مىسرادىكى «ھەمدە» سۆزى ئەبجەد ھېسابى بويىچە 52 دېگەن رەقەمنى كۆرسىتىدۇ. ئېنىقكى شائىر 1705-يىلى بۇ ئەسەرنى يازغان ۋاقتىدا 52 ياشقا كىرگەن. دېمەك شائىر موللا پازىل 1653-يىلى تۇغۇلغان.

موللا پازىل ئائىلە، بالىلىرى بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سوپۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ھاياتى كەمبەغەللىك ۋە قىيىنچىلىقتا ئۆتكەن، ئۇنىڭ:

ئۆزۈم بىر نامراد ئېردىم ئايالمەند،
يەنە ھېچ نەرسە يوقتۇر غەيرى فەرزەند.
يىقىلغاندا قوپارغە يوق مەجالىم،
ئانى داد ئەتكەلى يەتمەيدۇر ھالىم.

دېگەن مىسرالىرىدىن ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ نامراتلىق، غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يوقسۇللۇق سەۋەبىدىن تۇرمۇشىدىكى كەم-كۈسىلىرىنى تولۇقلىيالمىغان، ئىجارە ھەققىنى تۆلىيەلمەي ھەقىي-

www.uyghurkitap.com

نىلىشۋاتقان، كۆپ كىشىلەرگە قەرزدار بو-
لۇپ قېلىپ ھاجەتمەنلىك، موھتاجلىق ئە-
چىدە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي غەم-قاي-
غۇغا چۆمگەن شائىر ئۆز ئەھۋالىنى مۇڭ-
داق بايان قىلغان:

كۆكۆلدە بارئىدى كۆپ دەردۇ غەملەر،
ئۆيۈمدە بارئىدى كۆپ كۆشۇ كەملەر.
بارئېردى باشىمە يۈزمىڭ سەۋدا،
ئىجارەدارلىرىم ھولۇمدا غەۋغا.
سوپۇنخانە مېنىڭ قولۇمدا ئېردى،
تولا تەرجى مېنىڭ ھولۇمدا ئېردى.
بىردىشىم كۆپ كىشىگە بار ئېردى،
كى ھاجەتمەندلەرىم ئەغيار ئېردى.

مانا بۇ مىسرالار ئاشۇ بىر نامرات شائىر-
نىڭلا ئەمەس، بەلكى ئەينى دەۋردىكى
يۈزمىڭلىغان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ تۇر-
مۇش كارتىنىسىدۇر.

شائىر موللا پازىل ياشىغان دەۋر
ئاپاق خوجىنىڭ ساتقۇنلۇق قىلىشى بىلەن
سەئىدىيە خانلىقى جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرى
تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، خوجىلارنىڭ قور-
چاق ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن دەۋر ئىدى.
بۇ دەۋر بىر ياقتىن رىياكار سوپى-ئى-
شانلار ۋە خوجىلار، يەنە بىر ياقتىن جوڭ-
غار ئاقسۆڭەكلىرى خەلقنى تەرەپ-تەرەپ-
تىن ئاچ بۆرىدەك تالاپ يىلىكىنى شورا-
ۋاتقان، مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي زۇلۇم
چېكىگە يەتكەن دەۋر ئىدى، شائىر ئۆزى
ۋە ئۆز زامانداشلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن
بۇ ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرنى داستانىنىڭ
مۇقەددىمىسىدە مۇنداق بايان قىلغان:

بار ئېردى ئۇستىمىزدە مىڭ قالماق،
بارى ئەلگە ھەممە ئول ئېردى توخماق.
ئۇلاغ بىرلە ھەممە ئەل مەست ئىدىلەر،
خەسۇ خاشاكدىن ھەم پەست ئىدىلەر.
ئۇلارغە تاپسە ئەل، قارنىغە تاپماي،
بارى-يوقى ئوچۇق، ھەرگىز ياپالماي،
كىيىملەرى ئۇلارنىڭ ئەسكى پوستىن،
زەبۇن بولغاي ئۇلار چاچۇق ئاستىن.

بۇ مىسرالاردىن ئەينى دەۋردىكى خەلق-
نىڭ كۈلپەتلىك تۇرمۇشى، تالان-تاراج
قىلىنغان مېھنىتى كۆز ئالدىمىزدا بىر-بىر-
لەپ نامايان بولىدۇ. يەنە مۇنۇ مىسرالار-
نى كۆرۈپ باقايلى:

تولاسى ئېردىيۇ تول نۇقل مەجلىس،
بۇ بائىسدىن بولۇپ قەللاجۇ مۇفلىس.
ئۇلاركىم نان ئۆزرە جان بېرۇرلەر،
ئۇلۇقچىلار ئۇرۇپ، ھەيدەپ يۈرۈرلەر.
قاراڭغۇدۇر ئۇلارغە رەۋزى رەۋشەن،
كى گويا بىرتىكەنلىك ئېردى گۈلشەن.
ھەممە ئەل نان كويىدا ئېردى مەجنۇن،
ئەلىفدەك قامەتى ئېردى ھەممەنۇن.
ئەگەر بىر جاننى بىر نانغا بەرسە،
خەريدارى يوق ئېردى دانغا بەرسە.
يوق ئېردى ئالغۇچىلارنىڭ ھەياسى،
بۇ ئەلنىڭ قولىدا ئېردى يوتاسى.

مانا بۇلار شان-شۆھرىتى، ئىززەت-ھۆر-
مىتى ۋە غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغان خەلق-
نىڭ تىرىكچىلىك يولىدا ھايۋان ئورنىغا
چۈشۈپ قالغان كۆرۈنۈشىدۇر.

تاتىبان ئاھ ئۇرۇپ ئەركەك-تىشىلەر،
ئۇلار فەريادىغە يەتمەس كىشىلەر.
ھەممە ئەل تۇغقانىغە كۆپ پۇشەيمان،
قارالقلار كەبى ئېردى پەردشان.
بۇ ھالغە پايلاماي باشىغە ئۇرۇپ خاك،
قىلىبان ھەم ياقاسىن تا ئېتەك چاك.

شائىر مانا بۇ مىسرالار ئارقىلىق
قاتمۇقات زۇلۇم ئاستىدا ئېچىنىشلىق ئىڭ-

راۋاتقان خەلقنىڭ ئاھۇ پەريادىنى، خورلۇق ۋە ھەقسىزلىككە چىدىمىغان قەلبلەرنىڭ پەلەككە يەتكەن نالە-زارىنى بىزگە يەتكۈزىدۇ. شائىر يەنە يۇقىرىقىدەك مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئىجتىمائىي ئاپەت تۈپەيلىدىن يۇرتنىڭ ۋەيران بولغان كۆرۈنۈشىنى مۇنداق مىسرالار ئارقىلىق سىزىپ بەرگەن:

زەمانە تەڭ ئىدى يۇرت ۋەيران،
بۇ ئەلدە بارئىدى كۆپ داغى ھىجران.
..........................
ھەمە بوستانلار جاڭگالىستان ئېردى،
گۈلىستانلار ھەمە خارىستان ئېردى.
ھەمە چۆل بولدى ياخشى باغۇ باغات،
بۇلارنىڭ ئورنىغە ئۈندى قاراغات.
خەراب ئولدىۇ ھەممە ئۆيۈ ئەيۋان،
بولۇپ ئېردى بۇ يۇرت يەر بىرلە يەكسان.

شائىر موللا پازىل ئىستىبدادلىق ھەددىدىن ئاشقان دەۋردە ئازاب چەككەن بىچارە خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، زۇلۇم ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلغان خەلقپەرۋەر، جاسارەتلىك ئەدىبتۇر. ئۇ يەنە:

بۇ يۇرتنىڭ ھالىنى ئاغاز قىلدىم،
تولا ئېردى سۆزۈم، مەن ئاز قىلدىم.

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق كۆڭلىدە ئېيتالمىغان نۇرغۇن ھەسرەتلىك سۆزلىرىنىڭ قېپقالغانلىقىنىمۇ ئىزھار قىلغان. «لەيلى-مەجنۇن» داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىنى تەشكىل قىلغۇچى يۇقىرىقى مىسرالار شائىر ياشىغان دەۋردىكى رېئاللىقنىڭ ئۆچمەس خاتىرىسى ۋە ئاشۇ مۇدھىش جەمئىيەتنىڭ جانلىق بەدىئىي كارتىنىسىدۇر.

موللا پازىلنىڭ «لەيلى-مەجنۇن» داستانى ئەلشىر ناۋائىنىڭ «لەيلى-مەجنۇن» داستانىدىن 221 يىل كېيىن، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «لەيلى-مەجنۇن» داستانىدىن بولسا تەخمىنەن 100 يىل ئىلگىرى يېزىلغان. مەزمۇن، بەدىئىي قۇرۇلما ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن موللا پازىلنىڭ «لەيلى-مەجنۇن»ى ئەلشىر ناۋائىي ۋە ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «لەيلى-مەجنۇن»ىدىن روشەن ھالدا پەرقلىنىدۇ. شائىر موللا پازىل ئۆز داستانىنى ئۇستاز ئەلشىر ناۋائىنىڭ «لەيلى-مەجنۇن» داستانىدا ئۇچرىمايدىغان بىرمۇنچە يېڭى ۋەقە ۋە يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتقان. شۇنداقلا ئۇنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي قۇرۇلمىغا ئىگە ئەسەر قىلىپ يېزىپ چىققان.

شائىر موللا پازىل خاراكتېر جەھەتتە بۈيۈك خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر شەخستۇر. بەدىئىي ئىستىبدات جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن شائىردۇر. ئۇنىڭ بۇ يەگانە داستانى تىلىنىڭ راۋان، خەلق تىلىغا يېقىنلىقى؛ ھېسسىياتىنىڭ ساپ ۋە قايناقلىقى؛ ۋەقەلىكلەر ماھىرلىق بىلەن تەشكىللىنىپ، ئاز گەپ بىلەن كۆپ مەزمۇن ئىپادىلەنگەنلىكى بىلەن كىشىنى زوقلاندۇرىدۇ. بۇ ئەسەر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئېسىل دۇردانىلەردىندۇر. خەلقپەرۋەر ئەدىب، تالانتلىق شائىر موللا پازىل ئۆزىنىڭ بۇ نادىر ئەسىرى بىلەن دەۋرىمىزدىكى كىشىلەر قەلبىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالدۇ ۋە ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ كەڭ سەھنىسىدىن ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتىدۇ.

# ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى

**ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن**

«ئۇ، ھەقىقەتەن ئىشقىۋازلىقنى مەجاز شېۋىسىدە بېزىگەن ھەتتا ھەقىقەتنىڭ زىبا كېيىنىشىگە ئىشقىۋازلىق قىلغان، گۈزەل شېئىرلىرى بىلەن تەلۋە ئاشىقلار يارىسىغا تۇز سەپكەن، خەستىلەرنىڭ زەخمىلەنگەن دىللىرىنى خۇسرەۋچە زەمزەم بىلەن مەسخۇش قىلغان زاتتۇر».

— دۆلەتشاھ سەمەرقەندى.

1

شەرق كلاسسىك شېئىرىيىتىدە لىرىك غەزەلىيات ۋە داستانچىلىقنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ماھىرى يەمىنىددىن ئەبۇلھەسەن ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى 1253-يىلى ھىندىستاننىڭ گانگى دەرياسى بويىدىكى پەتيالى يېزىسىدا مەشھۇر دۆلەت ئەربابى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

«ئەمىر خۇسرەۋنىڭ ئەسلى نەسەبى تۈركتۇر. ئېيتىلىشىچە، ئۇ سەبزىلەر قوۋمىسى ئاتالمىش كېش شەھىرىدىندۇر»①. خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ بوۋىسى ئىمادۇل مۇلۇك، دادىسى ئامۇ دەريا ۋادىسىدىكى مۇرغ تېغى ۋە قەرشى ئەتراپىدا ياشايدىغان تۈركى لاچىن قەبىلىسىدىن بولۇپ، چىڭگىزخان قوشۇنلىرى شاھزادە جالالىددىننى سۈرگەن زامانلاردا، ماۋەرائۇننەھردىن قېچىپ دېھلىگە ماكانلاشقان. خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ ئانىسى ھىندى قىزى ئىدى.

ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى دېھلى مامۇلۇك② سۇلالىسى (1206—1414) مۇھىتىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سۇلالىنىڭ ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى بىلەن ئالاقىسى چوڭ بولدى.

مەلۇمكى، قۇتەيبە ۋە كېيىنكى سامانىيلار دەۋرىدە مۇسۇلمانلاشقان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركى قەبىلىلىرى قۇل قاتارىدا قارالغان بولسىمۇ، سوبۇق تېكىن ۋە مەھمۇت غەزنەۋىدىن باشلاپ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىلا ئەمەس، پۈتكۈل باغدات خەلىپىلىكىدە ئۆزىنىڭ ھەربىي-سىياسىي ماھارىتى بىلەن تونۇلغانىدى. شىمالىي ھىندىستاندىكى غەزنىۋى-

① دۆلەتشاھ سەمەرقەندى: «تەزكىرە تۇششۇ ئەرا»، 1981-يىلى تاشكەنت نەشرى، 86-بەت.

② تۈرك قۇللىرى.

لەر (999 — 1152) دۆلىتىدىن كېيىن گۆر خانلىقى غەزنىۋىلەر مىراسلىرىنى قولغا كىرگۈزۈش بىلەنلا قالماي داۋاملىق ئوتتۇرا ھىندىستانغا كېڭەيدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئوغۇز تۈركىلىرىنىڭ گۆر خانلىقى (1152 — 1206) ئورنىغا قۇتبىددىن، ئەرەم بولۇپمۇ ئەرەمنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىنىسى شەمسىئۇددىن ئەلتەمىش (1211 — 1236) زاماندىن باشلاپ دېھلى مامۇلۇك سۇلتانلىقى (1206 — 1288) مەيدانغا كەلدى. دېھلى سۇلتانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ ھىندىستاندا قۇرغان ھاكىمىيەتلىرىدىن بىرى ئىدى. مۇشۇ سۇلتانلىق تۆپەيلى ھىندىستان چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇملىرىنى كۆپ قېتىم چېكىندۈرۈپ تاكى تۆمۈرلەڭ ۋە بابىر (موغۇل) سۇلتانلىقى زامانىغىچە بىرقەدەر تىنچ تەرەققىيات مۇھىتىغا مۇيەسسەر بولدى. بۇ دەۋردە دېھلى سۇلتانلىقى ئىسلام دىنىنى قانات يايدۇردى، ئوردۇ تىلى ئەدەبىياتى تۈركى نەسەبتىكى كىشىلەرنىڭ پارس تىلىدىكى ھىندى ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈردى. ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى بىلەن تارىخچى زىياۋۇددىن بارانى مۇشۇ خىل ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن ئىدى. بۇ چاغدا ھىندىستاندا تۈركى-ئىسلام بىناكارلىقى، قەبرە سەنئىتى راۋاجلانغانىدى.

ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى شەمسىئۇددىن ئەلتەمىش سۇلتان (1211 — 1236) زامانىدا ئەمىر (ۋەزىر) لىك مەرتىۋىسىگە چىققان. دادىسى مەھمۇد مۇشۇ تۇغلۇق شاھ (ئەلتەمىش سۇلتان) دەۋرىدە ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن. ئۇ رۇكنىددىن، رازىيە، مۇئىزىددىن بەھرام، ئەلاۋىددىن مەسئۇد، نەسرىددىن مەھمۇد زامانلىرىدا (تەخمىنەن 1230 — 1261-يىللىغىچە) ئەمىرلىك ۋەزىپىسىدە بولغان. 1261-يىلى ئەمىر غىياسىددىن بالبان بىلەن بىللە چىڭگىزخان قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭگە قاتنىشىپ ھالاك بولغان.

ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى نەسرىددىن مەھمۇد (1246 — 1266) زامانىدا تۇغۇلدى. ئۇ دادىسىدىن سەككىز يېشىدا يېتىم قېلىپ، بوۋىسى ئىمامىددىن مۇلۇك قولىدا ھەر تەرەپلىمە تەربىيىلەندى.

ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى غىياسىددىن بالبان (1266 — 1286)، كەيقۇبات (1286 — 1288)، جالالىددىن قىلىچ (1288 — 1295)، ئەلاۋىددىن قىلىچ (1295 — 1317)، مۇبارەك قىلىچ (1317 — 1320)، غىياسىددىن تۇغلۇق (1321 — 1325) زامانلىرىدا ياشىدى. ئۇ ئەمىرلىك (ۋەزىرلىك) خىزمىتىدە بولغان. دۆلەتشاھ سەمەرقەندى ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىنى: «سۇلتان ئەلاۋىددىن مەسئۇد زامانىدا ۋەزىرلىك قىلغان، ئىستېپا سورىغاندا قوبۇل كۆرۈلمىگەن، ئاخىر بىر ئىلاج بىلەن ئىستېپا بەرگەن»، دەپ يازغان. ۋەھالەنكى سۇلتان ئەلاۋىددىن مەسئۇد (1241 — 1246) زامانىدا خۇسرەۋ دېھلەۋى تېخى تۇغۇلمىغانىدى. شۇڭا ئۇ غىياسىددىن بالبان زامانىدىن كېيىن بۇ خىزمەتكە داخىل بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى ھىجرىيە 725-يىلى، مىلادى 1325-يىلى پادىشاھ غىياسىددىن تۇغلۇق ئۆزىنىڭ بىنگالدىكى ھەربىي غەلىبىلىرىنى تەنتەنە قىلىۋاتقاندا مۇراسىم پېشايۋىنى غۇلاپ قازا قىلغان. ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى شۇ يىلى ئۆز ئەجىلى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئالمدىن ئۆتكەن بولۇشى ئېھتىمال. ئۇنىڭ قەبرىسى دېھلى شەھىرىدىكى نىزامىددىن ئەۋلىيا گۈمبىزى ئىچىگە جايلاشقان.

2

ئەلىشىر ناۋايى تەرىپىدىن: «نەزم بېشەسىنىڭ غەزەنفەرى (شېئىرىيەت ئورمىنىنىڭ شىرى) ئىشق ئاتەشكەدەسىنىڭ سەمەندەرى» دەپ تەرىپلەنگەن ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى رىسالىلىرىنىڭ بىرىدە ئۇنى 400 مىڭدىن ئارتۇق، 500 مىڭدىن كەمرەك بېيىت - شېئىر يازغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

تۆمۈرلەرنىڭ نەۋرىلىرىدىن سۇلتان بايسۇنقۇر (؟ — 1433) بىلەن مۇھەممەد تۇراغاي ئۇلۇغ بېك (1394 — 1449) نىزامى گەنجەۋى بىلەن خۇسرەۋ دېھلەۋىگە باشقا - باشقىچە باھا بېرىشەتتى.

ئۇلۇغ بېك نىزامىغا ھېرىسمەن بولۇپ، ئۇنىڭ 28 مىڭ بېيىتتىن تەشكىل تاپقان «خەمسە» سىنى ماختايتتى. سۇلتان بايسۇنقۇر بولسا خۇسرەۋ دېھلەۋىگە ھېرىسمەن بولۇپ، ئۇنىڭ 18 مىڭ بېيىتتىن تەشكىل تاپقان «خەمسە» سىنى بالاغەت ۋە پاساھەتتە ئۈستۈن كۆرەتتى. سۇلتان بايسۇنقۇر زور كۈچ سەرپ قىلىپ خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ 122 مىڭ بېيىتتىن كۆپرەك شېئىرلىرىنى توپلىدى.

ئابدۇراخمان جامى خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ 400 مىڭ بېيىتلىق شېئىر، 99 پارچە ئەسەر يازغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

گۇمانىستىك پىكىرنىڭ شېئىرىيەتتىكى لىرىك ژانىرى بولغان غەزەلىيات خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ بەش دىۋانى بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇستەقىل بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ لىرىك شېئىرلار دىۋانى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

«تۆھفە تۇسسىغار» (ياشلىق تۆھپىلىرى)؛
«ۋەسەتۇلھەيات» (ئۆمۈر ئوتتۇرىسى)؛
«غوررە تۇلكەمال» (كامالەت مۇقەددىمىسى)؛
«بەقىيە ئەننەقىيە» (پاكلىق يالدامىلىرى)؛
«نىھايە تۇلكەمال» (كامالەت ئاخىرى).

خۇسرەۋ دېھلەۋى بۇ «پەنجىدىۋان» تۈركۈمىدە ئىنسان ۋە ئۇنىڭ قەلبىنى ياخشىلىق، گۈزەللىك ۋە ئۇبرازلىق كۈيلەپ، لىرىك غەزەلىياتنىڭ نادىر ئۈلگىسىنى تىكلىدى.

خۇسرەۋ دېھلەۋى مەشھۇر سوپىزمچى نىزامىددىن ئەۋلىيانىڭ مۇرىتى ئىدى. نىزامىددىن ئەۋلىيا بولسا چىشتىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولغان خوجا مەدۇد ئىبىن نەسرىددىن خوجا ئايۇپ چىشتى (1038 — 1133) نىڭ ۋارىسلىرىدىن شەيخۇلئىسلام فەرىددىن شەكەر گەنجىنىڭ مۇرىتى ھېسابلىناتتى. خۇسرەۋ دېھلەۋى نىزامىددىن ئەۋلىيانىڭ تەكلىپى بىلەن 1299 — 1302 - يىللىرى ئارىسىدا 46 — 49 يېشىدا

ئۆزىنىڭ «خەمسە» داستانلىرىنى يېزىپ تاماملىدى.

ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ «خەمسە» داستانلىرى تۆۋەندىكىچە:

«مەتلەئۇل ئەنۋەر» (نۇر مەنبەلىرى)؛

«شىرىن ۋە خۇسرەۋ»؛

«مەجنۇن ۋە لەيلى»؛

«ئائىنەئى ئىسكەندەر» (ئىسكەندەر ئەينىكى)؛

«ھەشت بېھىش» (سەككىز جەننەت).

ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى يۇقىرىقى تۆت دىۋان، بەش داستاندىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك ئەسەرلەر يازغان:

«قىرانۇسسەئدەين» (ئىككى قۇتلۇق يۇلتۇزنىڭ قوشۇلۇشى)، بۇ مۇئەللىپىنىڭ 1289-يىلى جالالىددىن قىلىچىنىڭ جىيەنى بولغۇسى سۇلتان ئالاۋۇددىن قىلىچقا بېغىشلاپ يازغان نەسرىي ئەسىرى:

«مۇفتاھىل فۇتۇھ» (غەلىبە ئاچقۇچى)؛

«مەناقىبى ھىند ۋە تارىخى دېھلى» (ھىندى گۈزەل خىسلەتلىرى ۋە دېھلى تارىخى)؛

«دۇۋەلرانى خىزىرخان»؛

«نوھ سىپېھر» (توققۇز قەۋەت ئاسمان».

ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى يەنە: «بەھرۇل ئەبرار» (سېخىيلەر دېڭىزى)، «مىرائۇسسەفا» (پاكلىق ئەينىكى)، «ئەنىسۇلقۇلۇب» (قەلبلەر ئۇلپىتى) قاتارلىق مەشھۇر قەسىدە ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ يەنە مۇزىكا ئىلمى توغرىسىدا رىسالە يازغانلىقىمۇ مەلۇم.

3

ئەمىرخۇسرەۋ دېھلەۋى تۈركى كىشىلەرنىڭ پارس ئەدەبىياتىدا قازانغان ئۇتۇقلىرىغا ۋەكىللىك قىلدى. ئۇ XII — XIV ئەسىر ئارىسىدا چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ تۈركى ۋە ئەجەم زېمىنلىرىنى باشقۇرۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن شەكىللەنگەن تۈركى — پارسى مەدەنىيەت ئارىلاشمىچىلىقى (سىڭىشكىرتىزمى) دەۋرىنىڭ نىزامىددىن ئەلىشىر ناۋايىغىچە ئۆتۈش ئارىلىقىدىكى تارىخىي ئېقىم ۋە مۇقەررەرلىكىنى گەۋدىلەندۈردى. ئۇنى مۇستەسنا قىلىپ، نىزامىددىن ناۋايىغىچە بولغان ئەدەبىيات تەرەققىياتىنى چۈشىنىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى شېئىرلىرى مەشھۇر شەرق كلاسسىكى شەيخ سەئدى (1203 — 1291) گە كۈچلۈك تەسىر قىلغان. بۇ پېشقەدەم ئەدىب شەيخ ئازەرىنىڭ «جاۋاھىرۇل ئەسرار» (سىر جەۋھەرلىرى) ناملىق كىتابىدا قەيت قىلىنىشىچە، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا دېھلىگە كېلىپ ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى بىلەن سۆھبەتلەشكەن.

خوجا ھەسەن دېھلەۋى (؟ — 1327) ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ دوستى، ۋارىسى

سۇپىتىدە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

ئابدۇراخمان جامى، بولۇپمۇ ئەلىشىر ناۋائىي ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. ناۋائىي «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىنىڭ 13 - بابىدا نىزامى گەنجىۋى، خۇسرەۋ دېھلەۋى ۋە ئابدۇراخمان جامى بىلەن ئۆزىنى ئالەمنى ھاسىل قىلغان تۆت ئەناسىر (تۆت زات) غا ئوخشاتقان. ناۋائىي ئۇلارنى ئوت، ھاۋا، سۇغا ئوخشاتسا، ئۆزىنى كەمتەرلىك بىلەن تۇپراققا ئوخشاتقان. بۇ ئەلىشىر ناۋائىي «خەمسە» چىلىكىگە خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مەنبە ۋە ئۆرنەك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاخىرىدا ماقالىمىزنى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى غەزىلى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز:

«ساقىيا، تۇتقىل قەدەھ، بۇلكۈنكى جانان مۇندادۇر،
نەكېرەك سەيرى گۇلىستان، ماڭا بوستان مۇندادۇر.
ماڭا ئەي ساقى، مەيى ناب ① گەزەك ② دەركار ئەمەس،
باقكى، ئاچچىق كۆز ياشى ھەم تاتلىق شىرمان مۇندادۇر.
يار ئۆززۇمىنىڭ باغرىدا، مەن جان ئۆزەر ھالەتتە مەن،
قول سالىپ باغرىمنى كۆرگىل، تەندىكى جان مۇندادۇر.
باغ ئارا بېھۇدىگە، ئەي قۇمرى، چەكمە نالەلەر،
نە قىلۇرسەن سەرۋىنى، سەرۋى خىرامان مۇندادۇر.
توختىغىل ئەي تاڭ شامىلى، گۇل نەسىمىدۇر ③ راۋان،
چۈنكى گۇلشەن رەۋنەقى گۇلغۇنچە خەندان مۇندادۇر.
ئىختىيارىڭ ئەمدى ئەي جان، مەيلى كەتكىل، مەيلى قال،
مەن ئۆلۈمنى ئىستەمەيمەن، چۈنكى جانان مۇندادۇر.
لەبلىرى ئەتراپىدىن ئەي پەششە سەن ئايلانما كۆپ،
لەبلىرى مەغزىگە باقكى، شەككەرىستان مۇندادۇر.
سەن يوقالغان دىلنى خۇسرەۋ، ئىزلەمە بېھۇدىگە،
ئىزلە شۇل جايدىنكى ئول، زۇلفى پەرىشان مۇندادۇر.



① ناب — سۈزۈك.
② گەزەك — زاكوسكا.
③ نەسىم — مەيىن شامال.

# يېڭى تېپىلغان بۈيۈك مىراس

مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

يېقىندا زور ھەجىملىك بىر قول يازما تېپىلدى. بۇ قول يازما XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن ئۈچ نەپەر شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدىن تەركىب تاپقان. كاتىپلارنىڭ قول يازمىغا ئىلاۋە قىلغان مەسنەۋىسىدىن بۇ قول يازمىغا دائىر بەزى مۇھىم مەلۇماتلارنى بىلىشكە بولىدۇ.

بۇ قول يازما موللا ئىمىن ۋە موللا ياقۇپ قاتارلىق ئىككى نەپەر كاتىپ تەرىپىدىن خوتەننىڭ شورباغ يېزىسىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ھىجرىيە 1272 — (مىلادى 1855 -) يىلى سەپەر ئېيى (2 - ئاي) نىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى سەھەردە تامام بولغان. قول يازمىنىڭ باش بېتىگە «خۇجامنىياز سامساق. 1251 - يىل» دېگەن خېتى بار نەقىشلىك چوڭ تامغا بېسىلغان.

قول يازما پاتلانغان خوتەن قەغىزىگە كۆچۈرۈلگەن، كۆن بىلەن مۇقاۋىلانغان. فورماتى 21 × 29 س م. كاتىپلارنىڭ مەسنەۋىسىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، قول يازمىنىڭ جۈز (لىس) لىرى 36 بولۇپ، جەمئىي 300 ۋاراق (600 بەت) ئىكەن. بۇ 600 بەتتىن 508 بەتنىڭ ھەر بىرىگە 15 × 4 مىسرا، 92 بەتنىڭ ھەر بىرىگە 15 × 3 مىسرادىن شېئىر كۆچۈرۈلگەن. بىر پۈتۈن قول يازمىدا جەمئىي 34 مىڭ 470 مىسرا شېئىر بار. بىراق، بۇ قول يازما ئىچىدىن 6 لىس (96 بەت) يوقالغان. يوقالغان 96 بەتتە جەمئىي 5360 مىسرا شېئىر بار. قول يازمىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قىسمى 504 بەت بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىي 29 مىڭ 210 مىسرا شېئىر بار.

بۇ قول يازما — موللا ھەيدەر (تەخەللۇسى: مىسكىن)، موللا سالىھ (تەخەللۇسى: سالىھى)، موللا نىياز (تەخەللۇسى: نىيازى) قاتارلىق ئۈچ نەپەر شائىرنىڭ لىرىك شېئىرلىرى ۋە داستانلىرىدىن تۈزۈلگەن چوڭ تىپتىكى بىر شېئىرلار توپلىمىدۇر.

قول يازمىنىڭ باش قىسمىدا موللا ھەيدەرنىڭ پارسچىدىن نەزملەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلغان «جەڭنامە ھەزرەتى ئەلى»، «رەۋزەتۇششۇھەدا» قاتارلىق ئىككى داستانى؛ ئاخىرقى قىسمىدا بولسا موللا نىياز بىلەن بىرلىشىپ نەزملەشتۈرۈپ چىققان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

«ئەمىر ئابا مۇسلىم» ناملىق زور داستانى بار؛ ئوتتۇرا قىسمىدا بولسا موللا ھەيدەر، موللا سالىھ، موللا نىياز قاتارلىق ئۈچ شائىرنىڭ ھەرخىل شەكىلدىكى لىرىك شېئىرلىرى بار.

بۇ ئۈچ شائىر بىر دەۋردە ياشىغان ۋە يېقىن ئالاقىدە بولغان. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى مىلادى 1785-يىلدىن 1795-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا خوتەندە يازغان. تۆۋەندە بۇ زاماندىكى ئۈچ شائىر ھەققىدە قولىمىزدا بار مەلۇماتلارغا ئاساسەن قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

«مىسكىن» تەخەللۇسى بىلەن ئىجاد قىلغان شائىر موللا ھەيدەرنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت تەپسىلىي ماتېرىيال تېپىلغىنى يوق. پەقەت ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىگە قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەن بەزى مەنبەلەرگە ئاساسەن، ئۇنىڭ XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوتەن (ئىلچى) شەھىرىدە ياشاپ ئىجاد ئەتكەنلىكىنى بىلىمىز. شائىر مىسكىن «رەۋزەتۇششۇھەدا» نىڭ كىتاب نەزمىسىنىڭ بەيانى» دېگەن بابىدا مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

فارسى ھەم نەسرى ئېردى بۇ كەلام،
فارسىدىن ئالماس ئىدىلەر بەھرە ئام.
نەسرىسى ھەم ئام ئارا مەرغۇب ئىدى،
نەزمىسى تەبئ ئەھلىغە مەتلۇب ئىدى.
نەزم بولۇر بائىسىن ئەيتايكى بىل،
تەئرىخقە مىڭ ئىككى يۈز يەتتە يىل.
مۈلكى خوتەن دەشتى ئۆزرە تەختىگىر،
ھاكىمۇ باشەفقەتۇ ئادىل ئەمىر.
.........
ئەئىنى ئەمىر شاھى ئەزىز تاجدار،
ئەز كەرىمۇ ئاتىفەتۇ كىردىگار.
.........
بار ئىدى نەئلىن سەفدە مىسكىنى،
تەئنەۋۇ تىل ئوقلارىنىڭ مەسكەنى.
ئىش ئاڭا ئالدىدا بولماقدۇر دەبىر،
ھۆكم ئاڭا سۆردىكى بۇ ساھىب سەرىر:
«سەن شۇھۇدا زىكرى سارى ئەزم قىل،
رەۋزە كىتاب شۇھۇدانى نەزم قىل.»

«ئەمىر ئابا مۇسلىم» داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە شائىر يەنە مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

تەئرىخى مىڭ ئىككى يۈز ھالى،
يەنە ئالتە ئىدى قىلاي سۆز ئەجمالى.
خوتەن ئول ۋەقتى باغى قەسرى بېھىشت
تۇپراغى گويىيا ئەنبەر سىرىشت.
مىر ئادىل شۇكۇھى باتەمكىن،
ھۆكمىرانۇ زەمىرى ئەدلۇ ئەمىن.
.........
ساھىبى بەختدۇر ئۇلۇغ زاتى،
شاھ ئەلقابى، ئەمىر ئەزىز ئاتى.
......
ھۆكم جارى بولۇپ بۇ مىسكىنغە،
ھۆسن دىل يوقكى نەقدى شىرىنغە.
.........
ياخشى سۆزلەردىن كۆڭۈل تاپار تەسكىن،
شەرھى قىل، قىسسەلەر ياز، ئەي مىسكىن.

يۇقىرىقى مىسرالاردا شائىر موللا ھەيدەر ئۆزىنىڭ خوتەنلىك ئىكەنلىكىنى، خوتەن ھۆكۈمدارى ئەمىر ئەزىزنىڭ ھۇزۇرىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەنلىكىنى، «رەۋزەتۇششۇھەدا» نى پارسچىدىن نەزمى تەرجىمە قىلىشنى ۋە «ئەمىر ئابا مۇسلىم» قىسسىسىنى نەزملەشتۈرۈشنى ئەمىر ئەزىزنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قىلغانلىقىنى يازغان. شائىر مىسكىن ئۆز ئەسەرلىرىدە «ئەمىر ئەزىز» دەپ تىلغا ئالغان بۇ شەخس مانجۇلار شىنجاڭدا جۇڭغارلارنىڭ

هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئۆز هاكىمىيىتىنى ئورناتقاندىن كېيىن خوتەنگە هۆكۈمدار قىلىپ تەيىنلەنگەن. بۇ ھەقتە موللا موسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق مەلۇماتلار بار: «ئابدۇراهمان بېگىمدىن كېيىن، مۇھەممەت ئەزىز بېگىم ۋاكىلىق مەنسىپىگە يېتىپ، خوتەننى سوراپ ئۆتتۈپتۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان موللا مۇھەممەتنىياز ئاخۇنۇم (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ‹تارىخىي رەشىدى› نى بۇ ۋاڭ بېگىمنىڭ نامىغا بېغىشلاپ تۈركى تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نۇرغۇن لەقەب ۋە سۈپەتلەرنى بايان قىلىپتۇ①.»

شائىر نىيازىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» نى ئەمىر مۇھەممەت ئەزىزنىڭ نامىغا بېغىشلاپ تەرجىمە قىلغىنىدىن قارىغاندا، نىيازىمۇ ئەمىر مۇھەممەت ئەزىزنىڭ هۇزۇرىدا مىسكىن بىلەن بىللە بولغان ۋە كۆپلىگەن ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى بىرلىكتە ۋۇجۇدقا چىقارغان. شائىر مىسكىن مول ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىجتىهادلىق شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ قول يازمىغا كىرگۈزۈلگەن لىرىك شېئىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يوقالغان. ساقلىنىپ قالغان ئاز بىر قىسىم شېئىرلىرىدىنمۇ ئۇنىڭ بەدىئىي ئىستىبدات جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن شائىر ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ «جەڭنامە ھەزرەتى ئەلى» ناملىق ئەسىرىدە خەلىپىلىك نۆۋىتى ھەزرەتى ئەلىگە يەتكەندە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىچكى جېدەل-ماجىرالار نەزم شەكلى بىلەن بايان قىلىنغان. ئەسەر 1500 مىسرادىن ئارتۇق؛ «رەۋزەتۇششۇهۇدا» ناملىق ئەسىرىدە بولسا، ئىسلام دۇنياسىدا مەشھۇر بولغان كەربالا ئۇرۇشى بايان قىلىنغان بولۇپ جەمئىي 14 بابقا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى بابتىن تۆتىنچى بابقىچە بولغان قىسمى مۇقەددىمە، بەشىنچى بابتىن 14-بابقىچە بولغان ئارىلىق ئاساسىي ۋەقەلىك قىسمىدۇر. ئەسەر جەمئىي 6 مىڭ مىسراغا يېقىنلىشىدۇ. شائىر مىسكىنىنىڭ نىيازى بىلەن بىرلىشىپ نەزملەشتۈرۈپ چىققان «ئەمىر ئابا مۇسلىم» داستانىدا ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر شەخس ئابا مۇسلىم ۋە ئۇنىڭ ئېلىپ بارغان ھەربىي، سىياسىي كۈرەشلىرى ئاساسىي تېما قىلىنغان. ئەسەر جەمئىي 15 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق.

موللا سالىھ (تەخەللۇسى: سالىھى) تەخمىنەن مىلادى 1743 — 1742-يىللىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغان. قارىقاشنىڭ تاقسار كەنتىدىن. موللا سالىھنىڭ بۇ قول يازمىغا ھەرخىل شەكىلدىكى لىرىك شېئىر ۋە قىسقا ئېپىك داستانلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 3 مىڭ 500 مىسرا شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

موللا نىياز (تەخەللۇسى: نىيازى) خوتەندە تۇغۇلغان بولۇپ، XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن تالانتلىق شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان. بۇ قول يازمىغا ئۇنىڭ موللا ھەيدەر بىلەن بىرلىشىپ يازغان «ئەمىر ئابا مۇسلىم» داستانىدىن باشقا يەنە لىرىك شېئىرلىرىدىن 2 مىڭ مىسراغا يېقىن شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

بۇ قول يازمىغا يەنە ئەسىرى، موللا ئەلەم، ھەمدى، مەشرەب، ئەھمەد يەسەۋى قاتارلىق ئاپتورلارنىڭ بىر-ئىككىدىن

① «تارىخىي ھەمىدى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986-يىل نەشرى، 137-بەت.

www.uyghurkitap.com

شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

«ئەسىرى» تەخەللۇسلۇق ئاپتورنىڭ بۇ قول يازمىدا ئۈچ غەزىلى بار. بۇ غەزەللەردىن ئىككىسى ئىلگىرى «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1980-يىل 2-سانىدا ئېلان قىلىنغان، بىرى تېخى ئېلان قىلىنمىغان. موللا ئەلەم ناملىق شائىرنىڭ بۇ قول يازمىدا ئۈچ غەزەل، بىر مۇخەممىسى بار. ھەمدى تەخەللۇسلۇق يەنە بىر ئاپتورنىڭمۇ بىر غەزىلى بار. ئەپسۇسكى، بۇ ئاپتورلارنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت مەلۇماتلارنى ۋە ئىجاد قىلغان يەنە باشقا ئەسەرلىرىنى ئۇچراتالمىدۇق.

بۇ قول يازمىنى كۆچۈرگۈچى موللا ئىمىن ۋە موللا ياقۇپ قاتارلىق كاتىپلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ بىرمەسنەۋىسىنى قول يازمىغا ئىلاۋە قىلغان. ئۇلار بۇ مەسنەۋىسىدە قول يازمىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش جەريانىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن. بۇ ئىككى كاتىپ خوتەننىڭ شورباغ يېزىسىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن. ئۇلاردىن بىرى بۇ ھەقتە

ياتار ئىدىم شورباغ سەھراسىدا،
زەمانە غەمى رەنجۇ غەۋغاسىدا.
يۇرۇر ئىردىمۇ بۇ كۆڭۈلنى ساچىپ،
قوشۇلماي يامان خەلقلەردىن قاچىپ.

دەپ يازغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇلار زور غەيرەت-شىجائەت بىلەن بۇ قول يازمىنى تۈزۈپ چىققان. ئۇلارنىڭ:

پىتۈگۈنچە خەت چاپسا-كەتمەن كىشى،
ئۇتۇنلار يارىپ قىغ توشۇسا كىشى.
كى مۇكچىيىپ ئولتۇرسا بەللەر تالىپ،
كى تىزلاركى ئاغرىپ كۆڭۈللەر ھارىپ.

دېگەن مىسرالىرىدىن بۇ بۈيۈك قول يازمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا كاتىپلارنىڭ ئاز جاپا تارتمىغانلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئېغىر تۇرمۇش ۋە رىيازەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، ئەجدادلاردىن قالغان بۇ بۈيۈك مىراسنى توپلاپ ئەۋلادلارغا قالدۇرغان؛ ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرۈپ قىلغان بۇ خىزمىتى ئۈچۈن «مەن ئۆلسەم بۇ سۆزلەر قالۇر يادكار، جەھان سەفهەسىدە قالۇر پايدار.» دەپ ھەقلىق يوسۇندا پەخىرلەنگەن. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ بۇ خىزمىتى جاھان سەھىپىسىدە مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. ئەبەدىي قەدىرلىنىدۇ.

ئەپسۇسكى، ئۇلار قول يازمىنى كۆچۈرۈش جەريانىدا بىرمۇنچە نۇقسانلاردىنمۇ خالى بولالمىغان. بىرقىسىم شېئىرلارنىڭ بېشى ياكى ئاخىرى كۆچۈرۈلمەي قالغان ۋە ياكى ئارىلىرىدىن بەزى مىسرالار چۈشۈپ قالغان. يەنە بىرقىسىم شېئىرلارنىڭ باش-ئاخىرىغا ياكى ئارىسىغا باشقا بىر شېئىر ئارىلاشتۇرۇپ كۆچۈرۈلگەن. سۆز چۈشۈپ قېلىش، قوشۇلۇپ قېلىش ياكى ئەسلىدىكى سۆزنىڭ ئورنىغا باشقا سۆزلەرنىڭ ئالمىشىپ قېلىش سەۋەبلىرىدىن بەزى مىسرالارنىڭ ۋەزنى ۋە مەزمۇنى بۇزۇلغان. بەزى مىسرا ۋە كۇپلېتلار مۇقەددەم ئاخىر بولۇپ قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، قول يازمىدا يەنە ئىملا خاتالىقلىرىمۇ بىرقەدەر كۆپ. دەرۋەقە، ئىش دېگەندە كەمچىلىكتىن خالىي بولۇش تەس. كاتىپلارمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن. شۇڭا ئۇلار راستچىللىق ۋە كەمتەرلىك بىلەن «بىمەئنى قارا تۈركىي ئېردىم ئۆزۈم، قارا خەت تونۇر ئېردى ئەمما كۆزۈم.»، «پىتىپدۇرمەنكى بىلمەي ئۇشبۇ خەتنى، بىلىملىك راستلاسۇن راستۇ غەلەتنى» دېگەن مىسرالارنىمۇ قو-

شۇپ قويغان.

دەر ھەقىقەت، غەلەتىنى راستلاش
ئۈچۈن بۇ قول يازمىغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەر-
لەرنىڭ باشقا ۋارىيانتلىرىنى تېپىش يولىدا
داۋاملىق ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆ-
رۈركى، بۇ قول يازمىغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەر-
لەر يۇقىرىدا ئىسمى ئاتاپ ئۆتۈلگەن ئۈچ
شائىرنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا ئىجاد قىلغان
ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي مەجمۇئەسى بول-
ماستىن، پەقەت بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت-
تۇر. كاتىپلارنىڭ

پىتۈر ئېردۈكۈ ئاندا- مۈندىن تېرىپ،
كى سەفىھە يۈزىگە قەلەملەر سىزىپ.
كى ھەر يەردە نەزم بولسا ئانى تاپىپ،
كى مەرغۇب سۆزى بولسا ئانى پىتىپ.

دېگەن مىسرالىرىدىن بۇ قول يازمىنى كا-
تىپلار ئۆزلىرى تويلىغان ئەسەرلەر ئىچى-
دىن «مەرغۇب دەپ» قارىغانلىرىنى تاللاپ
كۆچۈرۈش ئارقىلىق تۈزگەنلىكىنى بىلىش
مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدا ئېيتىپ
ئۆتكىنىمىزدەك بۇ قول يازمىنىڭمۇ بىر قىس-
مى يوقالغان. شۇڭا، بۇ قول يازمىغا ئەسىرى
كىرگۈزۈلگەن ئاپتورلارنىڭ يەنە باشقا
ئەسەرلىرىنىمۇ ئىزدىنىشىمىز زۆرۈر.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ قول
يازما مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى يېڭى
تېپىلغان بىر بۈيۈك مىراستۇر. ئۇنىڭغا
كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر ھەجمىنىڭ زور-
لۇقى، ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنىڭ
مۇللۇقى، بەدىئىي سەنئەت جەھەتتىن
يۇقىرى، ئۇسلۇبىنىڭ راۋان، ئاممىباپلى-
قى، لىرىك ھېسسىياتىنىڭ ساپ ۋە قويۇقلۇ-
قى، ۋەقەلىكلىرىنىڭ قىزىقارلىقلىقى بىلەن
ئوقۇغان كىشىنى زوقلاندۇرۇپ، ئۆزىگە
مەھلىيا قىلىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر
كلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە مەنسۇپ
ئېسىل دۇردانىلەر بولۇپ، ئەدەبىيات تار-
رىخىمىزنىڭ يېڭى بىر سەھىپىسىدىن ئو-
رۇن ئالىدۇ.



# تېكىستكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

كىبرىيە قاھاروۋا

ئەدەبىي مىراسلارنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات يولىنى ئېنىقلاش قانچىلىك مۇھىم بولسا، بەدىئىي ئەسەرنىڭ تېكىستىنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىشمۇ شۇنچىلىك مۇھىمدۇر. ئەسلىدە، تېكىستشۇناسلىق ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. تېكىستنىڭ تارىخىنى ئۆگەنمەي، مەۋجۇت نۇسخىلارنى يىغىپ بىر-بىرى بىلەن سېلىشتۇرماي تۇرۇپ ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىنى ئېنىقلاش تەس. ئەپسۇسكى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بەزىبىر قول يازمىلار چوڭقۇرراق تەھلىل قىلىنماستىن، خام-خاتىلا ھالدا نۇرغۇنلىغان تىراژلاردا چىرايلىق قەغەزلەرگە بېسىلىپ چىقىرىلماقتا. بۇ ئەھۋاللارنى «مەشرەپ دىۋانى»① ۋە «ئەۋەز ئۆتەر ئوغلى دىۋانى»② نەشرىدە ئوچۇق كۆرۈش مۇمكىن.

«مەشرەپ دىۋانى» نىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «تاللىۋېلىنغان شېئىرلاردىكى تېكىستولوگىك خاتالىقلار، كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ نۇقسانلىرى ۋە ئەتەيلەپ قىلىنغان ‹تەھرىر› لىكلەر باشقا نۇسخىلارغا سېلىشتۇرۇلۇپ ئىلاجىنىڭ بارىچە تۈزىتىلدى. مەشرەپنىڭ ھەر بىر شېئىرى تۈرلۈك قول يازمىلاردا ھەرخىل ۋارىيانتلاردا ئۇچرايدۇ. ۋارىيانت پەرقلىرى كۆپىنچە تېكىستنى بۇزۇش، سۆزنى ناتوغرا كۆچۈرۈش تۈپەيلى يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ھاللاردا پوئېتىك سەۋىيىسى يۇقىرىراق ۋە پىكىر مەنتىقىسى ئىزچىلراق بولغان نۇسخىلارغا تايىنىلدى.»

نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ بۇ دەۋالىرى پۈتۈنلەي ئاساسسىز. دىۋاننى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ دىۋاننى مەۋجۇت نۇسخىلارغا سېلىشتۇرماستىن، ئەسلا مۇكەممەل بولمىغان بىرلا نۇسخىغا — ئارۇز ۋەزنىنى چۈشەنمەيدىغان ئەرەب، پارس تىللىرىدىن مۇتلەق خەۋىرى بولمىغان

---

① «مەشرەپ دىۋانى» غاپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەشرىياتى. تاشكەنت — 1980- يىل. نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ۋاھاپ رەھمىيوۋ ۋە كامىلجان ئىسرائىلوۋ.

② «ئەۋەز ئۆتەر ئوغلى دىۋانى» غاپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەشرىياتى. تاشكەنت — 1976- يىل. نەشرگە تەييارلىغۇچى: ۋ. رەھمانوۋ.

چالا ساۋات كاتىپ كۆچۈرگەن نۇسخىغا ــ ئاساسلىنىپ تۈزگەنلىكىنى بىلۋالالايمىز.

مەن مەشرەپ دىۋانىنى خەممەت سۇلايمانوۋ نامىدىكى قول يازمىلار ئىنىستىتۇ ـ تى فوندىدىكى ساقلىنىۋاتقان 2263، 2265، 2775 ۋە 2924 رەقەملىك تۆت نۇس ـ خىغا ۋە ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنىستىتۇتى فوندىدىكى 170، 173 ۋە 225 رەقەملىك قول يازمىلارغا سېلىشتۇرۇپ چىقتىم. تېكىستلەر ھەقىقەتەن بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. شۇنداق بولۇشى تەبىئىي، چۈنكى خەتتات ۋە كاتىپلار شائىرمۇ، ئەدەبىياتشۇناسمۇ، ئالىممۇ ئەمەس. ئۇلار بۇ ئىشنى پەقەت تى ـ رىكچىلىك زۆرۈرىيىتى دەپلا قىلغان. ئەمما نەشرگە تەييارلىغۇچىلار بۇنى نەزەرگە ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى تېكىستتىكى خاتالىقلارنىڭ ھەممىسى يېڭى نەشر ـ دە ئۆز پېتىچە ئېلىنغان. بۇنىڭ ئۈستىگە نەشرگە تەييارلىغۇچىلارمۇ ئۆزى تەرىپىدىن ئانچە ـ مۇنچە قوشۇپ قويغان.

بابارەھىم مەشرەپنىڭ خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بولغان ۋە كونا مەكتەپلەردە ئېلىپبە تەرىقىسىدە ئۆتۈلىدىغان شېئىرى بار. شۇ ئەسەرنى ئۆز ۋاقتىدا كۆچۈر ـ گەن كاتىپ شېئىرنىڭ مەقتەئىنى (پەقەت ئىككى نۇسخىدا) مۇنداق يېزىپتۇ:

پەرەدەئى ئىسمەتدە ساقلە مەشرەبى بىچارەنى،
دىگەرى نامەھرەممىنى ئاشنا قىلدىم بۇ كۈن (138 ـ بەت).

«ئېلىپبە» بولغاندىكىن «ئېلىپ» تىن باشلاپ «يا» بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش كېرەك ئىدى. نەشرگە تەييارلىغۇچىلار بولسا «يا» قاياققا كەتتى، باشقا نۇسخىلارغىمۇ قاراپ باقايلى، دېمەستىنلا كۆچۈرۈپ قويۇپتۇ.

ئەسلى نۇسخىسى مۇنداق:

«يا» ياپىب ئەيشىمنى ئىشرەت پەردەسىغە، مەشرەبا،
دىلبەرى نامېھرۇبانىنى ئاشنا قىلدىم بۇ كۈن.

شېئىرىيەتتىن خەۋىرى بار ئادەم ئەسلى نۇسخىسىغا سېلىشتۇرماستىنمۇ يۇقى ـ رىدىكى خاتالىقنى بىلىۋېلىشى مۇمكىن. چۈنكى شېئىرىيەتتە «دىگەرى نامەھرەمىم»، يەنى «باشقا بىر نامەھرەمىم» دېگەن ئوخشىتىش يوق.

مەشرەپ ئۆزبېك تىلىدىلا ئەمەس، پارس، تاجىك، ئەرەب تىللىرىدىمۇ شېئىر يازغان. نەشرگە تەييارلىغۇچىلار بولسا ھېچقانداق ئىزاھاتسىزلا پۈتۈن ـ پۈتۈن بۆلەكلەرنى تاشلاپ كېتىۋەرگەن. 49 ـ بەتتىكى غەزەل ئەسلى سەككىز بېيىت ئىكەن، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ تۆت بېيىتى چۈشۈرۈپ قويۇلغان، بېسىلىپ چىققان تۆت بېيىتنىڭ بەش قۇرىدا خاتالىق بار (ئىسكوپكا ئىچىدىكىسى توغرىسى):

شوخ چەشمى (شوخ چەشمەكا) ھۆسنەت ئەز بەلا نىشان دارەد،
ئاسمان نەمىخاھەد (چەرخى كەج) نەمىخاھەد ئەيش دەربەنى ئادەم.
دىد ماھى نەۋ مەردۇم (ۋەقتى مەھى نەۋ مەردۇم) روب بە ئاسمان دارەد.

نېمە ئۈچۈن «شوخ چەشمى» ئەمەس «شوخ چەشمەكا» بولۇشى كېرەك ئىكەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. «شوخ چەشمى» دېسەمۇ بولىدۇ، لېكىن ۋەزىن بۇزۇلىدۇ.

«ئاسمان نەمىخاھەد» دېگەن ئوخشىتىش يوق، «چەرخى كەج»، «چەرخى كەجرەپتار» دېگەن ئوخشىتىش بار.

يېڭى ئاي كۆرۈنگەندە ھەممە كىشى ئاسمانغا قارايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ، بۇمۇ يا «ماھ نەۋ شەۋەد مەردۇم» بولۇشى ياكى «ۋەقتى ماھى نەۋ مەردۇم» بولۇشى مۇمكىن. قول يازمىدا ھەر خىل، لېكىن «ۋەقتى ماھى نەۋ» دەپ يېزىلسا توغرا بولاتتى.

شۇ شېئىرنىڭ مەقتەئى مۇنداق:

ئاتەشى زى رۇخسارەش بەرنىھادى مەشرەپ زەد،
چۇن سىپەند مېسوزەد نالەۋۇ فىغان دارەد.

مەزمۇنى:

يۈزىنىڭ يالقۇنى مەشرەپنىڭ قەلبىگە تېگىپ كەتتى، ئەمدى ئۇ ئىسرىقتەك چىرسىلداپ، نالە ـ فىغان قىلىپ كۆيمەكتە.

نېمىدېگەن گۈزەل ئوخشىتىش بۇ! ئۆز ۋاقتىدا چالا ساۋات كاتىپ بۇ مىسرانى تۆۋەندىكىدەك كۆچۈرگەنىكەن:

ئاتەشى زى رۇخسارەش بەر دەھانى مەشرەپ زەد،
غۇنچە شۇد نىگەھدارى فەسلى ئىن خەزان ئامەد.

مەزمۇنى:

يۈزىنىڭ ئوتىدىن بىر يالقۇن مەشرەپ ئاغزىغا تەگدى، بۇ غۇنچىگە كۆز تۇتقىن، خازان پەسلى يېقىن كەلمەكتە.

بۇ شېئىر ئەسلى ئورگىنال نۇسخىسىغا يېقىنمۇ كەلمەيدۇ. كاتىپ بىرىنچى مىسرادىكى «نىھاد» (قەلب) دېگەن سۆزنى «دەھان» (ئېغىز) دەپ ئوقۇغان. ئىككىنچى مىسرانى قەيەردىن تاپقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

تاشلاپ كېتىلگەن تۆت بېيىت تۆۋەندىكىچە:

روزگارى دۇنپەرۋەر مېكەنەد گۇلى مەجلىس،
ھەمچۇ رىشتەئى شەمئى ھەركىسى سەد زەبان دارەد.

مەزمۇنى:

بۇ رەسۋا جاھان مەجلىس گۈللىرىنى، يەنى، تىلى ئۇزۇنلارنى خۇددى شامنىڭ ئۇ ـ چىنى قىرقىپ تاشلىغاندەك يۇلۇپ تاشلايدۇ.

چەشم بەر رەھەت دارەم باس ئەز پەرىشانى،
باد دوستى ئىمشەب ھائەتى خەزان دارەد.

مەزمۇنى:

پەرىشانلىق بىلەن يولۇڭغا ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇرۇپتىمەن. شۇنى بىلگىنكى ۋىسال ئاخشىمى ئۇزاققا سوزۇلمايدۇ.

دوستانى ئىن ئالەم ھەمچۇ شەمئ دەر مەجلىس،
گەرمى ئاشنا ئىها بەر سەرى زەبان دارەد.

مەزمۇنى:

بۇ زاماننىڭ دوستلىرى ئولتۇرۇشلاردا يېقىلىدىغان شامغا ئوخشايدۇ. شامنىڭ ئىسسىقلىقى ئۇچىدا بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ دوستلۇقىمۇ تىلىنىڭ ئۇچىدا.

دىلرەبايى مەھبۇبەم ناگەھان نەمايەد رۇھ،
مېكۇنەد فىدايى ئۇ ھەركى نىم جان دارەد.

مەزمۇنى:

مېنى مەپتۇن قىلغان مەھبۇبەم تۇساتتىن چىرايىنى كۆرسەتسە، يېرىم جان ئادەملەرمۇ ئۇنىڭغا جېنىنى پىدا قىلىدۇ.

نەشرگە تەييارلىغۇچىلارغا بۇ بېيىتلار نېمىشقا ياقمىدى، نېمىشقا تاشلاپ كەتتى، بۇ بىزگە قاراڭغۇ.

ئەمدى 165 ـ بەتتىكى يەنە بىر تاجىكچە غەزەلنىڭ ئۈچ بېيىتىنى تەھلىل قىلىپ باقايلى:

ئەسلى نۇسخىسى:

مەشرەبى ئۇمەم ئامەد مەستانەۋۇ بىپەرۋا،
شەيمئى ئەنجۇمەن ئامەد مەيخارەۋۇ بىپەرۋا.

مەزمۇنى:

مەشرەبى ئۇمەم كەلدى ھەم مەستۇ ھەم بىيپەرۋا، سۆھبەتنىڭ گۈلى كەلدى مەي ئىچكەنى بىپەرۋا.

بۇ بېيىت دىۋاندا مۇنداق بېسىلىپتۇ:

مەشرەب ئۇمەم ئامەدى مەستانە بىپەرۋا،
شەمئى ئەنجۇمەن ئامەدى مەيخانە بىپەرۋا.

نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ سۆزمۇ سۆز تەرجىمىسى:

مەشرەب ئۇمەم كېلىپسەن، بىزگە مەستانە باقىن، يىغىنىڭ شامى بولۇپ كەلدىڭ، مەيخانىگە بۇرۇل.

ئۇلار «بىپەرۋا» دېگەن سۆزنى باشتىن ـ ئاياغ «بىپەرۋا» دەپ ئوقۇپ، «بۇرۇل»

دەپ تەرجىمە قىلغان.

ئەرەب ئېلىپبەسىدە ئۈزۈك تاۋۇشلار يېزىلىدۇ، «زىر-زەۋەر» يەنى ئىزاپە قويۇلمايدۇ. بىزنىڭ نۇرغۇن تېكىستشۇناسلىرىمىز ئىزاپەنى تاشلاپ كېتىدۇ ياكى تېگىشلىك بولمىغان جايغا قويۇپ قويىدۇ. بۇ غەزەلدىمۇ «مەشرەبى ئۇمەم ئامەد» دېگەن سۆزنى «مەشرەب ئۇمەم ئامەدى» دەپ يازغان.

ئىككىنچى مىسرا مۇنداق:

جامى مەي بە دەست ئامەد، پىرى مەيفۇرۇش ئامەد،
مەيخانە بە جوش ئامەد، مەيخارەۋۇ بىپەرۋا.

مەزمۇنى:

مەي جامى قولغا كىردى، مەيپۇرۇش پىرمۇ كەلدى، مەيخانىمۇ قايىندى. ھەممە مەستۇ بىپەرۋا.

ئەمدى دىۋاندا بېسىلغىنىغا قاراپ باقايلى:

جان سەر بە دەست ئامەد، پىرى مەيفۇرۇش ئامەد،
خۇمخانە بە جوش ئامەد، خۇمخانە بىپەرۋا.

نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ سۆزمۇ سۆز تەرجىمىسى:

ھەممەيلەن جېنىنى مەي پۇلى قىلىپ قولىغا ئېلىپ كەلدى، مەيپۇرۇش بوۋايمۇ كەلدى، مەيخانە ئاۋاتلاشتى، مەيخانىگە بۇرۇل.

بۇ تېخى ھېچگەپ ئەمەس، ئەمدى ئۈچىنچى بېيىتنى ئوقۇپ باقايلى:

زەخمۇ شاھىدۇ ساقىي، ساغەرۇ مەئى باقى.

نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ سۆزمۇ سۆز تەرجىمىسى:

باغرى ئېزىلگەنلەرنى ئىزلەيمەن، ئۇنىڭ يولىغا جانىنى تىكىش ئۈچۈن مەيخانىگە بۇرۇل.

بۇ خاتالار «شەم» دېگەن سۆزنى «زەخم» دەپ ئوقۇغانلىقتىن كېلىپ چىققان. ئەسلى نۇسخىسىدا ھېچقانداق باغرى ئېزىلگەنلەر ھەققىدىمۇ، ئۇنىڭغا جېنىنى تىكىدىغان ئادەم ھەققىدىمۇ گەپ يوق. بۇ مىسرالارنى ئۆزبېكچىگە ئايلاندۇرۇش ئانچە تەس ئەمەس.

«شەمئۇ شاھىدۇ ساقى، ساغەرۇ مەئى باقى» دېسە ئۆزبېك كىتابخانلىرى چۈشىنىۋېرىدۇ.

نازۇكبەدەنا سۇنئى خۇداۋەندى جەھانسەن،
ئەي ئاپەتى دەۋران (255 - بەت)، —

دەپ باشلىنىدىغان مۇستەھزاتنىڭ بەشىنچى مىسراسى تۆۋەندىكىدەك ئىكەن:

گەھ كۆز ئۇچىدىن غەمزە، گەھى ئىشۋە قىلۇرسەن، ئەي كۆزلەرى فەتتان.

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار «كۆز ئۇچى» دېگەن سۆزنى «كوچە» دەپ ئوقۇپتۇ، نەتىجىدە مۇنداق قۇرلار ھاسىل بولۇپتۇ:

گەھ كوچەدە غەمزە، گەھى ئىشۋە قىلۇرسەن، ئەي كۆزلەرى ئافەت.

بىچارە مەشرەبنىڭ يارى كوچىلاردا نازۇ كەرەشمە قىلىپ يۈرىدىكەن - دە!

يىغلەمەي نەيلەيكى روزىمنى سىياھ قىلدى فەلەك (283 - بەت)، دەپ باشلىنىدىغان مۇخەممەسنىڭ بەشىنچى مىسراسى مۇنداق ئىكەن: پادىشاھى ۋەقت ئىدىم، ئاخىر گەدا قىلدى فەلەك.

دىۋاندا: «پادىشاھى ۋەقت ئىدىم، ساھىب ئەزا قىلدى فەلەك» بولۇپ بېسىلىپتۇ.

295 - بەتتىكى مۇخەممەسنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكى مۇنداق ئوقۇلىغان:

چەمەندە بۇلبۇلى بۇ خانۇمان مەن ئاشيانىم يوق،
مىسالى چۇغزدېك ۋەيرانە دە ھەرگىز مەكانىم يوق.

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: چۇغز — بايقۇش دېگەنلىكقۇ، ئۇ ئۆزى ۋەيرانىدە يا - شايدۇ، بۇ مىسرالار بەلكى توغرا ئەمەستۇ، ئازراق باش قاتۇرۇپ باقايلى، دېمەستىن شۇنداقلا كۆچۈرۈپ قويۇشقان. ئەسلى مۇنداق:

چەمەندە بۇلبۇلى بىبالۇ پەرمەن ئاشيانىم يوق،
مىسالى چۇغزى بىۋەيرانە مەن، ھەرگىز مەكانىم يوق.

314 - بەتتىكى مۇخەممەسنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى مۇنداق شەكىلدە بېرىلگەن:

ئاھىم ئوقىنى شۇم رەقىبلەرگە ئاتەي دېب،
تا كويى مۇھەببەتنى دىلىم بىرلە چالەي دېب.

مۇھەببەتنىڭ كويى قانداق بولىدىكىن؟ ئادەتتە مۇھەببەت كويى دېگەن ئوخشىتىش يوق. شائىر مۇنداق دېمەكچى:

ناقۇسى مۇھەببەتنى دىلىم بىرلە چالەي دېب.

مەزمۇنى: مۇھەببەت سازىنى دىلىم بىرلە چالىمەن.

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار بۇ سۆزنىمۇ مەنىسىگە دىققەت قىلمىغان.

ھېچقانداق ئىزاھاتسىز ھالدا پۈتۈن - پۈتۈن بۆلەكلەر تاشلىنىۋېتىلىگەن. نۇرغۇن غەزەللەرنىڭ مەقتەئى، شائىرنىڭ تەخەللۇسى چۈشۈپ قالغان.

271 - بەتتىكى مۇخەممەسنىڭ ئاخىرقى ئۈچىنچى بۆلىكى چۈشۈپ قالغان.

www.uyghurkitap.com

قانلەر تۆكىب دىيدەمدەن تاكەي يىغلەب داد ئېتەي،
قازى بولسە جانانىم، ئاڭا بارىب داد ئېتەي،
مەھشەر كۈنى ئاھ ئۇرىب خەستە كۆڭلىم شاد ئېتەي،
زار كۆڭلۈم ۋەسلىنى يادىدە ئاباد ئېتەي،
دىلبەر سۆيمەس كۆڭۈلنى ۋەيرانە بولمەگۇنچە.

**شۇ مۇخەممەسنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىنىڭ ئالدىدىكى مانا بۇ مىسرالارمۇ دىۋاندا يوق.**

نامۇس كېتمەس ھېچكىمدەن ئىشققە قەدەم قويمەسە،
ئەدھەم سىفەت دۇنيانى تا پۇشتى پا ئۇرمەسە،
ۋاسىل بولىب ۋەسلىغە يالغىز ئۆزىن سېۋمەسە،
رازى بولىب قەزاغە، سەبر ئوتىغە يانمەسە،
تاپمەس دىلبەر سوراغىن گىريانە بولمەگۇنچە.

نەشرگە تەييارلىغۇچىلارغا بۇ مىسرالار نېمىشقا ياقمىدى، قانداق مۇلاھىزە بىلەن تاشلاپ كېتىلدى، بۇنىڭغا دىۋاندىن جاۋاب تاپقىلى بولمايدۇ.

مۇبالىغىسىز ئېيتىش مۇمكىنكى، ھەممە غەزەللەردە خاتالىق بار. 180 - بەتتىكى غەزەلنىڭ ئۈچىنچى بېيتى ئەسلىدە مۇنداق:

سەر تابە قەدەم زەخمى جەفا پىرەھەنىمدىر.

يەنى شائىر: كىيىدىغان كىيىمىم باشتىن - ئاياغ جاپانىڭ، مۇھەببەتنىڭ زەخمى بولدى، دېمەكچى. دىۋاندا «سەرپا بە قەدەم» بولۇپ بېسىلغانلىقتىن مەنە چىقمايدۇ.

279 - بەتتىكى مۇخەممەسنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكىدىن مىسال كەلتۈرىمىز:

چەراكى كىپرىگىم ئۈستىدە دۇر مانەندەئى جالە،
مۇھەببەت شەۋقىدىن ھەردەم قۇمرىدېك مىڭ بىر نالە.

بۇنىڭدىن نېمە مەنە چىقىدۇ؟ ئەسلى نۇسخىسى مۇنداق بولۇشى كېرەك:

مۇھەببەت شەۋقىدەن ھەردەم قىلۇرمەن قۇمرىدېك نالە.

288 - بەتتىكى مۇخەممەسنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى:

مېنى بەختى قەرادىن قول يۇۋدى قەۋمۇ قەرىنداشىم،
بۇ كۈن زەھرەبا بولدى ھەرزەمان ئاغزىمدەگى ئاشىم —

دەپ يېزىلغان. ئەسلى تۆۋەندىكىدەك بولۇشى مۇمكىن:

مېنى بەختى قەرادىن يۇۋدى قول قەۋمۇ قەرىنداشىم،
بۇ كۈن زەھرەبەلەر بولدى مېنىڭ ئاغزىمدەكى ئاشىم.

بۇ خاتالىقلار شېئىرىيەتنى، ئارۇز ۋەزنىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان. بۇنداق خاتالىقلارنى يەنە نۇرغۇن كۆرسىتىش مۇمكىن.

بىپەرۋالىق شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى: «زىھى رەسۋالىغىم ئالەمگە سالدى شورۇ شەر تەنھا» دېگەن غەزەل ئىككى جايدا، بىرى 170 - بەتتە، ئىككىنچىسى 309 - بەتتە مۇخەممەس شەكلىدە بېرىلگەن. شۇنىڭ ئورنىغا مەشرەبنىڭ خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بولغان پەردىلىرى بېرىلسە ئەقىلگە مۇۋاپىق بولماسمىدى؟

ئەز ئەمرى خۇدا بەلەند تەر ئەمرى پەدەر،
تۇ ئەمرى پەدەر بەجاي ئاريي بىھتەر.

مەزمۇنى:

ئاتائنىڭ ئەمرى خۇدانىڭ ئەمرىدىنمۇ ئۇلۇغراقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئاۋۋال ئاتائنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈر.

جەننەتكى رىزايى مادەران ئەست،
دەر زېرى قۇدۇمى مادەران ئەست.

جەننەت ئانىنىڭ قەدىمى ئاستىدا، كىمكى ئانىسىنى رازى قىلسا جەننەتكە كىرىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ شۇنى ئېيتىش كېرەككى، نەشرگە تەييارلىغۇچىلار ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىگە بەكمۇ بىپەرۋالىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قارىغان. شۇ سەۋەبتىن ناھايىتى كۆپ، قوپال خاتالىقلارغا يول قويغان. مانا، «تولۇئى پەرتەۋى ھۇسنى جەمالىڭ كۆرگەنىم بىھراق» (278 - بەت) دېگەن مۇخەممەسنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىگە قاراپ بېقىڭ:

شەرىئەت شەربەتىن ئىچقان، تەرىقەت ھەلقەسىن تۇتقان،
ھەقىقەت شاھىنى سۇرغان، ئەدالەت كۆزىنى ئويغان،
مەلامەت كويىدە يۇرغان، شەرافەت شەۋقىنى سۇرغان،
جەھان مەيدانىدە يۇرغان، مۇھەببەت يولىدە كۇيگان،
سۆيەر قۇللارنى ئىزىنى كۆزىمگە سۇرگەنىم بىھراق.

بۇنىڭدىن: ئەجەبا، ئۆمۈر بويى ھەقىقەت ئىزلەپ يۇرتمۇيۇرت سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئادالەتپەرۋەر شائىر نېمە ئۈچۈن «ئەدالەت كۆزىنى ئويغان» شەخسلەرنىڭ قولىنى كۆزىگە سۈرتمەكچى بولىدۇ، دېگەن سوئال تۇغۇلمامدۇ؟ ئەسلىدە شائىر مۇنداق دېمەكچى:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



شەرىئەت شەربەتىن ئىچقان، تەرىقەت ھەلقەسىن تۇتقان،
ھەقىقەت شاھىنى سېۋغان، ئەداۋەت يۈرتىنى بۇزغان،
مەلاھەت مۈلكىدە يۈرگان، شەرافەت شەۋقىنى سۈرگان،
جەھان ئەيۋانىدە يۈرگان، مۇھەببەت ئوتىغە كۈيگان،
سۆيەر قۇللار ئىزىنى كۆزلەرىمگە سۈرگەنىم بىھراق.

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار شۇ قەدەر بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانكى، ئەقلى يەتمەيلا قالسا «بۇ مىسرا قول يازمىدا ئۆچۈپ كەتكەن» دەپ ئىزاھ بېرىپ قويۇش ياكى كۆپ چېكىت قويۇش يولى بىلەن ئاسانلا قۇتۇلۇپ كەتكەن.

شۇ مۇخەممەسنىڭ ئاخىرقى بۆلىكى:

«سالىب ئالدى مېنى كۆڭلى قۇشنى دىلبەرى مەتلەب» ئىكەن. نەشرگە تەييارلىغۇچىلار ئۇنىڭ ئورنىغا كۆپ چېكىت قويۇپ قويۇپتۇ.

«تە ئافى ئاستانەڭگە غەرىبى ناتەۋان كېلدىم» (85 - بەت) دەپ باشلىنىدىغان غەزەلنىڭ ئۈچىنچى بېيىتى ئەرەب تىلىدا يېزىلغانىكەن. «بۇ مىسرا ئۆچۈپ كېتىپتۇ» دەپ ئىزاھ بېرىپلا قۇتۇلۇپتۇ. سوراش ئەيىب ئەمەسقۇ. بىرەر ئەرەبشۇناسنىڭ ئالدىغا بېرىپ مەسلىھەت سورىسا بولاتتىغۇ. بىرەر دىتى بار كىشى ئەسلى نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرسە سەت بولار، دېگەن مۇلاھىزە بولارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەن. بۇ قۇرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى مۇنداق:

ئىلەيكۇم رەببەكۇم نەھنۇن قەسەمنادىر ئەيا شاھىم.

مەزمۇنى:

قۇلىڭىز بولىمىز دەپ قەسەم ئىچتۇق، ئەيا شاھىم.

بۇنداق خاتالىقلار بىرلا مەشرەپ دىۋانىدىلا سادىر بولغان بولسا، بۇنچىۋالا كۆيۈپ-پىشىپ يۈرمىگەن بولاتتۇق. ئەپسۇسكى، ئەۋەز ئۆتەر ئوغلىنىڭ دىۋانىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇقسانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

دىۋانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئەۋەز ئۆتەر ئوغلى ئىجادىيىتىدىن تاللانغان بۇ كىتابنى تۈزۈشتە شائىرنىڭ ئۆزبېكىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بېرونىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ئىنستىتۇتى فوندىدىكى ئۈچ دىۋانىغا (K — 3451 ،K—942 ،K— 7102) ئاساسلاندۇق.»

ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس! بۇ سۆزلەر پۈتۈنلەي يالغان. مەن ئاشۇ ئىنستىتۇتتا

بىرىپ، مۇقەددىمىدە كۆرسىتىلگەن ئۈچ دىۋان ۋە بەش بەيازنى ۋاراقلاپ چىقتىم. بىراق دىۋانغا كىرگۈزۈلگەن غەزەللەرنىڭ بىرەرىمۇ قول يازمىدا يوق. ئىلىم - پەندە بۇنى نىمە دەپ ئاتاش كېرەك؟ مەن ھېچنىمە دىيەلمەيمەن. تىلىم گەپكە كەلمەيدۇ. بۇ سوئالغا دىۋاننى نەشرگە تەييارلىغۇچى ۋاھاپ رەھمانوۋدىن باشقا كىشى جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

ئەسلىدە سېلىشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىسىمۇ، قانداقلا بولمىسۇن مەن دىۋاننى ۋاراقلاپ چىقتىم ۋە بىرمۇنچە خاتالىقلارنى ئۇچراتتىم.

مانا، 101 - بەتتىكى غەزەلنىڭ مەتلەئىگە قاراڭ:

مېنى كىبى ھېچكىم ھەمۇل دىلدارە ئاشىق بولمەسىن،
كىپرىگى ئوق، قاشلەرى خۇنخارە ئاشىق بولمەسىن.

شېئىرىيەتتىن ئاز - تولا خەۋىرى بار كىشى بىلىدۇكى، قاش ھېچقاچان خۇنخار بولمايدۇ. كۆزخۇنخار بولۇشى مۇمكىن. قاش كامانغا، خەنجەرگە ئوخشىتىلىدۇ. ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇمكى، بۇ مىسرا:

كىرپىگى ئوق، كۆزلەرى خۇنخارە ئاشىق بولمەسىن، —
بولۇشى كېرەك.

291 - بەتتىكى مۇخەممەسنىڭ بەشىنچى بۆلىكى مۇنداق باشلىنىدۇ:

بار جەھان مۇلكىدە، جانا، سېنى كەبى جانان دېسەم.

بۇنىڭدىن مۇنداق سوئال تۇغۇلىدۇ: ئەجەبا، جاھان مۇلكىدە بۇنداق جانانلار كۆپ تۇرۇقلۇق شائىر نېمە ئۈچۈن يەنە داد - پەرياد چېكىدۇ؟ بۇ سۆزدە ھېچقانداق باغلىنىش يوققۇ؟

ئەسلىدە شائىر مۇنداق دېمەكچى:

يوق جەھان مۇلكىدە، جانا، سېنى كەبى جانان دېسەم.

نۇرغۇن خاتالىقلار ئارۇز ۋەزنىنى چۈشەنمەسلىك، ۋەزننى ئائىقىرالماسلىق تۈۋەيلىدىن كېلىپ چىققان.

ئەمدى 191 - بەتكە قاراڭ:

يارەب، مەنىڭدېك بولمەسېن ئىشق ئىچرە شەيدا ھېچ كەس،
نى بار مېنگە بىر ھەمدەمۇ ئۇلفەت، نە فەرياد رەس.

ياخشىراق دىققەت قىلسىڭىز بۇ مىسرا تۆۋەندىكىچە بولۇشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىسىز (ۋەزنىمۇ شۇنى تەلەپ قىلىدۇ):

نې بار مېنگە بىر ھەمدەمۇ ئۇلفەت نە بىر فەرياد رەس.

362 - بەتتىكى «ساقىناھە» دە قەيەردە «ساقىي» دېگەن سۆز كەلگەن بولسا ھەممىسى «ساقىيا» بولۇپ كەتكەن.

كېتۇر، ساقىيا، بۇ سائەت جامى گۇلگۇن.

بۇنىڭدا ۋەزىن بۇزۇلغان. ئاددىي كىتابخان بۇنى پەرقلەندۇرەلمىسىمۇ، ئەمما تېكىستشۇناس ئالىم بۇنى ھېس قىلىشى مۇمكىن.

شۇنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، ھازىرقى كىتابخانىلارنىڭ بۇ ئەسەرلەرنى ئەسلى نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بۇ ئەسەرلەرنى دەسلەپكى مەنبە دەپ قارايدۇ.

يېقىندا ئۆزبېك شېئىرىيىتىنىڭ پېشۋاسى ئۇيغۇن ئەپەندىنىڭ «زىبۇننىسا» ناملىق شېئىردي درامىسىنى ئوقۇپ چىقتىم. شۇ درامىغا زىبۇننىسانىڭ:

دۇرباد ئەز تەن سەرې كى ئارايىشى دارې نەشۇد،
بىشكەنەد دەستېكى ھەم بەرگەردەنى يارې نەشۇد، —

مەتلەئى بىلەن باشلىنىپ، تۆۋەندىكى مەقتە بىلەن ئاخىرلىشىدىغان مەشھۇر غەزىلى كىرگۈزۈلگەن:

ھەر مەتا ئىرا خەرىدارىست دەر بازارى ھۇسن،
پىر شۇد زىبۇننىسا ئۇرا خەرىدارې نەشۇد.

مەزمۇنى:

ھۇسن بازارىدە ھەممە مەتاغا خەرىدار تاپىلىدى، ئەمما زىبۇننىسا قېرىدىيۇ، ئۇنىڭغا خەرىدار تاپىلمەدى.

شۇ مەقتەدىن «ھۇسن» سۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. شائىرەنىڭ شۇ شېئىرنى يېزىشتىن مەقسىتى ئاشۇ سۆزنى يەنى: ھۇسن بازىرىدا ھەممە بۇيۇملارغا خېرىدار تېپىلغان بولسىمۇ، بىچارە زىبۇننىساغا تېپىلمىغانلىقىنى تەكىتلەش ئىدى. زىبۇننىسا شاھنىڭ قىزى بولسىمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ يار تاپالماي دۇنيادىن تاق ئۆتكەن شائىرە.

بۇ خاتالىقنىڭ قەيەردىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن مەھبۇبە قادىرووۋا ۋە پاتىمە ھۇسەينوۋا يولداشلار تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «زىبۇننىسا، دىلشات ۋە ئەنبەر ئاتىنلەر شېئىرلىرىدىن»① ناملىق كىتابنى ۋاراقلاپ كۆردۈم. يۇقىرىدىكى خاتالىق مۇشۇ كىتابتا سادىر بولغانىكەن.

① ئۆزبېكىستان ك. پ. مەركىزي كومىتېتىنىڭ نەشرىياتى، تاشكەنت، 1981 - يىل نەشرى.

پەيتى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، مەزكۇر كىتابتىمۇ ئانچە - مۇنچە نۇقسانلار بار.

42 - بەتكە قاراڭ:

نە بولۇردى ياشمنى مىسلى دەريا قىلمەسەڭ.

بۇ مىسرادا «كۆز» سۆزى چۈشۈپ قالغان. ۋەزىنىمۇ شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەسلى مۇنداق بولۇشى كېرەك:

نە بولۇردى كۆز ياشمنى مىسلى دەريا قىلمەسەڭ.

45 - بەتكە قاراڭ:

فارسىي گۇفتەم ئەبروئى تۇ، گەر سۆزلەسەم قاشىڭ.

بۇنىڭدا ۋەزىنىمۇ، مەنىمۇيوق، بۇ مىسرا مۇنداق بولۇشى كېرەك:

به فارسىي گۇفتەم ئەبرويەت، به تۇركىي سۆزلەسەم قاشىڭ.

بۇ خاتالىقلار تېكىستنى توغرا ئوقۇيالمىغانلىقتىن سادىر بولغان.

47 - بەتتە:

كىمكى توغرى گەپۇرسە تىلىگە سالدى گەراۋ، —

دېگەن مىسرا بار. ئادەتتە مالنى گۆرۈگە قويۇش مۇمكىن، جاننى گۆرۈگە قويۇش مۇمكىن. تىلنى قانداقمۇ گۆرۈگە قويغىلى بولسۇن؟ ئېنىقكى، بۇ غەراۋ بولۇشى كېرەك. باشقا بۇراۋ① سېلىنىدۇ، تىلغا غەراۋ②.

49 - بەتتىكى:

كۆز بولدى ھەيات يىلى بەھارىي،
لەيلا كەبىدىر ئىقلىم نە هاردي، —

دېگەن بېيىت خاتا بېرىلگەن. بۇنىڭدا شائىر ئىقلىم توغرىسىدا گەپ قىلماقچى ئەمەس، ئۆز ئېلى توغرىسىدا، يەنى:

لەيلا كەبىدىر ئېلىم نە هاردي، — دېمەكچى.

66 - بەتتىكى مۇخەممەسنىڭ بەشىنچى بۆلىكىدە مۇنداق دېيىلگەن:

يارنىڭ ئەكسى ئالۇر ئەقلۇ هۇشۇمنى، شۇ بىلەن،
زۇلمىگە بەند ئەيلەگەي يارىم سەنى سېتارسىز.

---

① بۇراۋ — نۇقتا، سىرتماق.
② غەراۋ — بامبۇك، كۆشەگ.

زۇلۇمنىڭمۇ تارى بولامدۇ؟ بۇ مىسرانىڭ مەنىسىگە قارىغاندا تۈۋەندىكىدەك بولۇشى كېرەك:

زۇلفىڭگە بەند ئەيلەگەي يارىم سېنى سېتارسىز.

يەنە:

ئەل ئىچرە ئىشلە، ئەل بىرلە تىرىك بولغىل بۇ ئالەمدە، —

دېگەن مىسرا:

ئەل ئىچرە ئىشلە، ئەل بىرلە تىرىك بولغىل ئەمەلدە، —

دەپ بېسىلىپتۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتابلاردا خاتالىقلار بەكمۇ كۆپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ ماقالىدە كۆرسىتىشنىڭ ئىلاجى يوق. ئەمما كۆرسىتىلگەن مىساللاردىن نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسى ھەققىدە خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن.

خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت بايلىقى بولغان ئەدەبىي مىراسىمىزنى نەشر قىلىشتا يېڭىلىككە، بېپەرۋالىققا، غەيرىي ئىلمىي مۇناسىۋەتلەرگە يول قويماسلىق كېرەك.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتابلارنى مەۋجۇت نۇسخىلارغا سېلىشتۇرۇپ، سەۋەبسىز تاشلىۋېتىلگەن غەزەللەرنى كىرگۈزۈپ، چوڭقۇر ئىلمىي تەنقىدىي ئاساستا قايتىدىن نەشر قىلىش كېرەك.

(«شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 11 - سانىدىن ئېلىندى).

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: روزى مۇھەممەت جۇمە





# هەۋزىخان

(خەلق داستانى)

ئارىغوللۇق ئابدۇللا،
باغىرىقلىق هەۋزىخان،
باھاۋۇدۇنئاخۇن يۈز بېشى،
يۈسۈپ مىراپ بېگىمنى،
شەنبە كۈنلۈكتە كىرىپ،
ئويۇنغا تەكلىپ قىلدى.

دۈشەنبە كۈنلۈكتە قويۇپ،
يۈسۈپ مىراپ بېگىم بىلەن،
ئابدۇللاخۇن ئاق بۇرۇت،
باغىرىقنى چىققاندا.
ناماز دىگەر ۋاقتىدا،
ئويۇن راسا قىزىقلىق.
تۇرغانغۇ زامانلاردا،
ئابدۇللاخۇن ئاق بۇرۇت،
كات تۆپىسىدە ئولتۇرۇپ،
تار سۆكىگە قاراپ قويۇپ،
تالاغا قوپۇپ ماڭدى.
ئابدۇللاخۇن ئاق بۇرۇت
چوڭ داۋزا تۈۋىگە چىققۇچە،
هەۋزىخان قوپۇپ چىقتى.
ئابدۇللاخۇن ئاق بۇرۇت،
كەينىگە قاراپ تۇرۇپ:
— جېنىمغىنا هەۋزىخان،
ئىككىمىز هايات تۇرۇپ،
بۇ جان ئېقىپ كەتمىسۇن،
ئۆمرىمىز مۇنداق ئۆتمىسۇن، —
دېگەنغۇ زامانلاردا.
— ئۇنداغ بولسا ئابدۇللا،
مەن ئېرىمدىن ئاجرىشىپ،
ئالتاي بولدى ئولتۇردۇم.
— ئۇنداغ بولسا هەۋزىخان،
بىر ئۆيدە بولۇپ قالساق،
دېگەنغۇ زامانلاردا.
— ئوبدان بولدى ئابدۇللا،
دادامغا دېسەڭ بەرمەيدۇ،
ئون بەش كۈندىن كېيىن چىققىن،
قېچىپ كېتەلى ئابدۇللا، —
شۇنداققىنا دەپ تۇردى.

ئارىدىن ئون بەش كۈن ئۆتتى،
ئابدۇللاخۇن ئاق بۇرۇت،
بىر ئاتقا مىنىپ چىقتى.
هەۋزىخان دېگەن چوكان،
قولىدا قاپاق چۆگۈن،
سۇغا ماڭغۇدەك بولسا،
يولدا يولۇقۇپ قالدى.
— ئوبدان چاغدا چىقىپسىز،
جېنىمغىنا ئابدۇللا،
رازىخان ئاچامنىڭكىدە،

www.uyghurkitap.com

كىرىپ ئۇلتۇرغاچ تۇرۇك،
مەن سۇنى ئاپىرىپ قويۇپ،
ئۆزۈمنى جەمسىرەپ كېلەي، —
شۇنداقىنا دېگەندە،
رازىخانىنىڭكىگە كىرىپ،
سائەت ئۇلتۇرغان چاغدا،
ھەۋزىخان يېتىپ كەلدى.
— جېنىمغىنا ئابدۇللا،
يانا بىردەم تۇرغاچ تۇرۇك،
رازىخان ئاچام بىلەن،
ئۆيگە بىر بېرىپ كېلەي، —
شۇنداقىنا دېگەندە،
رازىخان بىلەن ئەمدى،
ھەۋزىخان ئۆيگە باردى.
رازىخان دېگەن مەزلۇم،
تامدىن، ئاقىدىن چىقىپ،
تۈنۈك بېشىغا كېلىپ،
تۈنۈك بېشىدا ئۇلتۇردى.
ھەۋزىخان ئۆيگە كىرىپ،
بوغجىمىسىنى چىگىپ،
تۈنۈكتىن سۇنۇپ بەردى.
رازىخان دېگەن مەزلۇم،
ئاقىدىن تامدىن چۈشۈپ،
ئۆيىگە ئىتتىك كەلدى.
ھەۋزىخان دېگەن چوكان،
داۋزىدىن قول سېپ چىقتى.
رازىخانىنىڭكىگە كەلدى.
نامازشام بولغان چاغدا،
ئاتقا مىنىگىشىپ قاچتى.
تۆت ئاي ئوبدان بولۇشتى،
ئارىغا دۈشمەن چۈشتى.
— مەن، مەن! دەيسىز ھەۋزىخان،
يوغان گەپ قىلماڭ ھەۋزىخان،
ئابدۇللا بىلەن ھەمراخان،
تال بوستاندا ئۇلتۇرىدۇ،
ساڭا ئىزا بولمامدۇ.

شۇنداقىنا دېگەندە،
ھەۋزىخان دېگەن چوكان،
ئورنىدىن قوپۇپ كىرىپ،
ئەگۈن ئالدىغا بارسا،
تال بوستانىغا قارىسا،
ئابدۇللاخۇن ئاق بۇرۇت،
ھەمراخانىنىڭ قولىنى تۇتۇپ،
قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرىدۇ.
ھەۋزىخان كەينىگە ياندى،
ئۆيىگە كىرىپ ئەمدى،
ئوچاقتا چۆگۈننى قويدى.
داستىخانىنى سېپ قويۇپ،
ئابدۇللانى قىچقىردى.
سىنچاينى قويۇپ تۇرۇپ:
— جېنىمغىنا ئابدۇللا،
مەن ساڭا تېگەر چاغدا،
قېچىپ تەگكەن ئابدۇللا.
سەن مېنى ئالار چاغدا،
راسا قىزىپتىڭ ئابدۇللا.
ئەمدى ساڭا نېمە بولدى،
يۈزۈمگە ئاياغ قويدۇڭ،
شۇنداقىنا دەپ تۇردى.



— جىق گەپ قىلماڭ ھەۋزىخان،
قىلىچ سالساڭمۇ كەسمەيدۇ،
مىلتىق ئاتساڭ تەگمەيدۇ،
ھەمراخاننى تاشلىمايمەن،
شۇنداق دەپ قوپۇپ كەتتى.
ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى،
شۇنداقتىنا تۇرغاندا،
يەنە دۈشمەن يۆگرۈپ كىردى:
— مەن - مەن! دەيسىز ھەۋزىخان،
يوغان گەپ قىلماڭ ھەۋزىخان.
ئابدۇللا بىلەن ھەمراخان،
چۆنەك بېشىدا ئولتۇرىدۇ.
شۇنداقتىنا دېگەندە،
ئورنىدىن قوپۇپ ئەمدى،
ئۈن كېسىپ تۇرغان يەردىن،
قولىغا پىچاق ئالدى.
ئۆگزىسىگە چىقىپ ئەمدى،
باغقا قارىغۇدەك بولسا،
چۆنەك بېشىدا ئولتۇرىدۇ،
ھەۋزىخان دېگەن چوكان،
تامدىن سەكرەپ چۈشكەندە،
ئابدۇللاخۇن ئاق بۇرۇت،
تامدىن سەكرەپ قېچىپ كەتتى.
ھەمراخانغۇ بىچارە،
ساخالغا يامىشىپ قالدى.
كەينىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ،
چاچ بېغىدىن ئولغاپ تۇتۇپ،
ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ،
مەيدىسىگە مىنىپ ئولتۇرۇپ:
— جېنىمغىنا ھەمراخان،
بىر مەكتەپتە ئوقۇيتتۇق،
بىر نان بولسا تەڭ يەپتۇق،
بىر جام سۇنى تەڭ ئىچكەن،
يۈزۈمگە ئاياغ قويدۇڭ،
سېنى مەن ئۆلتۈرەمەن دەپ،
نىيىتىمنى بۇزۇپ كەلدىم.
شۇنداقتىنا دېگەندە،
— ئۇنداق بولسا ھەۋزىخان،
تىرىكچىلىك جان تىلەي،
بىر قوشۇققۇ قان تىلەي،
قۇرئان قۇچاقلاپ بېرەي،
شۇنداقتىنا دېگەندە،
ھەۋزىخان قوپۇپ تۇردى،
ھەمراخان قوپۇپ قاچتى.
تالىنىڭ چۈلۈۋىسىغا پۇتلاشتى.
ھەۋزىخان بېسىپ بېرىپ،
ئۈستىگە مىنىپ تۇرۇپ،
بوغزىغا پىچاق سۈردى.
پىچاق يۇلۇندىن ئۆتكەندە،
نەپەسنى تامام قىلدى.

ھەۋزىخان ئۆيگە چىقتى،
باھاۋۇدۇنئاخۇن يۈز بېشى،
— جېنىم بالام ھەۋزىخان،
ئەڭنايىڭىز غەرق قان،
قىزىل قانغا بويىلىپتۇ.
چىرايىڭىز سېرىق سامان،
كاككۇك گۈلىدەك بولۇپتۇ.
نېمە بولدى ھەۋزىخان.
شۇنداقتىنا دېگەندە:
— جېنىمغىنا خان دادا،
مەندىن گەپما سورىمىسلا،
مەن تولا قىزىپ كەتتىم،
بىر ئۆيگە سولاپ قويسىلا،
بىر دانە قوغۇن تېپىپ بەرسىلە.
شۇنداقتىنا دېگەندە:
— راستىڭنى دە، ھەۋزىخان،
نېمە بولدى، — دېگەندە:
— ئاچچىغ دېگەن شەيتانكەن،
ئاچچىغ كەينىگە كىرىپ،

www.uyghurkitap.com



ھەمرا ئادىشىمنى ئۆلتۈردۈم،
پۈتمىسىلە كىرىپ چىقسىلا،
تاللىق باغدا قالدى، ــ دەپ،
بۇ سۆزنى بايان قىلدى.

باھاۋۇدۇنئاخۇن يۈز بېشى،
تاللىق باغقا كىرگەندە،
بىر ئېتىز يەرنىڭ ئىچى،
قىزىل قانغا بويىلىپتۇ.
ھەمراخان دېگەن چوكان،
قانغا ئۆيۈشۈپ قاپتۇ.
ياتقىنىنى كۆرۈپ ئەمدى،
پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى،
بىر قولنى چاينىۋېتىپ،
ئۆيىگە يېنىپ چىقتى.
ــقورقماڭ بالام ھەۋزىخان،
سىزگە ئۆلۈم كەلمەيدۇ،
ئەگەر ئۆلۈم كېپ قالسا،
ئەللىك سەر پۇلۇم باردۇر،
شۇنىڭغا تىلەي ھەۋزىخان.
شۇنداقىنا دېگەندە:
ــ جېنىمغىنا خان دادا،
ئۈچ پارچە خەت يازدۇرسىلا،
ئۈچ ئورۇنغا تاپشۇرسىلا،
گۇناھىم ئازراق قالسۇن.
شۇنداقىنا دېگەندە،
ئۈچ پارچە خەت يازدۇردى،
ئۈچ ئورۇنغا تاپشۇردى.

ياموۇلدىن چىقتى ئامبال،
ئاردىن ئۈچ كۈن ئۆتتى،
ھەمراخاننى يەرلىدى،
ھەۋزىخاننى پەللىدى.

شەھەرگە ئەكىرىپ ئەمدى،
زىندانغا سېلىپ قويدى.
بىر كەم قىرىق كۈن بولغاندا،
گۇندىپاينى قىچقىردى:
ــ جېنىمغىنا گۇندىپاي،
بىر تەڭگە پۇلۇم باركەن.
ماۋۇنى ئاچىقىپ بارغىن.
ئوسما، ئۆپپا، ئەڭلىكتىن،
ئېلىپ ئەكىرىپ بەرگىن.
شۇنداقىنا دېگەندە،
گۇندىپاي چىقىپ ئەمدى،
سودىسىنى قىپ بەردى.

ئوسمىنى قويۇپ بولۇپ،
ئەڭلىكنى ئېتىپ بولۇپ،
ئەينەك كۆرۈپ ئولتۇرسا،
ئۆلۈم خېتى كېپ قالدى.

باغىرىقىقا خەت يازدى،
باھاۋۇدۇنئاخۇن يۈز بېشى،
شول سائەت يېتىپ كىردى،
ــ جېنىمغىنا بىڭ دارىن.
ئەللىك سەر پۇلۇم باردۇر،
ئۆلۈم خېتىنى ياندۇرسىلا، ــ
دېگەنىغۇ زامانلاردا.
ــ ئەمدى ئۆلۈم خەت يانمايدۇ
بەش كۈن قولۇڭغا بېرەي،
يۈز كۆرۈشۈپ ئەكىرگىن.
شۇنداقىنا دېگەندە،
ئۆيىگە ئاچىقىپ ئەمدى،
ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئىچىدە،
ئويۇن ـ مەشرەپنى راس قىلدى.
ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئىچىدە،
دۇئا ـ تەلەپنى كۆپ قىلىپ،
ئالتىنچى كۈنى قويۇپ،
شەھەرگە ئاتلىنىپ ماڭدى.
تاناي بېشىغا كىرگەندە،

هەۋزىخان دىگەن چوكان،
ــ جىنىمغىنا خان دادا،
ئاتىنىڭ بىشىنى قايدۇرسىلا،
تۆت ئىغىز گىپىم باردۇر،
بايان قىلاي، ئاڭلىسىلا.
يامۇلغا كىرىپ بولساق،
گەپلەشكىلى قويمايدۇ.
شۇنداققىنا دىگەندە،
ئاتىنىڭ بىشىنى قايدۇردى.
بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇردى:
ــ جىنىمغىنا خان دادا،
ئۆلۈشۈمگە چىدايمەن.
هەمراخانغا چىدىمايمەن،
ئاچچىغ دىگەن شەيتانكەن،
ئاچچىغ كەينگە كىرىپ،
هەمراخاننى ئۆلتۈردۈم.
مىنى ئىتىپ بولغاندا،
نامىزىمنى قىلمىسىلا،
توي ئورنىدا چىقارسىلا،
قارا مەخمەل بۆكۈم بار،
جىنازامغا كىيگۈزسىلە.
قارا چۈمبىلەم باردۇر،
جىنازامغا تارتتۇرسىلا.
ئالتۇن گويىكەم باردۇر،
جىنازامغا ئاستۇرسىلا.
موغىدەك مازار بىشىدا،
يەركەن يولىنىڭ بويىدا،
يول لىۋىدە قويۇپ قويسىلا.
تاش ئورنىمىز بىر بولسۇن،
هەمراخاننى ئاچتۇرسىلا.
ئىچ ئوران بىلەك بولسۇن.
سالاسۇنما بىر بولسۇن،
خادىمىزمۇ بىر بولسۇن.
قىرىق دانە شەددە تىكسىلە،
يىگىرمە دانە شەددە،
هەمرانىڭ ئىتىدا بولسۇن.
يىگىرمە دانە شەددە،
مىنىڭ ئىتىمدا بولسۇن.
شۇنداق دەپ قويۇپ ماڭدى.
يامۇلغا كىرگەن چاغدا،
ۋاڭ دوتەي دىگەن ئەمدى:
ــ جىنىمغىنا هەۋزىخان،
ئۆيدىكى تەتەينى بەرسەم.
سىنى ئەپ قالغىلى بولسا.
شۇنداققىنا دىگەندە،
ــ جىنىمغىنا ۋاڭ دارىن،
ئۇنداق پوقنى يىمىسلە،
هەر كىشىنىڭ ئوتى ئۆزگە،
بىر پاي ئوق ماڭا بەرسىلە،
مەن تولا قىزىپ كەتتىم.
شۇنداققىنا دىگەندە،
يەتتە جاللاتنى قوشتى،
هەۋزىخاننى ئەپ ماڭدى.
يىپ بازىرىغا كەلگەندە،
خالايىققا هەۋزىخان،
مۇنداق گەپنى دەپ ماڭدى:
ــ ئون مىڭ تەلىك ئاچچىغنى،
قاغا جىگدىسىگە ئالماڭلا.
ئۆلۈمگە كىتۇر باشىڭلار.
مەندىن رازى بولۇڭلار.
يا داۋزىسىغا كەلگەندە:
ــ جىنىمغىنا جاللاتلار،
بىر چۆگۈندە سۇ بەرگىن.
تەرەتنى تازا قىلاي،
ئىككى رەكئەت نامازىم بار،
ۋاقتىدا ئادا قىلاي،
ئاندىن ئاتقىن جاللاتلار.
شۇنداققىنا دىگەندە،
چۆگۈندە سۇ ئەكەلدى،
بوي تەرەتنى راس قىلدى.

نامازنى ئادا قىلدى.
ئاتقىلى تەييار بولدى.
— جىنىمغىنا جاللاتلار،
مىنى ئاتساڭ ئۇستاڭ ئات،
نائۇستاڭمۇ ئاتمىغىن،
بىر سەر تەڭگە شاڭلايمەن.
شۇنداقىغىنا دىگەندە،
بىر جاللات قوپۇپ كېلىپ،
بىر پاي ئوق چىقىرىۋەتتى،
يۈرەكنىڭ ئاغزىغا تەگدى،
تىك موللاق ئېتىپ چۈشتى.
ھەمراخانىنىڭ ئاچىلىرى:
— ئەنجان پاختىسى پاختا،
خوتەن پاختىسى پاختا،
يوغان گەپ قىلماڭ ھەۋزىخان،
يا داۋزىسىدا ئاتىدۇ.
ئابدۇللاخۇن ئاق بۇرۇت،
قىيمىغان چوماق يەيدۇ.
يۈسۈپ مىراپنىڭ ئاتلىرى،
تاسقىمىغان بوغۇز يەيدۇ.
شۇنداق دىيىشىپ ياندى.
باھاۋۇدۇنئاخۇن يۈز بېشى،
ھەۋزىخاننى ئەپ چىقتى،
باغىرىقىا چىققاندا،
مۇغىدەك مازار بېشىدا،
يەركەن يولىنىڭ بويىدا،
يوتمىنىڭكى ئاستىدا،
يول بويىدا قويۇپ قويۇپ،
شەددەنى ئېسىپ قويۇپ،
قوشاق قوشۇپ يىغلايدۇ:

خادىڭىزغىمۇ قارىسام،
شايى ياغلىق چىگىكلىك.
مەن بۇندىڭغا قارىسام،
مىنىڭ يۈرىكىم ئېقىپ كەتتى.
ئاھ بالام، ئاھ بالام، ئاھ بالام.

شىخىڭىزغىمۇ قارىسام،
لىپ ـ لىپ، لىپ ـ لىپ قىلادۇر.
مەن بۇندىڭغا قارىسام،
بۇ يۈرىكىم ئېقىپ كەتتى،
ئاھ بالام، ئاھ بالام، ئاھ بالام.

مىھمانخانىڭىزغا كىرسەم،
يىمىگەن نىنىڭىز تۇردۇ.
ئاسقۇدا ئەڭلىكىز تۇردۇ،
مەن بۇندىڭغا قارىسام،
بۇ يۈرەك ئېقىپ كەتتى.
ئاھ بالام، ئاھ بالام، ئاھ بالام.

تاللىق باقىمۇ كىرىپ باقسام،
بەش پۈتىڭىزنىڭ ئىزى بار.
مەن بۇندىڭغا قارىسام،
بۇ يۈرىكىم يىرىلىپ كەتتى.
ئاھ بالام، ئاھ بالام، ئاھ بالام.

بۈگۈن تاڭلا ياز بولۇر،
قالدىغاچ كېلىپ سايرىشۇر،
ھەۋزىخان نەدە دىسە،
ئارىغولغا كەتتى دەرمەنمۇ؟
ئاھ، بالام، ئاھ بالام، ئاھ بالام.

تاڭلا تۆت كۈن ياز بولۇر،
كاككۇك كېلىپ سايرىشۇر،
ھەۋزىخان نەدە دىسە،
شەھەرگە كەتتى دەرمەنمۇ؟
ئاھ بالام، ئاھ بالام، ئاھ بالام.

ئېيتىپ بەرگۈچى قارىقاشتىن: ئابلىمىت قارى
رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇللا مەجنۇن



# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن

## سالىھ نەۋجۇۋان

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇرلەركى، مىسىر شەھىرىگە يېقىن جايدا بىر شەھەر بار ئىكەن. ئۇ شەھەرنىڭ مەردلىك، بايلىق ۋە سېخىلىقتا ئالەمگە مەشھۇر بولغان مۇھەممەت ئالىم ئىسىملىك ساخاۋەتلىك بىر يۇرت ئاقساقىلى بار ئىكەن. ئۇ سېخى كىشىگە ھەزرەتى پەرۋەردىگارىم بىر پەرزەنت ئاتا قىپتۇ. ئۇ پەرزەنت ئەقىللىك ھەم ھوشيار چوڭ بوپتۇ، سېخىلىقتا ئاتىسىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. شەھەر خەلقى ئۇنى سالىھ نەۋجۇۋان ياكى سالىھ بايۋەچچە دەپ ئاتىشىدىكەن. سالىھ نەۋجۇۋان كۈندۈزلىرى شىكار قىلسا، كېچىلىرى ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپ ئۇلاردىن پەند-نەسىھەت ئاڭلايدىكەن، ئىلىم-بىلىم ئۆگىنىدىكەن.

بىر كۈنى سالىھ نەۋجۇۋان شىكار قىلماق ئۈچۈن سەھرا تەرەپكە يول ئاپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ قەددى-قامىتى يادەك ئېگىلگەن بىر مويسىپىت كىشىنىڭ قولىدىكى ھاسىسىنى بېشىغا كۈنلۈكتەك تۇتۇپ، خۇددى ساداقتىن چىققان ئوقتەك تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

سالىھ نەۋجۇۋان «بۇ بوۋايدا بىر سىر بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ بوۋاينىڭ قېشىغا بېرىپ سالام قىپتۇ ۋە:

— ئەي بوۋا، قېرىلىقىڭىزغا باقسام بىر قەدەممۇ ماڭالمايدىغاندەكلا تۇرىسىز. مېڭىشىڭىزغا باقسام ياشلاردىنمۇ تېمەن ماڭىدىكەنسىز. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي:

— بۇ سۆزلىرىڭىز بەرھەق راستتۇر. بۇ كېچە مەن ئاجايىپ بىر چۈش كۆردۈم. تاڭ سەھەرلىكى ئويغانسام قۇلىقىمغا «ئەي پالانى، پۈستانى ۋىلايەتكە بارغىن، چۈشۈڭنىڭ نەتىجىسىنى ئەينەن كۆرەرسەن» دېگەن بىر ئاۋاز يەتتى. بۇنىڭدىن كۆڭلۈم بەكمۇ سۆيۈندى. ئەپسۇس مەن ھازىر قېرىپ ماغدۇرۇمدىن كەتتىم. ياشراق كىشىلەرگە بۇ چۈش بەكمۇ لازىم ئىدى. ئەگەر ئارزۇ قىلغۇچى بىرەر تەلەيلىك يىگىت ئۇچرىسا چۈشۈمنى ئۇنىڭغا سېتىپ بەرسەم دېگەن ئويدا ئالدىراپ كېتىپ بارىمەن. تېز مېڭىشىمنىڭ سەۋەبى شۇدۇر، — دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

سالىھ نەۋجۇۋان بۇ گەپكە قىزىقىپ بوۋاينى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپتۇ ۋە كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

بوۋاي كۆرگەن چۈشىنى بىر - بىر بايان قىلىپ ئاخىرىدا «ئاسماندىن تولۇن ئاي ئۈچ مەرتىۋە يېڭىمدىن كىرىپ ياقامدىن چىقتى. قۇياش نۇرى ھەم ئۈچ مەرتىۋە ياقامدىن كىرىپ يېڭىمدىن چىقتى» دەپ چۈشىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە سالىھ نەۋجۇۋاننىڭ ئۇ شەھەرگە بارسا چۈشىنىڭ نەتىجىسىنى چوقۇم كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بوۋاي سالىھ نەۋجۇۋانغا ئاق يول تىلەپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

سالىھ نەۋجۇۋان ئاللاتائالاغا تەۋەككۇل ئەيلەپ بوۋاينىڭ چۈشىگە ئايان بولغان شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ. يەتتىنچى كۈنى تۈن نىسپى بىلەن ئۇ شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا شەھەر دەرۋازىسى ئاللىقاچان تاقالغانىكەن. سالىھ نەۋجۇۋان تۈنەيدىغان بىرەر ماكان تېپىش مەقسىتىدە شەھەر سېپىلىنى بويلاپ مېڭىپتۇ. بىر چاغدا ئالدىغا سېپىل تېمىغا تۇتاش بىر خارابە ئۇچراپتۇ. ئۇ خارابە ئىچىگە كىرىپ ئېتىنى بىر بۇلۇڭغا باغلاپتۇ - دە، ئۇخلاش ئۈچۈن يېتىپتۇ.

ئەلقىسسە، بىر چاغدا تاشقىرىدىن: «ئەي خارابە ئىچىدە ياتقان يىگىت، ئورنىڭدىن تۇر!» دېگەن بىر ئاۋاز كەپتۇ. سالىھ نەۋجۇۋان ھەيرانۇھەس بولۇپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرسا، يەنە «تېز بول!» دېگەن ئاۋاز كەپتۇ. سالىھ نەۋجۇۋان سەگەكلىشىپ خۇداغا تەۋەككۇل ئەيلەپ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. سالىھ سىرتقا چىقىپ قارىسا ئاتلىق بىر كىشى تۇرغانىكەن. ئۇ كىشى سالىھ نەۋجۇۋانغا بىر ئات، بىر قىلىچ ۋە بىر بوخچا بېرىپ، كىيىملىرىنى دەرھال يەڭگۈشلەپ ئارقىسىدىن مېڭىشنى بۇيرۇپتۇ، سالىھ نەۋجۇۋان ئۇ كىشىنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنداپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. ئالدىدىكى ئاتلىق كىشى دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە باقاۋۇلغا مۇشتەك بىر كاللەك ئالتۇن بەرگەنىكەن، باقاۋۇل دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىپتۇ. بۇ ئىككىيلەن تاكى تاڭ يورۇغىچە ئالدىنى توسقۇچىلارغا ئالتۇن - كۆمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلار بېرىپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. تاڭ سۈزۈلگەندە ھېلىقى ئاتلىق كىشى سالىھ نەۋجۇۋاننى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا تۇرۇپلا قاپتۇ. سالىھ نەۋجۇۋانمۇ ئالدىدا گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر مەلىكىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ.

مەلىكە:

— ئەي ناتونۇش يىگىت، كىمسەن؟ قايسى دىياردىن بولىسەن؟ ئىسمىڭ - شەرىپىڭ نېمە؟ قانداق قىلىپ ماڭا يولۇقۇپ قالدىڭ؟ — دەپتۇ.

سالىھ نەۋجۇۋان:

— ئەي ئاي جامال، مەن پالانى شەھەردىن بولىمەن. ئىسمىم سالىھ نەۋجۇۋاندۇر. بۇ شەھەرگە سودا - تىجارەت بىلەن كەلگەنىدىم. يېرىم كېچىدە كەلگەنلىكىم ئۈچۈن قونالغۇ جاي تاپالماي خارابە تاملىق ئىچىدە تۈننى ئۆتكۈزۈپ، تاڭ ئاتقاندا قونالغۇغا بېرىش نىيىتىدە ئۇنىڭ ئىچىگە كىردىم. بىر بۇلۇڭغا ئېتىمنى باغلاپ، خۇرجۇنۇمنى بېشىمغا قويۇپ ياتتىم، ئۇيقۇم ئەسلا كەلمىدى. بىر مەھەلدە تاشقىرىدىن «ئەي ياتقان كىشى

بۇياقتا چىققىن!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.
سىرتقا چىقسام ئاتلىق بىر كىشى تۇرۇپتۇ.
ئۇ كىشى بەرگەن توننى كىيىپ، قىلىچنى
ئېسىپ، ئېتىنى مىنىپ ئارقىسىدىن مې-
ڭىپ بۇ يەرگە كەلدىم. كۆردۇڭكى سىز
ئىكەنسىز. ئۆزۈمنىڭ ئېتى بىلەن خۇرجۇ-
نۇم ئۇ خارابە تامىلىقتا قالدى. بۇ ئىش-
لارغا مەنمۇ ھەيرانمەن. بەختىم كەلدىمۇ
ياكى مېنى بۇ يەرگە پالاكەت ۋە ھالاكەت
ئېلىپ كەلدىمۇ بىلمەيمەن،— دەپ دۇئا
ۋە ساناغا قول كۆتۈرۈپتۇ.

مەلىكە بىر ھازاغىچە خىيال ئىلىك-
دە، پىكىر دېڭىزىدا ئۈزۈپ ھەيرانۇ ھەس
بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئاخىر ئۆزى ھەق-
قىدە ئاغزىدىن سۆز مەرۋايىتلىرىنى چې-
چىپتۇ:

— ئەي سالىھ نەۋجۇۋان، مەن مۇ-
شۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ يېگانە قىزى-
مەن. ئىسمىم پەرەڭگىز بانۇدۇر. مەن
تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن شاھ ئاتام ۋەزىرى
بىلەن «ئەگەر ئاللاتائالا ھەر ئىككىمىزگە
پەرزەنت ئاتا قىلىپ، بىرى قىز، يەنە
بىرى ئوغۇل بولسا جۈپ بولغاي؛ ئەگەر
ھەر ئىككىسى قىز بولسا ئاچا-سىڭىل
بولغاي ۋە ئەگەر ھەر ئىككىلىسى ئوغۇل
بولسا ئاكا-ئىنى بولغاي» دەپ ئەھدى
پەيمان تۈزۈشۈپتۇ. ئاللاتائالا ئىگەم
ۋەزىرگە ئوغۇل، شاھ ئاتامغا مېنى نېسىپ
قىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىلەن ئىككىمىز
تاكى سەككىز ياشقا كىرگۈچە بىرگە تەربى-
يىلەندۇق. كېيىن شاھ ئاتام مېنى ئۇ-
نىڭدىن ئايرىپ، باشقا جايدا تەربىيىلەش-
كە ئەمر قىلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىر-
غىچە سەككىز-توققۇز يىل بولدى. بىر-
بىرىمىز بىلەن كۆرۈشمىدۇق. شاھ ئاتامنىڭ
خىيالى مېنى ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا بەرمەس-
لىك ئىدى.

بىر كۈنى ۋەزىر زادىدىن بىر پارچە
مەخپىي خەت تاپشۇرۇۋالدىم. خەتتە «ئەي
سەرۋى قامەتلىك گۈزەل ياردىم، راھەتى
جانىم، ئۇزاق يىللاردىن بېرى سېنىڭ
پىراقىڭ ئوتىدا كۆيۈۋۇرمەن. ئىشقىڭ دەريا-
سىدا غەرقىدۇرمەن. پادىشاھى ئالەم ئەھ-
دى كېلىشىمنى بىكار قىلدى ... » دەپ
كۆڭۈل ئازارى، ئاجىزلىقىنى ئېيتىپ ئۆ-
زىگە رەھىم-شەپقەت قىلىشنى تىلەپتۇ.
مەن ھەم ئۇنىڭغا خەت ئەۋەتتىم. مەزمۇنى
«ئەي ۋەزىرزادە، يازغانلىرىڭىزنىڭ ھەم-
مىسى راست. بۇ شەھەردە ئىككىمىزنىڭ
بىر جايدا بولۇشىمىز مۇشكۇلدۇر. شۇڭا
پالانى كۈنى كېچىدە، شەھەرنىڭ سىرتى-
دىكى سېپىلغا تۇتاش خارابىلىككە بېرىپ
مېنى كۈتۈڭ. ئىككىمىز بۇ شەھەردىن
باشقا بىر ماكانغا كېتەيلى...» دېگەنلەر-
دىن ئىبارەت ئىدى. مەن سىزنى ئاشۇ
ۋەزىرزادە دەپ بىلىپ بۇ يەرگە ئېلىپ
كەپتىمەن. ئۆزۈممۇ بۇ ئىشقا بەك ھەي-
رانمەن،— دەپتۇ.

سالىھ نەۋجۇۋان مەلىكىنىڭ سۆزلىرى-
نى ئاڭلاپ ھەيران بوپتۇ ۋە:

— ئەي گۈزەللەر گۈلىستانىنىڭ
رەيھان گۈلى، ئاشىقلار ۋۇجۇدىنىڭ جېنى،
ئۇل ۋەزىرزادە بىلەن تەقدىرنىڭ قوشۇل-
ماق خاھىشى بولسا ئىدى، پادىشاھى ئا-
لەم ئەھدىنى بۇزمىغان بولاتتى. ۋەزىرزادە
سۆزىدە تۇرمايدىغان تۇترۇقسىز ئىكەن.
ئۇنىڭ تەبىئىتى شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاتىڭىز
ئۇنى سىزگە مۇناسىپ كۆرمىگەنىكەن. ۋە-
زىرزادە ئىرادىسىزلەردىن بولمىسا كېلىڭ
دېگەن پەيتتە ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ كېلەر

www.uyghurkitap.com



ئىمدى. ھەزرىتى خۇداۋەندە كېرىم مېنى ئۆز ھېكمىتى بىلەن سىزگە يەتكۈزگەن بولسا ئەجەب ئەمەس. ئەمدى تەقدىرنىڭ قىسمىتىگە تەن بەرمەك لازىمدۇر. ئەگەر ئۇ سىز ئۈچۈن ۋەزىرزادە بولسا، پېقىرنى مۇناسىپ كۆرسىڭىز خىزمەتكارىڭىز بولۇشقا تەييارمەن. ئەگەر ۋىسالىڭىزنىڭ دۆلىتىگە سازاۋەر قىلىپ ئۆزىڭىزگە لايىق كۆرسىڭىزمۇ ئىختىيار، — دەپتۇ.

سالىھ نەۋجۇۋاننىڭ شېرىن سۆزلىرى مەلىكىگە تەسىر قىپتۇ. مەلىكە:

— ئەي سالىھ نەۋجۇۋان، قازا ۋە تەقدىرنىڭ ھۆكمىگە رازىدۇرمەن. ئەمدى بېشىمغا كەلگەننى كۆرمەي چارە يوق. بۇ يولدىن ئۆزگە يولغا ئەسلا قەدەم قويماسمەن، — دەپتۇ.

سالىھ نەۋجۇۋان «بۇ بوۋاي ماڭا ئېيتىپ بەرگەن چۈشنىڭ بىرىنىڭ ئەمەلىي تەبىرى بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ ۋە مەلىكىنى باشلاپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار ئۇزاق مەزگىللەر يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ بىر چوڭ ئەزىم دەرياغا دۇچ كەپتۇ. ئۇلار دەريادىن ئۆتمەك بولۇپ ئاتلىرىنى سۇغا ساپتۇ. بۇ دەريانىڭ سۈيى شۇنداق پاكىز ھەم سۈزۈك ئىكەنكى، ئات ئۈستىدە تۇرۇپ بېلىقلارنىڭ ھەرخىل ھەركەتلىرىنى تاماشا قىلغىلى بولىدىكەن. سۇ ئاستىدىكى ئاق، قارا، يېشىل ۋە ئوتقاشتەك لەئلى تاشلار قۇياش نۇرىدا يالتىراپ، جۇلالىنىپ نۇر چېچىپ كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىكەن.

مەلىكە سالىھ نەۋجۇۋانغا قىزىل لەئلى تاشلاردىن بىر ئاز ئېلىۋېلىشنى بۇيرۇپتۇ. سالىھ بىر پۇتى بىلەن ئۈزەڭگىنى چىڭ دەسسەپ تۇرۇپ ئىككى پارە لەئلى تاشنى دەريادىن سۈزۈپ ئاپتۇ. ئۇلار يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە بىر مەزگىل ماڭغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر شەھەر كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار بىر كارۋان سارايغا چۈشۈپ ئورۇنلىشىپتۇ. مەلىكە سالىھ نەۋجۇۋانغا:

— سىز شەھەرگە كىرىپ بىزگە مۇۋاپىق كەلگۈدەك بىر ھويلا ئارام سېتىۋېلىڭ. ئىمارەتلىرى ئالىي، باغ ۋە سۈيى ئۆز ئىچىدە بولسۇن، — دەپتۇ.

سالىھ نەۋجۇۋان شەھەرگە كىرىپ ئاۋۋال ئىشەنچلىكرەك بىر سودا كېلىشتۈرگۈچى ئىزدەپتۇ. ئۇ شەھەر بويىچە ئىشەنچلىك دەپ قارالغان ئۆي - ئىمارەت بېدىكى ئەمىن ۋىلايەت دېگەن كىشىنى تېپىپ، سوۋغا - سالاملار بېرىپتۇ. مەقسەت-مۇددىئاسىنى ئۇنىڭغا بىر - بىر بايان قىپتۇ. ئەمىن ۋىلايەت سالىھ نەۋجۇۋان تەلەپ قىلغاندىنمۇ كاتتا، ھاۋالىق بىر ھويلا ئارامنى خەت - چەك توختام قىلىپ ئېلىپ بېرىپتۇ. سالىھ نەۋجۇۋان سېتىۋالغان ھويلىسىغا مەلىكىنى ئېلىپ كەپتۇ.

ئەتىسى سالىھ نەۋجۇۋان بازارغا بېرىپ ئۆيگە كېرەكلىك سەرەمجانلارنى ھەممە كېنىزەك ۋە ئەر - ئايال خىزمەتكارلارنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلارنى ئۆز خىلى، جۈپتى بىلەن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

ئەلقىسسە، سالىھ نەۋجۇۋان پۈتۈن شەھەر خەلقى، موللا ئەلەم، قازى - مۇپتىلارنى چاقىرىپ، چوڭ توي - مەرىكە ئۆتكۈزۈپتۇ. ھەر قايسىلىرىغا ئۆز لايىقىدا ئاش - چاي تارتىپتۇ. ئۇلارغا لىباسلارنى تارتۇق قىلىپ، مەلىكىنى ئەھدى نىكاھ قىلىپ ئاپتۇ.

بىر كۈنى مەلىكە سالىھ نەۋجۇۋانغا:

— ئەي مېھرىبانىم، سىز ھازىر پادىشاھنىڭ قەسرىدىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈڭ. مۇنۇ ئىككى پارە لەئلى ياقۇتنى ئۇنىڭغا تارتۇق قىلىڭ، — دەپتۇ.

سالىھ نەۋجۇۋان ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئۇ ئەمىن ۋىلايەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، مەقسىتىنى ئۇنىڭغا ئىزھار قىپتۇ. ئەمىن ۋىلايەت ۋەزىر ئارقىلىق سالىھ نەۋجۇۋاننى پادىشاھقا ئۇچراشتۇرۇپتۇ. سالىھ نەۋجۇۋان شاھنىڭ قوبۇلخانىسىدا ئىككى پارچە لەئلى ياقۇتنى شاھقا سوۋغا قىپتۇ. بۇنىڭدىن شاھ كۆپ خۇرسەن بولۇپ، سالىھ نەۋجۇۋانغا سەرۇپايىلار ئىنئام قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ شاھ ئوردىسى بىلەن بولغان ئۇلپەتچىلىكى باشلىنىپتۇ.

بىر كۈنى مەلىكە سالىھ نەۋجۇۋانغا يۈز - كۆزىنى سۈرتۈش ئۈچۈن بىر دانە رومال بېرىپتۇ. سالىھ ئۇ رومالنى بېلىگە باغلاپ شاھ ھۇزۇرىغا بارغىنىدا، شاھنىڭ كۆزى رومالغا چۈشۈپتۇ. شاھ:

— ئەي سالىھ، رومالىڭنى ماڭا بەرگىن، — دەپتۇ.

سالىھ رومالنى بېلىدىن ئېلىپ، شاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. شاھ رومالنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ:

— ئەييۇھانناس. جاھاندا مۇنداغ نەپىس، چىرايلىق رومالدىن يەنە بىرى ئەسلا بولماس، — دەپ تەرىپلەپتۇ. ۋەزىر - ۋۇزرالارمۇ رومالنى قولدىن - قولغا ئېلىپ كۆرۈپ، رومالنىڭ نەپىس توقۇلغانلىقىغا ئاپىرىنلار ئوقۇشۇپتۇ. شاھ رومالنى ھەرەم سارايغا ئەكىرىپ خانىشى، مەلىكە ۋە ھەممە گۈزەللىرىگە كۆرسىتىپتۇ ۋە:

— سىلەرمۇ ماڭا مۇشۇنىڭغا ئوخشىتىپ بىر رومال توقۇپ بېرىڭلار! — دەپتۇ.

مەلىكە، كېنىزەكلەر بىر - بىرلەپ رومالنى كۆرۈپ چىقىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ رومال-



www.uyghurkitap.com

نى توقۇش ئادەمزاتنىڭ قولىدىن ئەسلا كەلمەس، پەقەت پەرىزاتلارنىڭلا قولىدىن كېلىشى مۇمكىن، — دەپتۇ.

شاھ مەھرەملىرىنىڭ يېنىدىن چىقىپ سالىھ نەۋجۇۋاندىن:

— بۇ رومالنى كىم توقۇغان؟— دەپتۇ.

سالىھ رومالنى ئۆز ئايالىنىڭ توقۇغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شاھ ئەجەبلەنگەن ھالدا ۋەزىرلىرىگە چىراي ۋە كۆز ئىشارىسى ئارقىلىق بۇ رومالنى توقۇغان مەلىكە قانداق بىر پەرىدۇ؟ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپتۇ. شاھنىڭ كۆڭلىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ يەتكەن ۋەزىر دەرھال ئىككى ئايالنى ئەھۋالنى بىلىپ كېلىشكە سالىھ نەۋجۇۋاننىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ. ئايغاقچى ئىككى ئايال مەلىكە پەرەڭگىز بانۇنى بىر كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ ھۆسۈن - جامالىدا تەڭداشسىز ئىكەنلىكىگە ھەيران بولۇشۇپ تىللىرىنى چىشلىشىپتۇ.

ئۇلار ئوردىغا قايتىپ كېلىپ مەلىكە پەرەڭگىز بانۇنى شۇنداق تەرىپلەپتۇكى، پادىشاھ مەلىكىگە غايىبانە مەجنۇن كەبى ئاشىقى بىقارار بولۇپ، تۇرارغا ھېچ ماجالى قالماپتۇ. ۋەزىر - ۋۇزرالار:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، خاتىرجەم بولۇڭ. بىز بۇنىڭ بىر ئامالىنى قىلۇرمىز، — دەپ شاھقا تەسەللى بېرىشىپتۇ.

ئەتىسى سالىھ نەۋجۇۋان يەنە سالامغا كەپتۇ. ۋەزىر:

— ئەي سالىھ، ئول لەئلى ياقۇتتىن شاھقا يەنە بىر جۈپ لازىم بولۇپ قالدى. بۇ ۋەزىپىنى بىجا كەلتۈرگەيسىز، — دەپ ئۇنىڭغا سەرۇپايىلار ئىنئام قىلىپ يولغا سېپتۇ.

سالىھ نەۋجۇۋان مەلىكە پەرەڭگىز بانۇنىڭ يېنىغا پەرىشان ھالدا كىرىپ كەپتۇ.

مەلىكە:

— ئەي غەمگۇزارىم، مېھرىبانىم، پەرىشان كۆرۈنىسىز. بېشىڭىزغا نېمە كۈن چۈشتى؟ — دەپتۇ.

سالىھ شاھنىڭ يەنە بىر جۈپ لەئلى ياقۇت تەلەپ قىلغانلىقىنى مەلىكىگە ئېيتىپتۇ.

مەلىكە:

— سۆيۈملۈكۈم، غەم قىلماڭ. بۇنىڭمۇ ئامالى باردۇر. سىز ئۆتكەن نۆۋەت لەئلى ياقۇتنى سۇزۇۋالغان ئاشۇ دەريانىڭ بويىغا بېرىڭ - دە، دەريانىڭ سۇ كېلىش تەرىپىگە ياقىلاپ مېڭىڭ، دەريانىڭ قېشىدىن ئۇ قاتتىقى تاغقا ئۆتىدىغان بىر تاختا كۆۋرۈك بار. ئۇنىڭدىن پەقەت بىرلا كىشى ئۆتكىلى بولىدۇ. سىز كۆۋرۈكتىن قورقماي ئۆتسىڭىز ھەيۋەتلىك بىر قەسىرگە يېتىپ بارىسىز. قەسىر ئىچىدە بىر گۇمبەز بار. ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسىڭىز سەلتەنەتلىك بىر تەخت ئۈستىدە گۈزەل بىر مەلىكىنىڭ قاتمۇقات زەرباب يىپەك پەردىلەرگە پۈركىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرىسىز. مەلىكىنىڭ باش تەرىپىدە بىر لەۋھە ئېسىقلىق بولۇپ، ئۇنى ئېلىۋەتسىڭىز مەلىكە ئويغىنىدۇ. شۇ چاغدا كېرەكلىك لەئلى ياقۇتلارنى مەلىكىدىن تەلەپ قىلسىڭىز تەلىپىڭىز ئورۇندىلىدۇ، — دەپ سالىھ نەۋجۇۋانغا ئاق يول تىلەپتۇ.

سالىھ نەۋجۇۋان خۇدايىتائالانى ياد ئەيلەپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئەلقىسسە، سالىھ دەريا بويىغا بېرىپ دەريانىڭ سۇ كېلىش تەرىپىنى ياقىلاپ

مېڭىپتۇ. ئۇ بىر نەچچە كـۈن يول يـۈر-
گەندىن كېيىن دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
تاغقا ئۆتىدىغان تار ئاسما تاختا كۆۋرۈككە
يېتىپ كەپتۇ. سالىھ ئاسما تاخـتا كـۆۋ-
رۈكتىن ئۆتۈپ، قەسىر ئىچىدىكى گۈمبەز-
نىڭ ئىچىگە كىرسە دېگەندەك ھەيۋەتلىك
تەخت ئۈستىدە بىر ساھىبجامال قاتـمۇ قات
يىپەك رەختلەرگە پۈركىنىپ ناز ئۇيقـۇدا
ياتقانىكەن. سالىھ مەلىكە پەرەڭگىز بانۇ-
نىڭ دېگىنى بويىچە ساھىبجامالنىـڭ بې-
شىدىن لەۋھەنى ئېلىۋېتىشى ھامان تەخت
ئۈستىدە بىھوش ياتقان مەلىكـە ناز ئۇي-
قۇدىن تولغىنىپ ئەسنـەپ ئويـغىنىپتـۇ.
سالىھ نەۋجۇۋان ساھىبجامالغا ئەدەب بىـ-
لەن سالام قىپتۇ.

ساھىبجامال:

— ئـەي يىگىت، كىـم بـولۇرسىز؟
بۇ يەرگە نېمە سەۋەبتىن كەلدىڭـىز؟ —
دەپتۇ.

سالىھ نەۋجۇۋان كېلىشتىكى مەقسەت-
مـۇددىئـاسىنى بايان قىپتۇ. مەلىكە سالىھ
نەۋجۇۋانغا دەريادىن لەئلى ياقۇتنى خالـ-
غانچە سۈزۈۋېلىشقا رۇخسەت قىپتۇ.

سالىـھ نەۋجۇۋان دەرياغا شـۇڭغـۇپ
لەئلى ياقۇتلاردىن خىللاپ بىر خۇرجۇنـغا
لىق قاچىلاپ مەلىكىنىڭ ھۇزۇرىغا كەپتۇ.
مەلىكە لەئلى ياقۇتنىـڭ پـەيدا بـولۇش
جەريانىنى سالىھ نەۋجۇۋانغا ئېيتىپ بېرىپتۇ:

—مەن ئەسلىدە پەرىلەر شاھىنىـڭ
يالغۇز كۆز نۇرى ئىـدىم. ئىسمىم لەئـلى
بانۇدۇر. مېنىڭ دىمىغىمدىن دائىم دېگۈ-
دەك بۇ دەرياغا تامچا - تامچا قانلار تامىدۇ.
خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇ تامچا
قانلار لەئلى ياقۇتقا ئايلىنىدۇ، مېنى ئون
ياش ۋاقتىمـدا سىمـانە جادىگـەر ئېلىـپ
قېچىپ، مۇشۇ يەرگە سېھرى جادۇ بىلەن
بەنت قىلـىپ قـويغان. ئـاتام شاھ پـەرى
نەچچە مەرتىۋە قوشۇنلىرىنى باشلاپ كې-
لىپ مېنى قۇتۇلـدۇرۇش ئۈچۈن سىمـانە
جادىگەر بىلەن قانلىق جەڭلەرنى قىلغان.
لېكىن سىمانە جادىگەرنىڭ سېھـرى جادۇ-
سىنى يېڭەلمەي قايتىپ كـەتكـەن. ئـەي
يىگىت، پېشانەڭدىن مەردلىـك، غالىبلىـق
نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ. مېنى بۇ جادىگەر-
نىڭ نەزەربەنتىدىن قۇتۇلدۇرساڭ بۇ ياخشى-
لىقىڭنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمىغان بولاتتىم،—
دەپتۇ.

سالـىھ نەۋجۇۋان جادىگەرنىڭ زۇلـ-
مىدىن مەلىكىنى چوقۇم قۇتۇلدۇرىغانلىقىنى
بىلدۈرۈپتۇ.

مەلىكە:

— ئەي سالىھ، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە
بىر پىنھان جاڭگاللىق بار. بۇ كېچىنى ئۇ
خالى ماكاندا ئۆتكۈزۈپ، ئەتە مۇشۇ ۋاقىتـ-
تا بۇ يەرگە كەلگىن. ئىلاھىم ئىشىمىز ئوڭغا
تارتىپ بىرەر ياخشىـلىق ۋۇجۇدقا چىقىپ
قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ.

سالىھ لەۋھەنى ئېلىپ كىرىپ مەلىكىنىڭ
باش ئۈستىـگە ئېسىـشىغا مەلىكە بىھوش
بوپتۇ. سالىھ پىنھان جاڭگاللىقـتا كېچىنى
ئۆتكۈزۈشكە كېتىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي سىمانە جادىگەر كې-
لىپ لەۋھەنى مەلىكـىنىڭ باش ئۈستىدىن
ئاپتۇ. مەلىكە دەرھال ھوشىغا كەپتۇ. جا-
دىگەر مەلىكىنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ:

— ئەي كۆزۈمـنىـڭ نـۇرى، ئىـشق
پىراقىڭ ئوتىدا كۆيۈرمەن، ھىجران دەر-
ياسىدا ۋەيرانمەن. لېكىن ۋىسالىڭدىن ئەسـ-
لاماڭا مېھرىبانلىق بولمىدى، — دەپ مەلىكـ-
گە يېلىنىشقا باشلاپتۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇ قېتىم مەلىكە مىڭبىر ناز ـ كە-
رەشمە بىلەن:
— ئەي نىجاتكارىم سىمانە جادىگەر.
شۇ تاپتا كۈچلۈك ساپ مەي بولسا ئىدى
مۇراد هاسىل بولۇشتىن ئىلگىرى ئىچىپ
خۇش كەيپكە تولساق نېمىدېگەن ياخشى
بولاتتى، — دەپتۇ.
سىمانە جادىگەر مەلىكىنىڭ بۇ خىل
يۇمشاق مۇئامىلىسىدىن چەكسىز شادلىنىپ
دەرهاللا نەچچە شىشە مەي هازىر قىپتۇ.
مەلىكە مەي تولدۇرۇلغان جامىنى قولىغا
ئېلىپ ناز ـ كەرەشمە بىلەن:
— بۇ مەھبۇبىڭىزنىڭ سىزگە تۇت-
قان كۆڭۈل شارابىدۇر. قېنى ئىچكەي-
سىز، — دەپتۇ.
جادىگەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئاچكۆزلۈك
بىلەن مەينى ئىچىۋېرىپ ئەقلىدىن ئېزىپ،
ئۆزىنى باشقۇرالمايدىغان هالغا كەپتۇ.
مەلىكە جادىگەرنىڭ بويىنىغا قوللىرىنى
گىرە سېلىپ:
— ئەي غەمگۇزارىم، ئاڭلىسام جادى-
گەرلەرنىڭ ماكانى باشقا جايدا ئىمىش. بۇ
سۆز راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
سىمانە جادىگەر:
— ئاڭلىغانلىرىڭىز راستتۇر. شۇڭا بىز
جادىگەرلەرنى ئىنسى ـ جىننىڭ يېڭىشى
مۇمكىن ئەمەس، — دەپتۇ.
— ئۇنداقتا سىزنىڭ جېنىڭىز قەيەر-
دە ساقلىنىدۇ، — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.
سىمانە جادىگەر بۇ گەپنى ئاڭلاش
بىلەن غەزەپلەنگەنلىكىدىن تىترەپ كېتىپ-
تۇ. جادىگەرنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆر-
گەن مەلىكە دەرهاللا:
— ئەي جادىگەرلەر باشلىقى، شۇنچى-
لىك سۆزگىمۇ غەزەپلىنىپ كېتەمسىز. پات
ئارىدا ۋىسالىڭىزغا يېتەرسىز. شۇنى بى-
لىشىڭىز كېرەككى، بۇ يەردە سىز بىلەن
مەندىن باشقا هېچكىشى يوقتۇر، — دەپتۇ.
سىمانە جادىگەر مەلىكىنىڭ ۋىسالىغا
يېتىدىغان مۇنداق ياخشى پۇرسەتنىڭ ئا-
سان قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ:
— مەلىكەم، پەرىشان بولماڭ! مۇرا-
دىمنى هاسىل قىلىدىغانلا بولسىڭىز سىز-
دىن هېچقانداق سىرنى يوشۇرمايمەن، —
دەپ سۆز باشلاپتۇ:
— دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر جىم-
جىت جاڭگاللىق بار. ئۇ ئورمانزارنىڭ
ئوتتۇرىسىدا ناهايىتى زور بىر قېرى دە-
رەخ بار. هەر كۈنى مۇشۇ مەزگىلدە بىر
قاغا ئۇچۇپ كېلىپ ئۇ دەرەخنىڭ ئەڭ
ئېگىز شېخىغا قونىدۇ ـ دە، ئارقا ـ ئارقىدىن
بىرقانچە قېتىم: سىمانە جادى، سىمانە جا-
دى! ... دەپ توۋلايدۇ. مېنىڭ جېنىم ئۇنىڭ
بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر مېنى
يوقاتماقچى بولغان بىرەر دۈشمىنىم دەل
شۇ پەيتتە ئوق ـ يايىمنى ئېلىپ قاغا ئۈچ
مەرتىۋە ئىسمىمنى توۋلاپ تۆتىنچى مەر-
تىۋە توۋلاشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئېتىپ
چۈشۈرۈپ، قاغا يىقىلغان ئورۇننى كولىسا
ئاچقۇچى قۇلۇپى بىلەن بىرگە ساپ پو-
لاتتىن ياسالغان بىر ساندۇق چىقىدۇ.
ساندۇقنىڭ ئىچىدە بىر پارچە تەۋەررۈك
تۇمار بار. ئۇ هەزرەتى سۇلايمان ئەلەي-
هىسسالامدىن قالغان يادنامىدۇر. ئۇ تە-
ۋەررۈك تۇمارنى ئېلىپ دەريانى ياقىلاپ
يۇقىرىسىغا ماڭسا بىر هەيۋەت قاينامغا دۈچ
كېلىدۇ. تۇمارنى ئۇ قاينامغا ئۇدۇلمۇ
ئۇدۇل قىلىپ توغرىلىسا قاينام يوقىلىپ،
قاينامنىڭ ئورنىدا بىر هەيۋەتلىك دەر-
ۋازا پەيدا بولىدۇ ۋە تۇمارنىڭ خاسىيى-

تىدىن دەرۋازا ئېچىلىدۇ. چىراغ يېقىپ قىرىق پەلەمپەي ئارقىلىق ئۇ دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرسە بىر تاش گۈمبەز كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر تۆمۈر قەپەز ئېسىقلىق بولۇپ، قەپەز ئىچىدە بىر دانە پاختەك باردۇر. مېنىڭ جېنىم دەل ئاشۇ پاختەكتە. كىمكى ئاشۇ پاختەكنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلىيالىسا مەن شۇ ھامان ئۆلۈرمەن. مۇبادا پاختەكنى قولغا چۈشۈرەلمىسە رەقىبىم ئۆلۈر. شۇ سەۋەبتىن بىزلەرنى ھېچكىم ئەسىر قىلالماس. ئەسىر ئالغان تەقدىردىمۇ جېنىمىزغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمەس، — دەپتۇ.

مەلىكە جادىگەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ نازلىنىپ:

— ئەي سىمانە، يالغۇزلۇقتا كۈنلىرىم تولىمۇ زېرىكىش بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ. ئاڭلىسام قەھ-قەھ ئىسىملىك بىر گۈل بار ئىمىش. ئەگەر شۇ گۈلنى ئەكىلىپ بەرسىڭىز ھەرقانداق پەرمان ۋە تەلەپلىرىڭىز بولسا ماقۇل كۆرەر ئىدىم، — دەپتۇ.

سىمانە جادىگەر:

— ئۇل گۈلى قەھ-قەھ جاڭگىلى مازەندىراندادۇر. جادىگەرلەرگە بىر ئايلىق، باشقىلارغا ئالتە ئايلىق يولدۇر. خەير، ئاخىرقى تەلىپىڭىزنى ئورۇندای، — دەپ لەۋھەنى مەلىكىنىڭ باش ئۈستىگە ئاسقانىكەن، مەلىكە دەرھاللا ھوشسىزلىنىپتۇ. سىمانە ئوق ۋە ياسىنى مەلىكە يېنىدا قويۇپ جاڭگىلى مازەندىرانغا راۋان بوپتۇ.

ئەتىسى سالىھ نەۋجۇۋان دېگەن قاراردا كېلىپتۇ، مەلىكىنىڭ باش ئۈستىدىن لەۋھەنى ئاپتۇ. مەلىكە ھوشىغا كەپتۇ. مەلىكە سالىھ نەۋجۇۋانغا سىمانە جادىگەر بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللارنى بىر-بىر بايان قىلىپ، سالىھ نەۋجۇۋانغا ئاق يول تىلەپتۇ. سالىھ لەۋھەنى مەلىكىنىڭ باش ئۈستىگە ئېسىپ، جادىگەرنىڭ ئوق-ياسىنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

سالىھ دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى جىمجىت پىنھان ئورمانلىق ئىچىدىكى قېرى دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىشى بىلەن بىر قاغا ئۇچۇپ كېلىپ دەرەخنىڭ شېخىغا قونۇپتۇ-دە، ياسىمانە جادى! ياسىمانە جادى! دەپ ئۈچ قېتىم توۋلاپتۇ. تۆتىنچى قېتىم توۋلىغۇچە سالىھ نەۋجۇۋان جادىگەرنىڭ ئوق-ياسىنى قاغىنىڭ مېڭىسىگە چەنلەپ ئېتىپتۇ. قاغا چىرقىرىغان پېتى يەرگە تىك موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ. سالىھ قاغا يىقىلغان يەرنى كولىغانىكەن، دېگەندەك ئاچقۇچى قۇلۇپى بىلەن بىللە بىر پولات ساندۇق چىقىپتۇ. سالىھ ساندۇق ئىچىدىن تۇمارنى ئېلىپ دەريانىڭ سۇ كېلىش تەرىپىنى ياقىلاپ ماڭغاندىن كېيىن بىر ھەيۋەتلىك قايىنامغا دۇچ كەپتۇ. سالىھ تۇمارنى قايىنامغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل توغرىلىغانىكەن، قايىنام يوقاپ، ئورنىغا بىر ھەيۋەتلىك دەرۋازا پەيدا بوپتۇ. تۇمارنىڭ خاسىيىتى بىلەن دەرۋازا ئېچىلىپتۇ. سالىھ چىراغ يېقىپ قىرىق پەلەمپەي ئارقىلىق قەسىرگە كىرسە، بىر گۈمبەزنىڭ ئۈستىدە بىر تۆمۈر قەپەز ئېسىقلىق تۇرغانىكەن. سالىھ قەپەزنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى پاختەكنى پەم بىلەن تۇتۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. شۇ زامان يەتتە قات ئاسمانۇ زېمىن بۇزۇلۇپ ھەر تەرەپتىن: ھەي دەرىخ! ئاھ دەرىخا! دېگەن ئاۋازلار ئالەمنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قاپلاپتۇ. شۇ مەھەلدە قەسىر ئىچىگە سىمانە جادىگەر يېتىپ كېلىپ: «ھەي دەرىخ! يەتتە يۈز يىللىق سېھرۇ ھۈنەرلىرىم، ھاياتىم بەربات بولدى» دەپ ۋارقىرىغان پېتى يەرگە دۈم چۈشۈپ جان تەسلىم قىپتۇ. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن جاھان يەنە ئۆز ئەكسىگە كەپتۇ.



سالىھە سىمانە جادىگەرنىڭ تېنىنى يەرنى چوڭقۇر كولاپ كۆمۈپتۇ ۋە مەلىكە لەئلى بانۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بېشىدىن لەۋھەنى ئاپتۇ. مەلىكە ھوشىغا كەپتۇ. سالىھە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى مەلىكىگە بىر-بىر بايان قىپتۇ. مەلىكە خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سالىھە نەۋجۇۋاننىڭ پۇت-قوللىرىغا سۆيۈپتۇ ۋە:

— ئەي سالىھە، ئەمدى غەمدىن قۇتۇلدۇق. مۇرادىم مەڭگۈ سەن بىلەن بىرگەدۇر، — دەپ كۆڭلىنى ئىزھار قىپتۇ.

مەلىكە ئوت يېقىپ بېشىدىن ئىككى تال چېچىنى ئېلىپ ئوتقا سالغانىكەن، شۇزامانلا دىۋە-پەرى لەشكەرلىرى سەپ-سەپ بولۇپ قەسىر ئالدىدىكى مەيدانغا ھازىر بوپتۇ. مەلىكىنىڭ ئاتىسى شاھ پەرى ۋە ئانىسى ماھ پەرىلەرمۇ بارلىق ئۇرۇق-تۇغقان يېقىنلىرى بىلەن قەسىرگە كىرىپ كەپتۇ.

مەلىكە سالىھە نەۋجۇۋاننىڭ ئۆزىنى سىمانە جادىگەرنىڭ سېھرۇ جادۇسىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا كەچۈرگەن كەچمىش-كەچۈرمىشلىرىنى ئاتىسى شاھ پەرى ۋە ئانىسى ماھ پەرىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. بارلىق دىۋە-پەرىلەر بۇنى ئاڭلاپ سالىھە نەۋجۇۋانغا چەكسىز ئاپىرىنلار ئوقۇشۇپ، تەنتەنە قىلىشىپتۇ. دىۋە-پەرىلەر سىمانە

جادىگەردىن قالغان خەزىنە، مال ـ مۈلۈك ـ
لەرنى تالان ـ تاراج قىلىپ، سالىھە نەۋجۇ ـ
ۋان بىلەن مەلىكە پەرەڭگىز بانۇنى تەخ ـ
تىراۋانغا سېلىپ، مەلىكە لەئلى بانۇنىڭ
خىزمىتىگە يەتكۈزۈپتۇ.

ئەلقىسسە، لەئلى بانۇ بىلەن پەرەڭ ـ
گىز بانـۇ بىر ـ بىرلىرىنى كۆرۈش بىلەن
مەھكەم قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈپ كېتىپتۇ.
بۇنى كۆرگەن سالىھە:

ـــ ئەي مەلىكە بانۇلار، سىلەر قا ـ
چاندىن بېرى تونۇش ئىدىڭلار؟ ـــ دەپ
سوراپتۇ.

پەرەڭگىز بانۇ بۇمۇ بىر جەرياندۇر، ـــ
دەپ سۆز باشلاپتۇ:

ـــ مەن تۇغۇلۇش مەزگىلىدە پەرىلەر
شاھىنىڭ خانىشى ماھ پەرىنىڭ ھەم كۆزى
يورۇش ئالدىدا ئىكەن. پەرىلەر پادىشاھى
دىۋە ـ پەرىلەر كاتتىلىرىنىڭ ئالدىدا «مۇ ـ
بادا پەرزەنتىم تۇغۇلغان شۇ سائەتتە ئا ـ
دەمـزات شاھلىرىدىنـمۇ پەرزەنت تۇغۇلسا،
بىرى ئوغۇل، بىرى قىز بولسا ئەر ـ خو ـ
تۇن بولۇپ ئۆتكەي؛ ئەگەر ھەر ئىككىلى ـ
سى ئوغۇل بولسا ئاكا ـ ئىنى دوست بول ـ
غاي؛ ئىككىلىسى قىز تۇغۇلسا مەڭگۈلۈك ئاچا ـ
سىڭىل بولۇپ بىر كىشىنىڭ نىكاھىدا بولغاي»
دەپ ئەھد قىلغانىكەن. كۆپ ئۆتمەستىن
پەرىلەر ئايماقچىلىرى ئانامنىڭ مېنى يەڭ ـ
گىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى پەرىلەر شاھىغا
خەۋەر قىپتۇ. ئانام مېنى سەنۇبەر دەرى ـ
خىنىڭ ئاستىدا يەڭگىش ۋاقتىدا، سەنۇبەر
دەرىخىدىن ئون قەدەمچە نېرىدا ناھايىتى
رەڭدار كەلگەن بىر قانچە ھۆر ـ پەرىلەر
پەيدا بوپتۇ. ئۇلار زاكىغا يۆگەلگەن بىر
بوۋاقنى يېڭىلا تۇغۇلغان مېنىڭ يېنىمغا
ئەكىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ ھەم قىز ئىكەن.
مېنىڭ ئىسمىم پەرەڭگىز بانۇ، ئۇ قىزنىڭ
ئىسمى لەئلى بانۇ بوپتۇ. بىز ئون ياشقا
كىرگۈچە ئاچا ـ سىڭىل بولۇپ بىرگە چوڭ
بولدۇق. كېيىن سىڭلىم سىمانە جادىگەر ـ
نىڭ تۇتقۇنلۇقىغا چۈشۈپ قالدى. ئارىدىن
بىر مەزگىل ئۆتكەندە خۇدايىتائالا سېنى
بىزگە يەتكۈزدى. سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن
بىز قايتا تېپىشتۇق. ئەي سالىھە، پەرىلەر
شاھىنىڭ ۋەدىسى بويىچە لەئلى بانۇ ھەم
سېنىڭدۇر، ـــ دەپتۇ.

ئەتىسى سالىھە ئىككى دانە لەئلى
ياقۇتنى ئېلىپ پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا
بېرىپتۇ ھەم لەئلى ياقۇتنى شاھقا تەقدىم
قىپتۇ. پادىشاھ لەئلى ياقۇتنى قولىغا ئې ـ
لىپ، سالىھە نەۋجۇۋانغا مىننەتدارلىقىنى
بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئادەتتىكى تون ـ سەرۇ ـ
پايلارنى ئىنئام قىپتۇ.

سالىھە كۆڭلى غەش ھالدا مەلىكە
قېشىغا كەپتۇ. لەئلى بانۇ سالىھە نەۋجۇ ـ
ۋان بىلەن پەرەڭگىز بانۇنىڭ كۆڭلىنىڭ
پەرىشانلىقىنى كۆرۈپ سەۋەبىنى سوراپتۇ.
پەرەڭگىز بانۇ:

ـــ يېقىندىن بۇيان شاھنىڭ پەيلى
باشقىچە كۆرۈنىدۇ. شاھتىن سالىھە نەۋجۇ ـ
ۋانغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يېتىپ قالار ـ
مىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، ـــ دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان لەئلى بانۇ، پۈتۈن
دىۋە ـ پەرى لەشكەرلىرىنى سالىھە نەۋجۇ ـ
ۋاننىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇرۇپ:

ـــ ئەگەر سالىھە نەۋجۇۋانغا سارايدا
بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈدەك ئەھۋال
بولۇپ قالسا، پادىشاھنىڭ تەختى ـ بەختىنى
ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، شاھنىڭ كاللىسى ـ
نى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار! ـــ دەپ بۇي ـ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

رۇق قىپتۇ ۋە سالىھ نەۋجۇۋانغا لەئلى ياقۇتتىن ئوردىغا كۆپرەك ئېلىپ بېرىشنى تاپىلاپتۇ.

ئەلقىسسە، سالىھ دىۋە-پەرى لەشكەرلىرىنى مەخپى ئېلىپ ئوردىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. پادىشاھ، ۋەزىرلىرى بىلەن سالىھ نەۋجۇۋانغا «ئوغرى» دېگەن بەتنامىنى چاپلاپ زىندانغا تاشلاش پىلانىنى تۈزۈشۈپ قويۇشقانىكەن.

سالىھ ئوردىغا كىرىپ سالامدىن كېيىن ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ. شاھ غەزەپ بىلەن بىردىنلا تەرىنى تۈرۈپ:

— ئەي سالىھ، ئۇ لەئلى ياقۇتلارنى سەن نەدىن ئالغان. مېنىڭ خەزىنەمدىن تۆت دانە لەئلى ياقۇت يوقاپ كەتكەنىدى، ئەسلىدە ئۇ لەئلى ياقۇتلارنى سەن ئوغرىلىغان ئىكەنسەن. ئەمدىغۇ قولغا چۈشكەنسەن؟ — دەپتۇ.

سالىھ قوينىدىن يەنە بەش دانە لەئلى ياقۇتنى ئېلىپ شاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ ۋە:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، نەچچە ۋاقىتتىن سىزگە سوۋغا قىلغان لەئلى ياقۇتلارنى بۇنىڭ بىلەن قوشقاندا قانچە بولىدىكىن؟ بۇلارمۇ سىزنىڭ خەزىنىڭىزدىن يىتكەن لەئلى ياقۇتلارمىكىن؟ — دەپتۇ.

شاھ غەزەپكە كېلىپ:

— شاھ بىلەن قارشىلاشقانلىقىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمگە لايىقسەن، — دەپتۇ ۋە جاللاتلىرىغا سالىھنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇپتۇ.

قايسى جاللات سالىھ نەۋجۇۋانغا تىغ كۆتۈرسە بېشى تېنىدىن جۇدا بوپتۇ. كىمكى سالىھنى ئۇرۇشقا توقماق كۆتۈرسە توقمىقى ئۆزىنىڭ كاللىسىغا تېگىپ بېشى پارە-پارە بوپتۇ. ئوردا ئىچىدە بىر قەپەز جەڭ قىزىپ كېتىپتۇ. سالىھ دىۋە-پەرى لەشكەرلىرىگە:

— بارلىق پىتنىخورلارنىڭ باشچىسى پادىشاھدۇر. ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. بىر دىۋە كېلىپ شاھنى قىلىچ بىلەن چاپقانىكەن شاھ ئىككى پارە بولۇپ تەخت سەلتەنىتىنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ جان ئۈزۈپتۇ. قالغان نەۋكەرلەر ۋە ساراي ئەمەلدارلىرى قورقىنىدىن غال-غال تىترىشىپ سالىھ نەۋجۇۋاننىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ گۇناھلىرىنى تىلىشىپتۇ. سالىھ ئۇلارنى ئەپۇ قىپتۇ.

دىۋە-پەرىلەر ۋە شەھەر خەلقى سالىھ نەۋجۇۋانغا شاھانە تاج كىيگۈزۈپ، ئۆزلىرىگە سالىھنى پادىشاھ قىپتۇ.

سالىھ پادىشاھلىق خەزىنىسىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ پۈتۈن شەھەر خەلقىگە مال-مۈلۈك، ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى بۆلۈپ بېرىپتۇ. مەلىكە پەرىگىز بانۇ بىلەن لەئلى بانۇنى شاھ قەسرىگە ھەيۋەت بىلەن ئېلىپ كېلىپ، ئادەمزاتلار بىلەن دىۋە-پەرىلەرگە ئۆز ئۆرپ-ئادەتلىرى بويىچە بىرقانچە كۈن كاتتا توي قىلىپ بېرىپ، لەئلى بانۇنى ئۆز ئەمرىگە ئاپتۇ.

ئۇلار شۇندىن باشلاپ تۇرمۇشىنى خۇشال-خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئوسمان ھەسەن

# ئەپسانىلەر

## كالا ھەققىدە

بۇرۇن ئىنسانلار دۇنياسىدا مۇنداق بىر ئىش بولغانىكەن: پۈتۈن يۇرت ئىچىنى قەھەتچىلىك، قۇرغاقچىلىق قاپلاپ، كىشىلەر ئۇسسۇزلۇق دەردىدە ئۆلەي دەپ قاپتۇ. شۇ چاغدا بىر بوۋاي ياشلارغا ئاقىلانە مەسلىھەت بېرىپتۇ. ياشلاردىن بىرنەچچىسى بوۋاينىڭ مەسلىھىتى بويىچە بىر ئۆكۈزنى ئالدىغا سېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار چۆللۈكتە كېتىۋاتقىنىدا بۇزۇلغان بىر كەپە ئۇچراپتۇ. ئۇلار ھاردۇق ئېلىش ئۈچۈن كەپىگە كىرىپ ئولتۇرۇشىغا، ئۆكۈز مۆرەپ، يۈگۈرگەن پېتى ھېلىقى كەپىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، مۈڭگۈزلىرى بىلەن يەرنى تىلغاشقا باشلاپتۇ. ئارام ئېلىشقا ئولتۇرغان ياشلار ئۆكۈزنىڭ كارامىتىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن سەكرىشىپ، بىر-بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ ياش تۆكۈشۈپتۇ.

بوۋاي ئەسلىدە: «ئۆكۈزنى ئالدىڭلارغا سېلىڭلار، ئۆكۈز قاياققا ماڭسا شۇ ياققا مېڭىڭلار. ئۆكۈز مۈڭگۈزى بىلەن قەيەرنى تىلغىسا شۇ يەردىن سۇ چىقىدۇ»، دېگەنىكەن. ھېلىقى ياشلار كالا مۈڭگۈزى بىلەن تىلغىۋەتكەن جاينى بىرنەچچە كۈن قازغانىكەن يەردىن بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىشقا باشلاپتۇ. بۇ كارامەتنى كۆرگەن كىشىلەر كالىنىڭ ئەقىللىكلىكىگە بارىكاللا ئوقۇپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن كالىنى ئەزىزلەيدىغان بولۇپتۇ.

## چىۋىن ھەققىدە

بۇرۇنقى زامانلاردا ۋابا تارقاتقۇچى بىر مەخلۇق بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئايىغى تەگكەنلىكى يۇرت-مەھەللىلەر ھەرخىل كېسەللىك دەستىدىن ۋەيران بولۇپ كېتىدىكەن. كىشىلەر سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ھېلىقى مەخلۇق ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ كەپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ھېلىقى مەخلۇقنى تۇتقۇزۇپ، چاناپ قىيما-چىيما قىلىۋېتىپتۇ ۋە ئۇنى بىر ئىدىشنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم ئېتىۋېتىپتۇ.

زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن بىر مايمۇن ئىدىشنى يۇمىلىتىپ ئويناشقا باشلاپتۇ. ئىدىش تاشقا تېگىپ سۇنۇپ كېتىپتۇ. شۇ ھامان سان-ساناقسىز ئۇششاق ھاشاراتلار ئۇچۇپ چىقىپ جاھانغا تارقاپ كېتىپتۇ ۋە ئاتا كەسىپىنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلاپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن كىشىلەر بۇ ھاشاراتلارنى چىۋىن دەپ ئاتاپتۇ.

## ئەسھابۇلكەھف

مىسىر شەھىرىدە پىرئەۋن خۇدالىق دەۋاسى قىلىپ، ئۆزىنى خۇدا دەپ ئېلان قىپتۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە تېخىمۇ ئىشەندۈرۈش مەقسىتىدە بىر مۈشۈكنى بېشىغا چىراغ ئېلىپ قويسا ئۆرۈۋەتمەي ئولتۇرۇشقا ئۆگىتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

پەرىۋون ئۆزىنىڭ بۇ ھىيلىسى بىلەن كىشىلەرنى ئالدىماقچى بولۇپ، تۆت مۆتىۋەر كىشىنى ئۆيىگە چاقىرىپ قىمار ئويناشقا كىرىشىپتۇ. مۈشۈك چىراغپاي بولۇپ بېرىپتۇ. قىمار خېلى ۋاقىت داۋاملىشىپتۇ. لېكىن مۈشۈك چىراغنى بېشىدىن چۈشۈرۈۋەتمەي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.

ھېلىقى تۆت كىشى مۈشۈكنىڭ «ئىتائەتمەن» لىكىگە گۇمانلىنىپتۇ. بۇلار ئەتىسى پەرىۋوننىڭ مۈشۈكىنى سىناپ بېقىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلار پەرىۋوننىڭ ئۆيىگە كېلىشىپتۇ. قىمار باشلىنىپ، مۈشۈك يەنە چىراغپاي بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ.



قىمار راسا قىزىۋاتقاندا ھېلىقى كىشىلەردىن بىرى مۈشۈكنىڭ ئالدىغا بىر چاشقاننى ئاستاغىنا قويۇپ بېرىپتۇ. چاشقاننى كۆرگەن مۈشۈك چىراغپاينى ئۆرۈۋېتىپ چاشقاننى قوغلاپ كېتىپتۇ. پەرىۋوننىڭ ھىيلىسى ئاشكارىلىنىپتۇ.

تۆت ئاغىنە ھەقىقىي خۇدانى ئىزلەش ئۈچۈن ئۇزاق سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلارغا ئەگىشىپ بىر ئىتمۇ بىللە مېڭىپتۇ.

ئۆز ھىيلىسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىدىن غەزەپلەنگەن پەرىۋون ئەسكەرلىرىگە ھېلىقى تۆت كىشىنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

پەرىۋون لەشكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن تۆت ئاغىنە ئۆزلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئىتنى ھەيدىۋېتىپتۇ، لېكىن ئىت ئەگىشىپ مېڭىۋېرىپتۇ، ئۇرۇپمۇ بېقىپتۇ، ئىت ئارقىسىغا زادىلا قايتماپتۇ. ھېلىقى كىشىلەر ئاخىر ئىتنىڭ ئالدى پۇتىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. ئىت ئارقا پۇتى بىلەن يەنىلا ئۇلارغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ئىتنىڭ ئارقا پۇتىنىمۇ كېسىپ تاشلاپتۇ. شۇ چاغدا ئىت زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەي بەندىلەر، مەنمۇ سىلەرگە

ئوخشاش ھەقىقىي خۇدانى ئىزلەش يولىدا ئارقاڭلاردىن ئەگىشىپ كېلىۋاتىمەن. سىلەر پەقەت ئۆزۈڭلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا، مېنىڭ پۇت-قوللىرىمنى كېسىپ تاشلىدىڭلار. لېكىن مەن ھەقىقىي خۇدانى تاپمىغۇچە، ھەرگىز يولۇمدىن قايتمايمەن. يۇمىلاپ بولسىمۇ ئارقاڭلاردىن ئەگىشىپ بارىمەن،— دەپتۇ.

بۇنىڭدىن ئۇلار قاتتىق تەسىرلىنىپ ئىتنى كۆتۈرۈپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار بىر مەزگىل ماڭغاندىن كېيىن بىر تاغ ئۆڭكۈرىنى تېپىپ يوشۇرۇنۇپتۇ. پىرئەۋن لەشكەرلىرى بۇ ئۆڭكۈرگە كىرمەكچى بولغانىكەن، كۈچلۈك بوران چىقىپ، ئۇلارنى ئۆڭكۈرگە كىرگۈزمەپتۇ. ئۇلار بوراننىڭ توختىشىنى كۈتۈپ، بىر يىل ساقلاپتۇ. بوران توختاپتۇ. لەشكەرلەر ئۆڭكۈر ئىچىگە كىرىپ، ئۇلارنى تاپالماپتۇ. ئۆڭكۈر ئىچىدە يەنە بىر ئۆڭكۈر بار ئىكەن. ئەمما بۇ ئۆڭكۈرنى ئۆمۈچۈك تورلىرى قاپلاپ كەتكەنلىكتىن، لەشكەرلەر بۇ يەردىمۇ ئادەم يوقلۇقىنى پەرەز قىلىشىپ، ئاخىر قايتىپ كېتىپتۇ.

تۆت ئاغىنە ھېلىقى ئۆڭكۈر ئىچىدە تۇپتوغرا تۆت يۈز يىل ئۇخلاپتۇ. ئۇلار ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ (ئارىدىن تۆت يۈز يىل ئۆتكەنلىكىنى سەزمەي) بىر بازارغا كېلىپتۇ. بۇلارنىڭ يانچۇقلىرىدىكى تەڭگىلەر دەقيانۇس زامانىسىنىڭ تەڭگىلىرى بولغاچقا بازاردا ئۆتمەپتۇ.

بۇ بازاردا ئولتۇرۇشلۇق بىر سودىگەر بار بولۇپ، ئۇ، پىرئەۋننىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى ئىكەن. سودىگەر بۇ تەڭگىلەرنى تونۇپ قېلىپ، دەرھال پىرئەۋنگە مەلۇم قىپتۇ. پىرئەۋن لەشكەر چىقىرىپ ئۇلارنى قوغلاپتۇ. ئۇلار قېچىپ بېرىپ ئۆزلىرىگە پاناھ بولغان ئەسلىدىكى ئۆڭكۈرگە كىرىۋاپتۇ.

ئاڭلىنىشلارغا قارىغاندا تۆت نەپەر كىشى ھازىرمۇ شۇ ئۆڭكۈردە بار ئىمىش.

## ئاينىڭ يۈزىدىكى داغ توغرىسىدا

ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇرۇن كۈن بىلەن ئاي ئىنتايىن يېقىن، قەدىناس دوستلاردىن ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى كۈننىڭ قۇلىقىغا ئىنسانلارنىڭ «ئايدەك چىرايلىق ئىكەنسەن» دېگەن سۆزلىرى ئاڭلىنىپ قاپتۇ. كۈن: «مەن ئىنسانلارغا ئىللىق نۇرۇمنى چىقىرىپ قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتقان تۇرسام، كىشىلەر مېنى چىرايلىق دېيىشمەي، ئايدەك چىرايلىق دېيىشىدىكىنە» دەپ بۇ سۆزدىن ئاچچىقلىنىپتۇ. كۈن ئاينىڭ چىرايلىق جامالىنى قەستلەشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئاينى ئۆز ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىپتۇ ۋە ئايغا «مەن سەندىن شۇنچە چىرايلىق تۇرسام ئىنسانلار يەنە سېنىلا تىلغا ئېلىپ، مېنى ھېچ تىلغا ئالمايدۇ» دەپ كايىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاي كەمتەرلىك بىلەن «سەن چىرايلىق بولغاندىن كېيىن ئۇلار سېنى نېمە دېسە دەۋەرسۇن. لېكىن مەن يەنىلا سېنى چىرايلىق دەپ تونۇيمەن»، دەپتۇ. بۇ سۆزدىن كۈن دەرغەزەپ بوپتۇ ۋە ئاچچىقى بىلەن قازاندىكى قىزىق ياغنى ئاينىڭ يۈزىگە چېچىۋېتىپتۇ.

شۇندىن باشلاپ ئاينىڭ يۈزىدە داغ تۇختاپ قالغانىكەن. ھازىرمۇ كىشىلەر چىرايلىق توغرىسىدا گەپ ئاچقاندا ئاق كۆڭۈل ئاينى ماختاپ «ئايدەك چىرايلىق» دېگەن گەپلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

## بۇلۇت قىز ھەققىدە

چەكسىز كەتكەن جاڭگاللىقتا بىرقانچىلا ئائىلىلىك ياشايدىكەن. بىرنەچچە يىل قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئۇلار تېرىغان بۇغدايلار ئۈنمەپتۇ. ئۇلار ئاخىر ئامال تاپالماي بۇ جايدىن كەتمەكچىمۇ بوپتۇ، بىراق بۇ چەكسىز جاڭگاللىقتىن بىر چەتكە چىققۇچە ھايات قېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. شۇڭا ئۇلار ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتىن باشقا چارە تاپالماپتۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەقىللىق، زېرەك بىر قىز بار ئىكەن، ئۇ قىز مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر مېنى كۆيدۈرۈڭلار!

بۇنى ئاڭلىغان چوڭ-كىچىك ھەممىسى ھەيران قاپتۇ. قىز يەنە:

— ئەگەر سىلەر مېنى كۆيدۈرمىسەڭلار ھەممىمىز ھالاك بولىمىز. ئەڭ ياخشىسى مېنى تېزرەك كۆيدۈرۈڭلار، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

ئۇلار ئاخىر قىزنى كۆيدۈرۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. بىردىنلا ھاۋانى ئىس-تۈتەك قاپلاپ، پۈتۈن يەر-جاھان پىژغىرىن ئاپتاپتىن خالى بوپتۇ. قىزنى كۆيدۈرگەندە چىققان ئىس بۇلۇتقا ئايلىنىپ كۆكتىن ئورۇن ئاپتۇ. شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ نامى «بۇلۇت قىز» دەپ ئاتىلىپتۇ.

«بۇلۇت قىز» نىڭ كۆڭلى بەك يۇمشاق بولۇپ، ھەر دائىم دېھقانلارنىڭ زارىنى ئاڭلىسىلا يامغۇر ياغدۇرىدىكەن. شۇڭا ئىنسانلار «بۇلۇت قىز»نى ياخشى كۆرىدىكەن. زېمىندا قۇرغاقچىلىق يۈز بەرسىلا، كىشىلەر «بۇلۇت قىز»نى چاقىرىدىكەن.

## سۇغۇر ھەققىدە

قەدىمكى زاماندا بىر مۇتتەھەم قازى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىر كەمبەغەل دېھقان قوشنىسى بار ئىكەن. بىر كۈنى نەپسانىيەتچى قازى دېھقاننىڭ يېرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ. بىراق دېھقانمۇ قازىغا بوش كەلمەستىن، يەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر قازى بىر ھىيلە ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇ دېھقانغا: ئەتە بىز يەرنىڭ ئۆزىدىن سورايمىز. يەر ئۆزىنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتسا، يەر شۇنىڭ، — دەپتۇ. دېھقان ماقۇل بوپتۇ. قازى كېچىچە يەرگە ئورا كولاپ قىزىنى مۆكتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئەتىسى دېھقان بىلەن قازى شۇ يەرنىڭ ئۈستىگە بېرىپتۇ. قازى يەرگە قاراپ: ھەي يەر، سەن كىمنىڭ؟ — دەپتۇ. شۇ ئەسنادا يەردىن: «قازىنىڭ، قازىنىڭ» دېگەن ئاۋاز

چىقىپتۇ. دېھقان ئائىلاج كېتىپ قاپتۇ. قازى خۇشاللىقىدا قىزىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن ئورنىغا قارىغانىكەن، يەردىن بىر مايۋان چىقىپتۇ. بۇ مايۋان هازىرقى سۇغۇر ئىكەن.

### قار توغرىسىدا

قەدىمكى زامانلاردا ئاللاتائالا «بەندىلىرىمنىڭ تۇرمۇشى باياشات، خاتىرجەم، جاپا-سىز ئۆتسۇن» دەپ ئاسماندىن ئاپئاق بۇغداي ئۇننى ياغدۇرۇپتۇ. كىشىلەر جاپا-مۇشەققەتتىن خالى تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. كېيىنچە بەزى كىشىلەردە ئاللا بەرگەن ئۇننى خارلايدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىپتۇ. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بىر ئايال بوۋىقىنىڭ تەرەتىنى پوشكال بىلەن سۈرتۈپتۇ. بۇنىڭغا ئاللانىڭ غەزىپى كېلىپ:

— بەندىلىرىم ئۆزى ئىشلەپ، ئاشلىقنى ئۆزى تېپىپ يېسۇن،— دەپ ئاسماندىن چۈشىدىغان ئۇننى قارغا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. شۇندىن بۇيان ئاسماندىن ئۇن ئورنىغا قار ياغقۇدەكمىش.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇكېرىم راخمان

(بېشى 169 - بەتتە)

سەن يارىمنىڭ ئىشقىدا،
ساق كاللام ساراڭ بولدى.
× ×
بازارغا بارغان يىگىت،
قوش پىچاق ئاسقان يىگىت.
ئالمىدەك قىزلار تۇرۇپ،
جۇۋاننى تاپقان يىگىت.
× ×
بازارغا بارغىنىممۇ راست،
قوش پىچاق ئاسقىنىممۇ راست.
قىزغا مەيلىم بولمىغاچ،
جۇۋاننى تاپقىنىممۇ راست.
× ×
سەن قاياقتىن كېلىسەن،
مەن يىغلىسام، كۈلىسەن.
ھەممە ئىشنى بىلىسەن،
يەنە ئوتتا كۆيدۈرىسەن.

× ×
ئوت كۆيىدۇ ئىچىمدە،
دەردنى ئۆزۈم بىلەرمەن.
كۆزۈمدىن ئاققان ياشقا،
كېمە سېلىپ ئۆتەرمەن.
يارىم سېنى كېلەر دەپ،
ھەر ھەپتىدە كۈتەرمەن.
× ×
باغقا كىردىم ئات بىلە،
يېنىپ چىقتىم دەرد بىلە.
خۇدايىمغا ئامانەت،
كۆرۈشەيلى خەت بىلە.
× ×
ئاق ئاتنىڭمۇ بالىسى،
كۆك ئاتنىڭمۇ بالىسى.
سىزگە نۇرغۇن خەت يازدىم،
يەنە قالدى چالىسى.

ئېيتىپ بەرگۈچى قاراشەھەردىن: زۇھەرىخان (80 ياش)
توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: تۇرسۇنجان قاسىم، ئابلەت قادىر.




# بېيىتلار

### ئابۇ زەمزەم

ئېتىزدىكى ئېرىقلاردا
ئابۇ زەمزەم ئاقىدۇ.
ئىچىپ باقساڭ خۇيمۇ تاتلىق،
كۆڭۈللەرگە ياقىدۇ.

زەمزەم ئاققان ئېرىقلاردا،
بىز ئىككىيلەن ئاقايلى.
يۈرەكلەرنى يۈرەكلەرگە،
باغ-باغ ئېتىپ ياقايلى.

### ئۈمىدنى ئۈزۈۋەتمە

ئاتخانىنىڭ ئالدىدا،
ئالا ئات تۇياقلىرى.
بىزنىڭ قاراقاش يارنىڭ،
مەخمەل تاش تۇماقلىرى.

مەخمەل تاش تۇماقىڭنى،
قىستۇرۇپ بۇزۇۋەتمە.
بۇ ئالەم ئۇزۇن ئالەم،
ئۈمىدنى ئۈزۈۋەتمە.

### يېلىنىش

ھەي خېنىم رەھىمى قىلىپ،
ھالىمنى سورىساڭ نېمە بولار؟!
مېنى مۇنچە قىينىماي،
كۆڭلۈمنى ئالساڭ نېمە بولار؟!

كۆيگىنىمگە پۈتمىسەڭ،
سىناپ باقساڭ نېمە بولار؟!
يۈرىكىمنىڭ مۇڭىغا،
قۇلاق سالساڭ نېمە بولار؟!

### رەنجىش

قارا كۆز نادان يارىم،
قەدرىمنى ھېچ بىلمىدىڭ.
باشقىلارنىڭ ئالدىدا،
قىلچە كۆزگە ئىلمىدىڭ.

ئۆزگىگە قىلغان ۋاپانىڭ،
مىڭدىن بىرىنى قىلمىدىڭ.
ئەسلى بىر نادان ئىكەنسەن،
ئەقدەمنى بىلمىدىڭ.

## كۆڭلى باشقا

دۇئا دەڭلار قارا قاشقا،
ۋاپاسىز باغرى تاشقا.
باغرىنىڭ قاتتىقلىقى،
ئوخشايدۇ قارا تاشقا.

كېچە ـ كۈندۈز تىنماي يىغلاپ،
قوينۇم تولدى كۆز ياشقا.
يانا يىغلاپ نېمە قىلاي؟
قارا قاشنىڭ كۆڭلى باشقا.

× ×

ئىشىك ئەتتىم مىخلاپ،
كىگىز ئەتتىم چىخلاپ.
سەن يۈرسەن خىللاپ،
مەن يۈرمەن يىغلاپ.

× ×

باغچىسىغا قول ئۇزاتتىم،
شاختىكى بادامنى دەپ.
سەن مېنى يار تۇتمۇدۇڭ،
«ئەقلى كىچىك نادان» نى دەپ.

سەن مېنى يار تۇتمىغانىغا،
يارسىز قالدىممۇ مەن.
سەن بېرىپ يار تۇتقىنىڭغا،
زارلىنىپ قالدىممۇ مەن.

## مەدھىيە

لاي بار ئېتى لايلىق،
سۇسىز چۆل ئېتى سايلىق.
ئىشىك ئالدىغا جىرىم سالدىم،
ئەمدى بولدى بىر ئايلىق.
مەن جاھاندا كۆرمىدىم،
ئۆزلىرىدەك چىرايلىق.

× ×

كېچە چىقسام تونۇمايلا،
خۇش مۇبارەك ئۆزلىرى.
ئۆزلىرىگە ئوخشمايدۇ،
خەلقى ئالەم قىزلىرى.

## قىزىلگۈل

باغ ئىچىدە ئېچىلىپتۇ،
بىر تۈپ قىزىلگۈل.
يېنىڭىزدا سايرىشىپتۇ،
مەستانە بۇلبۇل.

پۇرىغىلى خۇش پۇراقلىق،
قىزىلگۈلۈمسىز،
قۇشلاي دېسەم قولۇمدىكى،
شوخ قۇرغۇيۇمسىز.

هەر كىشىنىڭ يارى باردۇر،
سىزنىڭچە يوقتۇر.
دەردىڭىزنى تارتقانلاردىن
مېنىڭچە يوقتۇر.

## هىجران قىلىچى

يۈزىڭىزنى بىر كۆرۈپ،
ئوتلار تۇتاشتى.
كۆيدۈرۈپ ئۆرتىشىڭىز،
هەددىدىن ئاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوت تۇتىشىپ كۆن، ئاي ئۆتۈپ،
تا بىر يىلغىچە.
نەزەر سېلىپ باقمىدىڭىز،
پېقىرغا قىلچە.

كۆيۈك ئوتىنىڭ ئۇچقۇنى،
يۈرەككە يەتتى.
ھىجران قىلچى تەندىن ئۆتۈپ،
سۆڭەككە يەتتى.

## ۋەسىيەت

ئۆلۈم يېتىپتۇ مېنىڭ —
ئەزىز بېشىمغا.
سىزنى كۆرمەي ئۆلمەسمەن،
كېلىڭ بېشىمغا.

بىر - بىرىمىزدىن ئىككىمىز،
رىزا بولايلى.
ئىشق - مۇھەببەت يولىغا،
پىدا بولايلى.

## يارنىڭ ئەلىمى

باغدا شاپتۇل پىشىپتۇ،
تەرگىلى كەلدۇق.
ئاكام سالغان ھۇجرىنى،
كۆرگىلى كەلدۇق.

ئاكام سالغان ھۇجرىنىڭ،
تۈگلۈكى تىللا.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ،
ئاتىسى موللا.

موللا بولغاچ قولىدا كىتاب،
ياندا قەلەمى.
شۇنچىمۇ يامان بولامدۇ؟
يارنىڭ ئەلىمى.

## جېنىمنى ئالغان

خۇپ چىرايلىق تون كىيىپلا،
ياقىسى يوغان.
ئەجەب يامان يىگىتكەنلا،
ۋەدىسى يالغان.

«ئۈچ ئايدا كېلىمەن» دەپ،
ئۈچ يىلغا قالغان.
يۈرەككە ئوتنى سېلىپ،
جېنىمنى ئالغان.

## لەۋلىرى ناۋات

ئۆيۈمنىڭ ئارقىسىدا،
بىر تۈپ قارىقات.
يارىمنىڭ مىنگەن ئېتى،
قارا تورۇق ئات.

ئۈزەڭگىسى ئالتۇندىن،
قامچىسى پولات.
ئىككى مەڭزى ئالمىدەك،
لەۋلىرى ناۋات.

## قېيىمداش

ئوتلىرىغا چىدىماي،
ئېقىپمۇ باقتىم.
باغرىمنى زەي يەرگە،
يېقىپمۇ باقتىم.

يۈرەككە ئوتنى سېلىپ،
كارلىرى يوق.

كاللامنى تامغا ئۇرۇپ،
چېقىپمۇ باقتىم.

### ساناپمەن يۇلتۇز

قىشتا كىيىشىڭ كۆرپە جۇۋا،
ياقىسى قۇندۇز.
يازدا كىيىشىڭ توقا ـ تاۋا،
يۈرۈشى يالغۇز.

مەن يارنى سېغىنغاندا،
ساناپمەن يۇلتۇز.
يارىم مېنى سېغىنسا،
يىغلايدۇ يالغۇز.

### سىزنۇۋالسام

كۈن تۇغقاندا تۇغۇپمەدى،
مەشۇقۇم سىزنى.
كۈن پاتقاندا تەۋرەتكەنمۇ؟
بۆشۈكىڭىزنى!...
ئاخشام بىرىپ تاپالمىدىم،
ئىشىكىڭىزنى.
خەلقى ئالەم بىلىپ قالدى،
بۇ ئىككىمىزنى.
تاڭ ئاتقاندا ئىرغاتتىممەن،
ئۆرۈكىڭىزنى.
موللا بولۇپ قىزىتىۋالاي،
يۈرىكىڭىزنى.
سۆرەتچىدەك سىزىۋالاي
سۆرىتىڭىزنى!...

### تۆرلۈك تېمىدىكى بېيىتلار

بىرىپ ئېيتىڭ شاماللار شوخ بۇلبۇلۇمغا،
مەسلىھەتسىز كېتىپ قالغان قىزىلگۈلۈمگە.
ھەر گۇناھى بولسا ئۆتتۈم ئالدىم بېشىمغا،
يامانلىماي كەلسۇن ئەمدى مېنىڭ قېشىمغا.

× ×

ماڭا بىر ياغلىق تىكىڭ چىمىلدىتىپ،
مەنمۇ بىر ئەتلەس ئالاي لىغىلدىتىپ.
كۆڭلىڭىز بولسا ئەگەر سىزنىڭ بىزگە،
يۈرتۇمغا ئېلىپ قاچاي لىغىلدىتىپ.

× ×

قەلەمدەك قاشلىرىڭ، ئايدەك جامالىڭ،
كۆيەر ئوتقا سېلىپ قويدۇڭ نەدۇر خىيالىڭ؟!
سېنى كۆرمەي ئوتتا كۆيۈپ كۆل بولدى باغرىم،
نەدە بولۇر يارىم سېنىڭ ئەسلى ماكانىڭ؟!...

× ×

تام تۆپىسىدە تۆت قوغۇن،
ئىككىسى بىشەكشىرىن.
ياندىشىپ تۇرغان خېنىمنىڭ،
لەۋلىرى قەنتتەك شېرىن.

× ×

ياندىشىپ تۇرغاندىمىز،
مۆكۈشۈپ تۇرغاندىمىز.
ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلىپ،
سىزنى دەپ تۇرغاندىمىز.

× ×

پىراقىنىڭ ئېتىنى مىندىم ئېگەرلەپ،
سەمەرقەنت يولىغا كىردىم سەھەرلەپ،
كىشىنىڭ يارىنى سۆيسەم «چېۋەر»دەپ،
ئاناردەك قىزاردى چېكىسى تەرلەپ.

× ×

بىر كۈنى چىقىپ كەلدى موللا مامۇت،
بىلىگە تۇگۈپ كەلدى ئون بىر ئامۇت.
ئامۇتىنى ماڭا بىرىپ كۆڭلۈمنى ئاچتى،
يىرىم سەر پۇلنى ئالدى، قوپتى قاچتى.

× ×

هارۋىدىن پاسا چۈشتى،
قولۇمدىن هاسا چۈشتى.
سىلىدەك چاققان خىنىمغا
مېنىڭ كۆڭلۈم راسا چۈشـتى.

× ×

كۆل بويىدا كۆرپە قىياق،
سايىسى كۆلگە چۈشەر.
سىكىلىدەك چاققان خېنىمنىڭ،
هاجىتى بىزگە چۈشەر.

× ×

ئۈچتى كەپتىرىم ئۈچتى،
بىلىكىمدىن پۈررىدە.
بىۋاپا يار ئوتىدا،
كۆيدى يۈرەك پىژژىدە.

× ×

يۈرىكىمنىڭ قىزىشى،
ئوچاقتىكى چۈگۈنچە بار.
يارىمنىڭ بويى تۇرقى،
بوستاندىكى قۇرغۇيچە بار.

× ×

گۈل ئارىلاپ ئۈچۈپ يۈرگەن،
جىنى نازۇك كېپىنەك.
بىزنى مۇنچە كۆيدۈرگەن،
بېلى نازۇك سىكىلەك.

قىشى قارا مەكزى قىزىل،
كۆزى چولپان ئاق بىلەك.
ئاق بىلەككە تەلپۈنۈپ،
كۆيىدۇ بىزنىڭ يۈرەك.

يۈرىكىمنى سەگسۈن دەپ،
سۈنى ئىچتىم بىر چېلەك.
سۇ ئىچكەنگە پەسلىمەدى
ئۆرتىنىپ كەتكەن كۆيەك.

× ×

چاشقانغا نوختا سالدىم،
سۆرەلدى قاچتى.
قوڭغۇز مىنىپ قوغلىۋىدىم،
داۋاندىن ئاشتى.

داۋان سۆيى يامان ئىكەن،
قاپتالدىن ئاشتى.
يار كېلەرمۇ، كەلمەسمۇ؟
قەرەلدىن ئاشتى.

× ×

گۈلنى گۈلگە بەرمىدىلە!
گۈلنى تىكەنگە بەردىلە.
گۈل خىلىنى تاپقۇچە،
قىرى بىغەمگە بەردىلە.

قىرى بوۋاي قانداق كىشى؟
ئاغزىدا يوقتۇر چىشى.
قورسىقىم ئاچتى دىسە،
چاينىپ بىرەر تەگكەن كىشى.

× ×

كىچىككىنە سوكە تىرەك،
ئۈنچە ـ مارجان ئىچىدە.

www.uyghurkitap.com

يارىم ماڭا گۈل بېرەرمۇ؟
خەلقى ئالەم ئىچىدە.
گۈلنى مەن ئالاي دېسەم،
گۈل تىكەنىنىڭ ئىچىدە.
گۈلگە كۆڭلۇم كۆيىدۇ،
گۈل بەدەنىنىڭ ئىچىدە.

× ×

كېچە بولدى ئاي قاراڭغۇ،
مەن يېتىم قايان باراي.
ياغسا يامغۇر چىقسا بوران،
بىر ئۆزۈم قايان باراي.

× ×

ئات بولسا جەدە بولسا،
توقۇسا مىنسە كىشى.
يار بولسا ياندا بولسا،
قايرىلىپ سۆيسە كىشى.

× ×

ئىشىك ئالدىڭدىن مەن ئۆتسەم،
چاقىڭ قىلدۇ غۇي - غۇي.
سەن بولساڭ قارا قۇشقاچ،
مەن بولاي ساڭا قۇرغۇي.

× ×

ئەرگە تەگدىم ھېلىمغا،
نان بەرمەيدۇ گېلىمغا.
كېۋەز، چىغرىق دەسمىيە،
ئىشلەپ يەيمەن گېلىمغا.

× ×

ئىشىك ئالدىدا ئېرىق،
ئۈينىشىپ ئۆتەر بېلىق.
يارنى بىر كۈن كۆرمىسەم،
كۆرۈنەر بىر يىلچىلىق.

× ×

ئېگىز - ئېگىز تاغ بېشىدا،
قۇرغۇي ئەگىدۇ.
ۋاپادار يارىڭ بولسا،
كۆڭلۈڭ سەگىيدۇ.

× ×

قاشىڭنى قارا دەيدۇ،
قەلەمدىن ئايرىيالمايمەن.
مەن بىچارە كۆڭلۈمنى،
سەندىن ئايرىيالمايمەن.

× ×

يار ئىشقىدا مەن دەردمەن،
بېغىدا چاپاي كەتمەن.
بېغىغا كېلەر بولسا،
يولىغا سالاي چەكمەن.

× ×

زىنداندا ياتسام،
كۆرۈندى ئاسمان.
گۈناھىمنىڭ بار - يوقى،
يارىمغا ئايان.

× ×

بازار ئارىلاپ ئۆي ساپتۇ،
ئىچى ـ تېشىنى سۇۋىماي.
يار مېنى سۆيەي دەيدۇ،
ئاغزى ـ بېشىنى يۇماي.

× ×

ئاق تەلپەكنى كىيىپ بېشىغا،
سۇغا چىقتى كۆل بېشىغا.
چۆگۈنگە سۇ ئۇسماي،
توشقۇزۇپتۇ يېشىغا.

× ×

يارىم مېنى تىللايدۇ،
بېقىۋالغان بالىسىدەك.
تىللاپ بولۇپ ئالدايدۇ،
يېڭى باغنىڭ ئالمىسىدەك.

× ×

ئىشىكىم تاختا ئىشىك،
قۇلپا زەنجىر سالمىسا.
خۇدايىم بەندەم دېسە،
كۆيۈك ئوتىنى سالمىسا.

× ×

ئايمۇ چۈشتى ئايۋانغا،
كۈن چۈشەرنى بىلمىدىم.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
كۆيدۈرەرنى بىلمىدىم.

× ×

چىنىنى سۇنۇق دېمەڭ،
چىنىدەك كۆڭلۈم سۇنۇق.
يار مېنىڭ يادىمغا كەلسە،
ئالەم ماڭا قاراڭغۇلۇق.

× ×

كۆكسارايدىن چىقتى يار،
زىغىر رەڭ تونىنى كىيىپ.
ئارقىسىدىن ماڭدىمەن،
تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ.

× ×

ئالما ئاتتىم يارىمغا،
چۈشتى قەلەندەر خانىغا.
مەيلىڭىز بولسا كېلىڭ،
ئاخشامقى مەشرەپخانىغا.

× ×

ئەي خېنىم، جېنىم خېنىم،
بۇنداق بولانى بىلمىدۈك.
سايىگە ئاپتاپ چۈشۈپ،
گۈل ئېچىلانى بىلمىدۈك.

سەن خېنىم كەتكەن بىلەن،
ئوتى پىراقىڭ كەتمىدى.
كېچە ـ كۈندۈز كۆزۈمدىن،
خۇلقى سىياقىڭ كەتمىدى.

× ×

ئەقلىمنىڭ يوقلۇقىدىن،
بىر خوتۇن ئېلىپتۇرمەن.
ئەقلىمگە كېلىپ كۆرسەم،
بالاغا قېلىپتۇرمەن.

قېيىنئاتام ئېيتىدۇ:
ــ قىزىمنى قويۇڭ!
قېيىنئانام ئېيتىدۇ:
ــ خوتۇنغا تويۇڭ!

× ×

دۇرۇت ئېيتۇر قارلىغاچ،
سانا ئېيتۇر ئاق قۇشقاچ.
كېچە ـ كۈندۈز سېنى دەپ،
قالدى مېنىڭ قارنىم ئاچ.
ئۇتۇك مېنى كۆيدۈردى،
رەھىم قىلىپ قوينۇڭ ئاچ.

× ×

ئامرىقىم بولسا مېنىڭ،
يېنىمدا ئولتۇرماسىمىدى.
ماڭا ئۇ قاراپ قويۇپ،
كۆڭلۈمنى خۇش قىلماسىمىدى.

× ×

ئەرتىياز كەلدى يانا،
ئېچىلۇر باغ گۈللىرى.
مەن بېرىپ شېخىغا قونسام،
سايرىشۇر بۇلبۇللىرى.

× ×

ئاق سەللە، يېشىل سەللە،
كىيگەن تونلىرى مەللە.
بۇچاغقىچە كەلمىگەن،
بۈگۈن نېم بولۇپ كەللە؟!

× ×

بېرىشىڭنى يولدا كۆردۈم،
يېنىشىڭنى كوچىدا.
كوچىدا باسقان ئىزلىرىڭ،
بولدى كۆزۈمگە تۇتىيا.

× ×

سېيىت ھاجىمنىڭ بېغىدا،
بېدە پاخلان بولۇپتۇ.
ئىستىقىنا سېيىت ھاجىم،
يەر بىرلە يەكسان بولۇپتۇ.

× ×

ئېتىڭنى سۇغارماسەن؟
ئىشىك ئالدىدىكى كۆلدە.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
چۇلاقساي دېگەن چۆلدە.

× ×

ئايمۇ چۈشتى ئايۋانغا،
كۈنمۇ چۈشتى ئايۋانغا.
ھېچكىمنى ئوخشاتمايمەن،
يېنىمدىكى ئايخانغا.

## غازى بەگ

ئىشىك ئالدىدا سۆگەت،
غازاڭ چۈشتى شالدۇ ـ شۇلدۇر.
غازى بەگ ماڭار بولسا،
ئايىغى جالدۇر ـ جۇلدۇر.
غازى بەگ بېگىم پالاندى،
شەن يامۇلغا سولاندى.
غازى بەگنىڭ قارا ئېتى،
دۈشمەن قولىدا باغلاندى.
غازى بېگىم ئۆي ساپتۇ،
تۆپىسىدە بالىخانا.
غازى بەگ ياتار يېرى،

www.uyghurkitap.com

شەن يامۇل گۈندىخانا.
غازى بېگىم رەھمەتلىك،
ئىچكەن سۈيى شەرۋەتلىك.
ئارمانغا يەتمەي كەتتى،
غازى بېگىم قىلىپ مەرتلىك.
غازى بەگ ئۆزى موللا،
قويىندا كالا موللا.
غازى بەگنى چاپتۇرغان،
قارا يۈز ئىنايەت موللا.

× ×

قاشلىڭ بىلەن قارايسەن،
زۇلپۇڭ بىلەن تارايسەن.
مەن ساڭا نېمە قىلغان،
ئۆلتۈرگىلى چاغلايسەن.

× ×

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
سېپىل ياقىلاپ ئويناپ.
يۈرىكىم سىزىپ كەتتى،
سەن يارنى تولا ئويلاپ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر خوتەندىن روزى ئاخۇن راۋابچى، ئېزىز كاروان، مەھەممەت توختى، قاسىم راۋابچى.

توپلام رەتلىگۈچى: ئەرشىدىن تاتلىق.

باغ ئەتراپى جىگدىلىكىز،
يىلىم ئالغان ئۆزلىكىز.
مەن ئۆزۈمچە كۆيمىگەن،
كۆيدۈرۈۋالغان ئۆزلىكىز.

× ×

ئۆستەڭ بويىدا ئويناپ،
سۇ چېچىشقان ئەمەسمۇ.
ۋەدە قىلىپ ئىككىمىز،
قول تۇتۇشقان ئەمەسمۇ.

× ×

بىزلەر ئوينىغان يەردە،
ئالتۇن ئۈزۈكۈم قاپتۇ.
ئىزدىمەڭلار، سورىماڭلار،
يارىم قولىغا ساپتۇ.

× ×

قولۇڭدىكى ئۈزۈككە،
ياقۇت بىلەن كۆز قويىدۇم.
كۆڭلۈڭنى ئالارمەن دەپ،
ئاخشا بىلەن سۆز قويىدۇم.

× ×

چوڭ يول بىلەن ماڭساڭچۇ،
بۇغدايلىقنى يول قىلماي.
راست سۆزۈڭنى قىلساڭچۇ،
كۆڭلۈمنى يېرىم قىلماي.

× ×

بىر چەينەكتە چاي ئەۋەتتىم،
ئۇسسىغاندا ئىچسۇن دەپ.
كۆكچى قوغۇن ساقلاپ قويىدۇم،
يارىم كېلىپ يېچسۇن دەپ

× ×

يارىم مېنى چىللايدۇ،
بارسام يەنە تىللايدۇ.
تىللىسىمۇ تىللىسۇن،
ياردىن كۆڭلۈم قالمايدۇ.

× ×

كاۋلار باراڭ بولدى،
ئالمىلار غازاڭ بولدى.

(ئاخىرى 160 - بەتتە)

# ماقال-تەمسىللەر

∆ ئېگىز تۇرسا دۆڭ دېمەڭ،
ياۋاش تۇرسا مۆڭ (دېمەڭ).
∆ ھەممە چوكان يازدا چوكان،
ئەسلى چوكان قىشتا چوكان.
∆ ئەسكى تامدا قۇشقاچ تولا،
كەمبەغەلگە پۇت-لاش (تولا).
∆ ئېشىمدا يوق پۇرچاق
پوقۇمدا نىمە قىلسۇن.
∆ ئارغامچىنىڭ ئۇزۇنى ياخشى،
سۆزنىڭ قىسقىسى (ياخشى).
∆ ياخشىلىق مىگدەملىك،
يامانلىق بىردەملىك.
∆ ياتنىڭ يېغى يوق.
∆ ئۇتتۇر چىشتىن چىققان سۆز
ئوتتۇز ئەلگە تاراپتۇ.
∆ ئەر قاقىرا، خوتۇن مەسخىرە.
∆ يېگىدىن غەزەل چىقتى،
ئېيتالماي جېنىم چىقتى.
∆ سودىگەرگە بوش كۆرۈندۈڭ
گۆش كۆرۈندۈڭ.
∆ يېتىمگە يۆتەلنىڭ نېمە ئىشى.
∆ مال - دۇنيا دېگەن بىر يىلان،
ئۇ هامان بىر كۈنى سېنى چاقىدۇ.
∆ ئىت ئۇستىخان غاجىلىغان يەرگە
شۆلگىيىنى ئېقىتىدۇ.
ئوتتۇرا يولدا ئېتىڭ ئۆلمىسۇن،
ئوتتۇرا ياشتا خوتۇنۇڭ.
∆ يىپ بىلەن كېۋەزنىڭ ئىشى يوق.
∆ تاياق تەككۈچە بېشىڭنى تارت.

∆ قىلىچ قىنىدا ياتسا دات باسىدۇ.
∆ چالا موللا دىنىنى بۇزار،
يامان پىچاق قىنىنى (بۇزار).
∆ ئادەمنى غەم يەيدۇ،
تۆمۈرنى نەم (يەيدۇ)
∆ تۈلكىنىڭ چىشلىگىنىدىن قۇيرۇق
شىپاڭشىتقىنى يامان.
∆ هارۋا بۇزۇلۇشتىن ئىلگىرى غىچىرلايدۇ.
∆ تەلۋىگە تاياق تۇتقۇزما،
بوۋاققا ئاياق (تۇتقۇزما)
∆ يالغۇز يۈرگەن يەرگە يىقىلىدۇ،
ئەل بىلەن يۈرگەن ئەلگە يىقىلىدۇ.
∆ بەگ بىلەن ئېلىشما،
دەرەخ بىلەن چېلىشما.
∆ دۈشمىنىڭگە هال ئېيتما كۈلگىسى كېلىدۇ،
دوستۇڭدىن سىر ئايىما بىلگۈسى كېلىدۇ.
∆ قىز بالا دېگەن سالما تېشى.
∆ سۆزدىن سۆز چىقىدۇ،
چوقۇۋەرسە كۆز (چىقىدۇ).
∆ تۆگە بىلەن ياتاقلىقا يوشۇرۇنغىلى
بولمايدۇ.
∆ خەق هاڭ باقمايدۇ، ئىزىڭغا باقىدۇ.
∆ لاپ ئۇرغىلى يات يەر ياخشى.
∆ كېلىشلىك گەپتىن كېلىن يانماپتۇ.
∆ ئات بىر، ئوغلاق مىڭ.
∆ قېتىقىنى ئىچ، تاۋىقىنى سورىما.
∆ قەرزدارنىڭ يۈرىكى دەز.
∆ ئۇۋا بۇزۇلسا تۇخۇم ساق قالمايدۇ.
∆ ئۆتمىگەن مۇشتۇڭنى قوينۇڭغا سال.

uyghurkitap.com



△ ئىشلەمچى خوتۇن ئىشەك خوتۇن،

△ بىكارچى خوتۇن شىكەر خوتۇن.

△ ئوقۇغان ئوغۇل دادىسىدىن ئۇلۇغ.

△ يولى بار يىگىتنىڭ يەڭگىسى ئالدىدا يۈرەر.

△ كۆلنى سىپىستىقان باشقا نەرسە ئەمەس ئۆردەكنىڭ كۆتى.

△ ئادەم ئاغزى دەريا.

△ ئاي تۈندە كىرەك، ئەقىل كۈندە.

△ لاچىن قاراپ تاپار، تۈلكە ماراپ تاپار، بۆرە پۇراپ تاپار.

△ ئورما ـ يىگەن ناننى سورىما.

△ مايىقى دورا بولمىسا، تايىقى دورا بولىدۇ.

△ بىشىڭ ئىككى بولمىغىچە قاچاڭ ئىككى بولماس.

△ بىر كۈنگە ھۆكۈز ئۆلمەس، ئىككى كۈنگە ئىگىسى بەرمەس.

△ قوزغالغان ئەلدىن قورق، كەلكۈنى بار سەلدىن قورق.

△ سەرتاندا سۇغار، مىزاندا تېرى، مىزاندا تېرىيالمساڭ تۇرۇپتۇر نېرى.

توپلىغۇچى: ئەخەت ھاشىم

× ×

△ ياشلىق قىدىرىلەپ كەتسە يېتىشىپمۇ بولمايدۇ.
قېرىلىق قاپساپ كەلسە قېچىپمۇبولمايدۇ.

△ قويچىدىن قوي سورىسا قورقۇشىدا ئۆي سوراپتۇ.

△ دەرەخ ئۆز شېخىدا ھەرگىز قۇرۇماس، جۇگان قاۋىغا كەلگەندە مونچاق چىگىلمەس.

△ تەرىپات ـــ كۆكۆل ئاچۇر، مۇئامىلە يول.

△ ياشلىق خۇددى گۈل، ئىستىكى ئوت.

△ قاتتىق گەپ قىلسا قېتىۋالىدۇ، يۇمشاق گەپ قىلسا يېتىۋالىدۇ.

△ دەردىنىمۇ تارتقان بىلەر، ئاغرىقىنىمۇ تارتقان كىشى.

△ قاپاقتا نېمە بولسا، تېشىدا شۇ تېپىلىدۇ.

△ تاغنىڭ كۆركى تاش بىلەن، يۇرتنىڭ كۆركى باش بىلەن.

△ قويمۇ سەركە بولمىسا ماڭمايدۇ.

△ دەرد كەلگەندە تىللىق.

△ جىم ياتقان يىلاننىڭ قۇيرۇقىنى تارتما.

△ بىلمىگەنگە بولۇشما.

△ ياخشى ئاتنىڭ تېرىسى قىرىم بولۇر، كۆن بولماس.

△ پۇلۇڭغا ئىشەنگۈچە، يولۇڭغا ئىشەن.

△ دەرزى بارنىڭ دەزىگە تېگۈر، دەزى يوقنىڭ نەرىگە.

△ باشقىنىڭ ئەقلى بىلەن ئاش يېگۈچە، ئۆز ئەقلىڭ بىلەن پوق يە.

△ ئېتى بارنىڭ يولى بار.

△ ھاپتىن كەلگەن ھۇپقا.

△ ھېيتىنى ھېيت قىلغان ناغرا.

△ يالچىمىساڭ يەر يۆتكەل.

△ بەگ بىلەن چىقىشقۇچە، قوۋۇقچى بىلەن چىقىش.

△ بەرمىگەن خۇدايىمنىڭ ياقىسىنى يىرتايمۇ.

△ گۈگۈ دېگەن بىلەن،
شېخىدىن چۈشمەس ئۇچمە.
«ھۇ» دەپلا يۈرۈپ كەتسەڭ،
ئىلاھتىن كەلمەس رەھمە.

△ ئېتىم شاگتو①، كالام تارتماس.

① شاگتۇ ـــ ھارۋىغا قوشقان ياندۇق ئات.

ئىككى كېلىن بىر بولسا بىر ئۆيگە
پاتماس.
△ كۆيـوغۇلنى ئوغلۇم دېسەڭ،
كۆڭلۈڭ خۇش بولۇر.
كۆل بىلەن تام قوپۇرساڭ،
ئۆلى بوش بولۇر.
△ چىللىغاندىن قالما، چىللىمىغانغا بارما.
△ جەمغۇرنىڭ ئىشى بار، قولتۇقىدا شىشى بار.
△ كىشىنىڭ ئۆچى كىشىدە قالماس.
△ بىلگەنگە مىڭ تاياق،
بىلمىگەنگە ھېچقىسى يوق.
△ يېغىدىن يەر بويى قاچ.
△ ئۆيىنى گۆل قىلغانمۇ خوتۇن،
كۆل قىلغانمۇ خوتۇن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇل ئاراتۇرۇك ناھىيە چوڭتاشتىكى توقسان ياشلىق بۇۋىسۇلتانخان موماي، قۇمۇل شەھەر ئىچى يېزىدىن سەكسەن يەتتە ياشلىق ئاخۇنبەگ

توپلاپ رەتلىگۈچى ئېلى ئىسمايىل

× ×

△ ئۆزۈڭ خەسچە بولساڭمۇ،
ئەقلىڭ تاغچە بولسۇن.
△ ياشلىقىڭدا تىرىشمىساڭ شىجائەتتە،
ياشانغاندا قالىسەن نادامەتتە.
△ نەسىھەت ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق.
△ گەپ بىلگەندىن كۆرە ئىش بىل.
△ چېچەن ئادەم سۆزنى قىسقا قىلىدۇ.
△ تىلىڭ بىلەن دىلىڭنى بىر تۇت.
△ يۈزۈم ئاق بولسۇن دېسەڭ، ئىشىڭنى توغرا قىل.
△ ئويلىنىپ سۆزلە، قولاق سېلىپ تىڭشا.
△ بىلىم بىلگۈچىدە، ئەقىل سەزگۈچىدە.
△ ساختا دوست ئاشكارا دۈشمەندىن يامان.
△ ئىشچاننىڭ راھىتى مەڭگۈلۈك،
ھورۇننىڭ راھىتى بىر كۈنلۈك.
△ ياشنىڭ غەيرىتىگە باق،
قېرىنىڭ پاراستىگە.
△ بىلمىسىزلىكتىن قورقما،
تىرىشماسلىقتىن قورق.
△ زىرائەت تېرىمىسا ئۈنمەس،
ئادەم ئۆگەنمىسە بىلمەس.
△ ھورۇنغا ئىش يوق،
ئىشچانغا قىش يوق.
△ دەرەخنىڭ مېۋىسى تەنگە قۇۋۋەت،
بىلىمنىڭ مېۋىسى ئەلگە قۇۋۋەت.
△ راست سۆزنىڭ خىجالىتى يوق.
△ چۇمۇلىنىڭ پۇتىدىن ئۆگەنكى،
قۇشقاچنىڭ تىلىدىن ئۆگەنمە.
△ مېھنەتنىڭ قاتتىق بولسا، مېۋىسى تاتلىق بولىدۇ.
△ ئۆزۈڭغا باققاننىڭ كۆزى ئۆتكۈر بولىدۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ھەسەن تىلىۋالدى.

× ×

△ يۇرت سۆيگەن ئەر — سايىسى بار دەرەخ.
△ ئۆز ئېلىڭنىڭ جاپاسىدىن قاچما،
ئۆزگە ئەلنىڭ راھىتىگە ياندىشما.
△ ئۆز يۇرتۇڭ — تۇغقان ئاناڭ.
△ يۇرتقا پاتمىغان ھېچيەرگە پاتماپتۇ.
△ ئۆكسۈز بولسىمۇ ئۆيۈڭ ياخشى.
△ ياخشىغا يولداش بولساڭ ئېچىلۇر چېچىكىڭ.
يامانغا يولداش بولساڭ يىرتىلار ئېتىكىڭ
△ تىلەمچىدىن پۇل سورىما، ئەسكىدىن يول.
△ خۇشامەتچى تەمەخور كېلۇر،
يالغانچى باھانەخور.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

△ ھەمراھىڭ ئىت بولسا، قولۇڭدىن كالتەك چۈشمىسۇن.
ياخشى مۇلۇك ھېكىمنىڭ، بۇزۇلغاندا ھېچكىمنىڭ.

△ پىلدەك دۇنيادىن، قىلدەك بىلىم ئەلا.

△ ماگالماس ئېتىدىن كۆردۇ،
يازالماس خېتىدىن.

△ چاقىرمىغان تويغا داخىل بولغۇچە،
ئەسكى راۋابقا ناخۇل بول.

△ گۆھەرلىك بولۇشتىن، ھۈنەرلىك بولۇش ئارتۇق.

△ قىلىچنىڭ كۈچىدىن قەلەمنىڭ كۈچى ئارتۇق.

△ كىچىك پېئىل بولساڭ، كىچىكلەپ كەتمەيسەن

△ تولا گەپ داغ بولۇر قىسقا گەپ ياغ.

△ ئوغرى تۇمان ئىزدەيدۇ، ئىچى تار گۇمان.

△ قىزىڭنى نومۇسچان قىل، ئوغلۇڭنى تىرىشچان

△ تەنقىت ئاقارتىدۇ، ماختاش قاپارتىدۇ.

△ قوشناڭ كەلسە ئاشقا، چىرايىڭ بولمىسۇن باشقا.

△ قولۇڭ ياغ بولسا، قوشناڭغا سۈۋا.

△ قوشناڭ بىلەن ئوبدان ئۆتسەڭ بېشىڭ ساق بولۇر.
قوشناڭ بىلەن يامان ئۆتسەڭ چېچىڭ ئاق بولۇر.

△ ھورۇنلۇقتىن بالا كېلۇر باشقا،
ئىشچانلىقتىن گۈل ئۈنەر تاشقا.

△ ئەقىللىق ئۆزىدىن كۆرەر، نادان باشقىدىن.

△ سودىگەر تىلى بىلەن بازار تاپىدۇ،
گىلەم قىلى بىلەن.

△ نادان يۇرتتا موللا تولا،

△ تۆگە تويۇپ سەكرەيدۇ، ئاچ تولۇپ.

△ قۇرۇق ياغاچنىڭ ئىگىلگىنى سۇنغىنى،
مەرت يىگىتنىڭ ئۇيالغىنى ئۆلگىنى.

△ كۆچەت تىكسەڭ پۇتاپ تۇر،
تۈز لىم ئالىسەن.
بىكار بولساڭ كىتاب كۆر،
بىلىم ئالىسەن.

△ چەت بىنەمنىڭ تۆلكىسى كۆپ،
خوشامەتچىنىڭ كۆلكىسى.

△ ئۆچكىنىڭ مويى تۈگىمەس، بەگنىڭ ئويى.

△ ئال دېسە ئەئۇزۇبىللاھ، بېرىڭ دېسە ئەستەغپۇرۇللاھ.

△ ئەلنەغمىگە ئۇسسۇل كېرەك، دېھقانغا ھوسۇل.

△ ياغاچچىغا يېلىم كېرەك، ئىنسانغا بىلىم.

△ مەنسەپ تالاشقىچە بىلىم تالاش.

△ ئىتنى قازى قىلساڭ، قاۋاشقا قىستايدۇ.

△ سۇغا چۆككەن سامانغا ئېسىلىپتۇ.

△ ئايال كىشىنىڭ دۇنياسى — ساداقەتلىك ئەر كىشىدۇر.

△ قىلتىرىقسىز بېلىق بولماس، كەمچىلىكسىز ئادەم.

△ غۇرۇرۇڭنى يوقاتساڭ، ھەممىنى يوقىتىسەن.

△ ۋەتەنسىز كىشى ـ ناخشىسىز بۇلبۇل.

△ بىلمىسىزدىن ئۆلگە چىقماس، كۆڭۈلسىزدىن كۈلكە.

△ بايلىقنىڭ ئاتىسى ئەمگەك، ئانىسى يەر.

△ بىلىملىك ئەل غېمىدە، نادان ئەجەل غېمىدە.

△ تەمسىز قوغۇننىڭ ئۇرۇقى كۆپ.

△ يەككە قولدىن چاۋاك چىقماس،
پۇختا ئىشتىن كاۋاك.

△ كۈسىغا تاغاق كەتمەس، سوپىغا باغاق.

توپلىغۇچى غالىپجان ئوسمان

× × ×

∆ ئابدالدا ئۇيات يوق،
كېپەكتە قۇۋۋەت (يوق).

∆ ئاتا ـ ئانا ــ بالىنىڭ ئەينىكى.

∆ ئات يوق يەردە ئېشەكمۇ ئات.

∆ ئاتىنىڭ ئاقسىشى تاقىدىن،
چاپانىنىڭ ئەسكىشى ياقىدىن.

∆ ئات تويغان يېرىگە تارتىدۇ،
يىگىت تۇغۇلغان يېرىگە.

∆ ئات ــ مىنگەنىنىڭ، قىلىچ ئاسقانىنىڭ.

∆ ئاستىغا يول قويغان سودىگەر پايدا تاپالماس.

∆ ئاتىسى قىلغاننى بالىسى دوراپتۇ.

∆ ئاچنىڭ خۇداسى يوق.

∆ ئاچچىقىڭ كەلسە، بارمىقىڭنى چىشلە.

∆ ئاچ قورساققا ئاچچىقسۇ.

∆ ئاچ قورساققا يېسە مېغىز تېتىيدۇ،
توق قورساققا يېسە سېغىز تېتىيدۇ.

∆ ئاخۇنۇم سەللىسىگە ئىشىنىدۇ،
قۇشناچىم زەللىسىگە.

∆ ئادەم بىر كۆڭلەك ئىچىدە نەچچە
ئورۇقلاپ، نەچچە سەمرىدۇ.

∆ ئادەم ئۇلۇغ، يەر ئۇلۇغ.

∆ ئادەم كۆپ جايدا كۆز تولا،
سۆزلەيدىغان ئېغىز تولا.

∆ ئارزۇلاپ تېرىغان چىلگىنىڭ باش بۇرنىنى ئىت يېدى.

∆ ئاز كۆرگەن كۆپ تېگىرقايدۇ.

∆ ئاستىدىكىنى تالايدۇ،
ئۈستىدىكىنى سىيلايدۇ.

∆ ئالەم ــ دەريا، سىياسەت ــ كېمە،
كېمىسىز دەريادىن ئۆتمەن دېمە.

∆ ئالدىرىغان قالار، بۇيرۇغان ئالار.

∆ ئامەت ئۇگدىن كەلسە،
تەلەي دۆگدىن كەپتۇ.

∆ ئانار ئۇرۇقى بىلەن،
گۈل پۇرىقى بىلەن.

∆ ئەخمەق ئۆزىگە ئىش تاپىدۇ،
خام كاۋىغا يوتقان ياپىدۇ.

∆ ئەر كىشى نامرات بولسا بولسۇن،
قەرزدار بولمىسۇن.

∆ ئەسكى بولسىمۇ ئۆزۈمگە ياخشى.

∆ ئەقلىنىڭ خاتاسى ئىشتا تۈزۈلەر.

∆ ئەقىللىق ئەقلىغا ئىشىنىدۇ،
ئەخمەق چۈشىگە (ئىشىنىدۇ).

∆ ئەگرى ئازار، توغرا ئوزار.

∆ ئەل ئارىلىغان سىنچى،
توقاي ئارىلىغان ئوۋچى.

∆ ئەمەلدارغا ھىجايغان پۇقراغا ھومىيار.

∆ ئەيسانىڭ ئەلىمىنى مۇسادىن ئېلىپتۇ.

∆ باتۇر ئاڭقاۋ كېلىدۇ، پالۋان ئۆكتەم.

∆ باتۇرلۇق بىلەكتە ئەمەس، يۈرەكتە.

∆ بار بولسا تۇرالمايدۇ،
يوق بولسا چىدالمايدۇ.

∆ باشقا كەلگەندە باش قاشلاپتۇ.

∆ باشقا كەلگەندە باتۇر.

∆ باش كىرلەشسە تاز بولار،
پاختا كىرلەشسە ماز بولار.

∆ باغلاقتا تۇرمىغان كەسكىدە تۇرار.

∆ بال ساتقان بارمىقىنى يالار.

∆ بالدۇر تېرىغان ئاش ئالار.
كېيىن تېرىغان شاخ (ئالار).

∆ بەڭگە بوۋىسىنى ماختار،
موزدۇز كوۋۇسىنى (ماختار).

∆ بەڭگىگە ئېرىقتىكى سۇ دەريا كۆرۈنەر.

∆ بويۇن بولسا، بويۇنتۇرۇق تېپىلار.

∆ بۇزغىنىڭنىڭ سانى يوق،
تۈزگىنىڭنىڭ تايىنى (يوق).

uyghurkitap.com

△ بېگى بولمىسا، دوغىسى بار،
گۆشى بولمىسا، شورپىسى بار.
△ بېخىلغا بۇرنىنىڭ قەقچىمۇ ئەتىۋار.
△ بېلىقنىڭ ئۆزى سۇدا، كۆزى سىرتتا.
△ بېشى يوغان بەگ بولار،
پۇتى يوغان قۇل.
△ بىباك ھەممەملىككە يارىماس،
ناپاك مەھرەملىككە (يارىماس).
△ بىجاق كۇچـانىڭ نانچىسى،
شايار كۇچـانىڭ مالچىسى،
توقسۇ كۇچـانىڭ باغچىسى،
باي كۇچـانىڭ ياغچىسى.
△ بىر كـۈن يامغۇردا قالـسا، ھەپتە چۇشكۈرەر
△ بىر جاندىن، بىر ناندىن، بىر خاندىن زېرىكمەس.
△ بىر ئىت شەپىگە قاۋىسا،
ئون ئىت ئەرگىشىپ قاۋار.
△ بىرگە جازا، مىڭغا ئاگاھ.
△ بىر كەپتەردە قىرىق قىزنىڭ نازى بار.
△ بىكار يۈرسە ياسانچۇق،
ئىشقا بارسا قارانچۇق.

△ پادىچى ئىككى بولسا، ئارىدا توقلا ئۆلەر.
△ پالتا بار يەردە كەكە تور يېمەس.
△ پولو بىلەن ياغلاپتۇ،
لەگمەن بىلەن باغلاپتۇ،
ھاراق بىلەن جايلاپتۇ.
△ پۇل ئالدىدا ئېزىقما،
مەنسەپ دېسە قىزىقما.
△ پۇل بار چاغدا ئەسسالام،
پۇل يوق چاغدا ۋەسسالام.
△ پۇل ـ مال كېتەر بوشلۇقتىن،
ئىمان كېتەر خۇشلۇقتىن.
△ پۇل يوق — ھېساب يوق،
نان يوق قورساق يوق.
△ پۇلۇڭ يوق بازارغا بارما.
مەشۇقۇڭ يوق مەشرەپكە (بارما)
△ پىلانسىزنىڭ ئاتقان ئوقى نىشانسىز.

△ تادان توشقاننىڭ ئۇۋىسى ئۈچ.
△ تازغا كەمچەت تۇماق ياراشماس.
△ تاغلاردا كىيىك، ياپلاقتا قوي،
بىر جايدا يىغا، بىر جايدا توي.
△ تالالىقى بار،ئۆيى ئىچىلىكى يوق.
△ تالقان يەۋېتىپ، ئوتنى پـۈۋلـگىلى بولماس.
△ تەگرىدىن نالىما،
بەندىدىن رەنجىمە.
△ تەلەيىنىڭ تىكىشى يوق.
△ تەيپارلىق بار يەردە بالا ـ قازا يوق.
△ توغرا ئادەم سايىسىنىڭ ئەگرىلىكىدىن قورقمايدۇ.
△ تولا ئەرگە تەككەننىڭ ياقىسى چىت،
تولا خوتۇن ئالغاننىڭ ياقىسى پىت.
△ تومۇزدىكى ئورما بەدەندىكى ئەنگىزنى ئالار.
△ تويىنىڭ نىكاھ پەتىسى بار،
مېھماننىڭ كەلدى ـ كەتتىسى (بار).
△ تۈلكىنى كـۆرەڭلەتـكەن يـولۋاسـنىڭ ھەيۋىسى.
△ تېرىغانغا يەر قېرىماس،
ئىشلىگەنگە ئەر (قېرىماس).
△ تېرىغان ئۆزىدىن سورايدۇ،
تېرىمىغان كىشىدىن.
△ تىرناق ئەتتىن ئايرىلماس.
△ تىرىكنى تېزەككە تېگىشىپتۇ،

ئۈلۈكنى ئالتۇنغا.

△ تىلى بىلەن تىكەن تېرىغان ئاغزى بىلەن ئورار.

△ جاھىللىق ـ جان ئازابى.

△ جېسەكچىنىڭ ئۈلۈكى ساقچى بولۇپ تىرىلىپتۇ.

△ جىلە قىلساڭ مۇشۇكمۇ چىشلەيدۇ.

△ جىم ئاققان سۇمۇ غەرق قىلالايدۇ.

△ چاپىنىغا قارىما، ئادىمىگە قارا.

△ چاسا ئۈلچۈك يۇملاق مۇجۇققا چۈشمەس.

△ چاقىرىلمىغان مېھمان سۇپۇرۇلمىگەن يەردە ئولتۇرار.

△ چاڭقىغاندا سۇ بەر،
مۇزلىغانغا ئوت.

△ چوڭ ئۆينىڭ ئورتاق،
كىچىك ئۆينىڭ قورداق.

△ چىرىغىڭ قانچە بولسا،
سايەڭ شۇنچە بولار.

△ چىۋىن چاقسا ھەرىمىكىن دېمە،
ساقال باسسا قېرىمىكىن دېمە.

△ چىۋىننى مەيلىگە قويۇپ بەرسەڭ ئېـ
شىڭغا چىچىدۇ،
بالاڭنى مەيلىگە قويۇپ بەرسەڭ
بېشىڭغا چىچىدۇ.

△ خوتۇنغا ئامراق، بالىغا ئۆچ،
قايىماققا ئامراق، كالىغا ئۆچ.

△ خوتۇنۇم ئۆلدى—قامچام سۇندى.

△ دەرد سۆزلىتەر،
ئەلەم ئۆلتۈرەر.

△ دەردمەن كىشى — سۆزمەن كىشى،

△ دەردى يوق ئالەمدە يوق.

△ دەرەخ ئون يىلدا يېتىلىدۇ،
ئادەم ئەللىك يىلدا.

△ دەم ئېلىپ، دەرمان توپلا.

△ دوپپىغا پاتقان بېشىم جاھانغا پاتمىدى.

△ دوستلار ئارا ئاداۋەت تۇغۇلسا،
دۈشمەنىنىڭ كۆنى تۇغۇلار.

△ دوستۇڭنىڭ دۈشمىنى — دۈشمىنىڭنىڭ دوستى.

△ دېھقاننىڭ بۇرنىغا يەر پۇرايدۇ.

△ دىنسىزنىڭ ئەدىبىنى ئىمانسىز بېرىپتۇ.

△ زەرنىڭ دوستى تولا،
زەرگەرنىڭ دۈشمىنى (تولا)

△ زورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى خورلۇق.

△ سانسىزغا سان تەگدى،
ئىشتانسىزغا ھال (تەگدى).

△ سودا — سېتىق پۇلدىن باشقىنى تونۇماس.

△ سۇ تۆۋەنگە ماڭىدۇ،
تۈتۈن يۇقىرىغا.

△ سۇدا ئاققان سامانغا ئېسىلار.

△ سۇ كىچىكىدىن ئۆتكەن ئەر ئەمەس،
قان كىچىكىدىن ئۆتكەن ئەر.

△ سۇنىڭ ئېقىشىغا باق،
تۈكىنىڭ يېتىشىغا.

△ سۇ ئۇلغايسا كېمە كۆتۈرۈلەر،
سۆز ئۇلغايسا جېدەل (كۆتۈرۈلەر)

△ سۆگەتكە ئەۋرىشىملىك يارىشار،
قىيىنغا قاتتىقلىق (يارىشار).

△ سېنىڭ ماڭغان يولۇڭدىن،
مېنىڭ ئۆتكەن كۆۋرۈكۈم كۆپ.

△ سىناشقان دوست مۇڭداشقىلى ياخشى،
سۆيۈشكەن يار ئويناشقىلى ياخشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



△ شاگىرتتىنىڭ ھالىغا قاراپ ھۈنەر ئۈگەت.

△ شەنبە شىپكەر، ئازنا بىكار.

△ غەم باسسا، غەپلەتمۇ باسار.

△ قارىغۇنىڭ كەينىدىگە كىرسەڭ كوداڭغا يىقىلىسەن.

△ قامچىغا كۈچىمەي، يەمگە كۈچە.

△ قايغۇ كىبەل قىلىدۇ.
خۇشاللىق داۋالايدۇ،

△ قوشناڭ ساڭا باقمىسا،
سەن قوشناڭغا باق.

△ قوشناڭ كەلسە ئاشقا،
چىرايىڭ بولمىسۇن باشقا.

△ قوشناڭ يىغلىغاندا، سەن كۈلمە.

△ قولۇڭنى قۇل قىلىپ ئىشلەت،
پۇتۇڭنى ئۇي قىلىپ (ئىشلەت).

△ قۇشقاچنى قاردا تۇت،
قارىغۇنى ياردا (تۇت).

△ قۇشنىڭ چاڭگىسى بۇزۇلسا،
تۇخۇمى ساق قالماس.

△ قۇش ئۇچۇپ هارغاندا ئۇۋىسىنى تاپار.

△ قېرىنداشنى يۈرەك تونۇيدۇ.

△ قىرسىز يەر بولماس،
هۈنەرسىز ئەر (بولماس).

△ قىز تارتىنچاق كىبلەر،
يىگىت غەم يېمەس.

△ قىلىدىغىنى شۈكۈر،
تىلەيدىغىنى ئۆمۈر.

△ قىمىرلىغان قىر ئاشار.

△ كالاڭغا كۆڭۈل بۆلگىچە،
بالاڭغا كۆڭۈل بۆل.

△ كاۋىسى يوق پىلەكتىن،
تەمى يوق خەمەك ياخشى

△ كەتمەن ئەرنىڭ قولىدا بولغىنى بىلەن،
چۈمۈچ ئايالنىڭ قولىدا.

△ كەچ يات، سەھەر قوپ.

△ كەلگۈن سۇ ــ يىرتقۇچ هايۋان.

△ كونىلارنىڭ سۆزى ــ ئەقىلنىڭ كۆزى.

△ كۈچەتنى سۇندۇرغىچە قولۇڭنى سۇندۇر.

△ كۆرپە سالسا تىز ئۈيىلار،
داستىخان سالسا يۈز.

△ كۆرمەي تۇرۇپ ئاق دىمە،
سىنىماي تۇرۇپ ساق دىمە.

△ كۆرمىدىم دىسەڭ بىر سۆز،
كۆردۈم دىسەڭ مىڭ سۆز.

△ كۆزى كىچىكتىن كۆڭلى تار يامان.

△ كۆڭلى غەش بولسا، يىگىنى غەش بولۇر.

△ كۆڭۈل ئاغرىقىنى كۆڭۈل بىرىپ ئال.

△ كۈزدە ئۇخلىغان قىشتا مۈزلاپتۇ.

△ كۈلكە بىلەن يىغا قوشكىزەك.

△ كۈن چىقسا ھەپىرەڭ بولار،
كۈن چىقمىسا زەپىرەڭ.

△ كۈن كۆرۈنمىسىمۇ كەچ بولىدۇ.

△ كۈن ئۆرلىسە سايەڭ قىسقىرار،
تۈن ئۆرلىسە ئۆمرۈڭ قىسقىرار.

△ كىچىكلەردىن گۇناھ،
چوڭلاردىن ئەپۇ.

△ گەپ قىلىدىغان يۈز پوچىدىن،
ئىش قىلىدىغان بىر نوچى ئەلا.

△ لاچىن قاراپ تاپىدۇ، تۈلكە ماراپ،
بۆرە پوراپ.

△ مەس بىلەن بىللە ماڭساڭ ماڭ،
نەس بىلەن بىللە ماڭما.

(ئاخىرى 46 - بەتتە)

# چاغاتايچە لۇغەت

تۈزگۈچى: ئابلىمىت ئەخەت

## ئە①

**ئەقرەب** [عقرب] (ئە) چايان، چايان بۇرجى.

**ئەقرەبا** [اقربا] (ئە) [بىرلىكى: قەرىب] ئۇرۇغ - تۇغقانلار، ئەڭ يېقىن كىشىلەر.

«ھەمە ئەقرەبا بىرلە بولدى رەۋان،
چۇ ئول قەريە ئەشجارى بولدى ئەيان.»
— ئا. نىزارى.

**ئەقسا** [اقصا] (ئە) 1) ئەڭ ئۇزاق (يىراق) قىرغاق: بىرەر ئۆلكە ياكى شەھەرنىڭ يىراق بۇرجىكى؛ 2) چەت، ئۇزاق: يۇقىرى، تۆر.

**ئەقسا** بىلاد — ئەڭ يىراق مەملىكەتلەر؛

**ئەقسايى** رۇم — رۇمنىڭ ئەڭ چەت جايى؛

**مەسجىدى ئەقسا** — قۇددۇس شەھرىدىكى كاتتا مەسچىت؛

**مەقسەدى ئەقسا** — ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت.

**ئەقسام** [اقسام] (ئە) قىسىملار، ئۆلۈشلەر، بۆلەكلەر.

**ئەقسۇم** [اقسوم] «ئەخسۇم» غا قاراڭ.

**ئەقشام** [اقشام] كەچقۇرۇن، كەچكى پەيت؛ تۈن، ئاخشام.

**ئەقشام** زۇلمەتى — تۈن قاراڭغۇسى؛

**ئەقشام** كۈلى — ئاخشام خىرە - شىرەلىكى، تۇگمىشى؛

**ئەقشامغى** 【اقشام غى】 تۈندىكى، كېچىسىدىكى، ئاخشامقى.

**ئەقشام قۇرۇن** 【اقشام قرون】 كەچقۇرۇن.

**ئەقل** 【عقل】 (ئە) [كۆپلۈكى: ئۇقۇل] 1) ئەقىل، ئىدرەك، زېھىن؛ 2) دانالىق، بىلىمدانلىق؛ پەم - پاراسەت.

**ئەقل** ئالىدە — ئاڭلىق چۈشىنىش بويىچە؛ ئەقلەن؛

**ئەقل** ئالماق — مەپتۇن قىلماق، ھەيران قالدۇرماق؛

**ئەقل** ئەھلى — ئەقىللىقلار، ھۇشيارلار؛

**ئەقل** پىرى — تەپەككۇر ئۇستازى؛ پاراسەتلىك كىشىلەر؛

**ئەقل** چىرى — ئەقىل كۈچى، ئەقىل قۇۋۋىتى؛

**ئەقل** خىرمەنى — ئەقىل مۇجەسسەملىكى، يىغىندىسى؛

**ئەقل** دۇن — ئەقلى پەس؛

**ئەقل** دېھقانى — ئاڭلىق چۈشەنچە، مۇلاھىزە؛ تەجرىبىلىك، ئاڭلىق كىشى؛

**ئەقل** سەررافى — ئەقىل زەرگىرى، ئەقىل باھالىغۇچىسى؛

**ئەقل** كويى — ئەقىل - ئىدرەك يولى؛

**ئەقل** كۇل — 1) بۈيۈك ئەقىل، كاتتا ئەقىل؛ ئىلاھىي ئەقىل (تۇغما ئەقىل)؛ 2) جىبرەئىل؛

**ئەقل** مۇھەندىسلەرى — دانىشمەنلەر، ئالىملار، بىلىمدانلار؛

**ئەقل** مىزانى — ئاڭ، ئەقىل ئۆلچىمى، تارازىسى؛

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

ئەقىل نام ئاۋەرى ــ نام قويغۇچى ئەقىل؛
ئەقىل ھېسابى ــ ئاڭ دائىرىسى، چېگرىسى؛
ئەقىل ئوتى ــ زېھىن ئۆتكۈرلۈكى، ھۇشيارلىق؛
ئەقلۇ فەھمى خۇردەدان ــ نازۇك، تولغان ئەقىل؛
ئەقىل ئۆيى ــ مېڭە، پىكىر ــ خىيال؛
ئەقىل ۋەسۋاسى ــ ئەقىل ۋەسۋەسىسى؛ مەپتۇنلۇق؛ ئەقىل دولقۇنى؛
ئەقىل ئىشىگى ــ ئەقىل ئىشىكى؛ ئەقىل يولى، ئاڭلىق يول؛
ئەقلى جەۋھەرشۇناس ــ يېتۈك، كامىل ۋە سۆزنىڭ يوشۇرۇن سىرلىـ
رىنى ياخشى چۈشەنگۈچى نازۇك كىشلەرنىڭ ئىدراكلىرى؛
ئەقلى خۇردەبىن ــ ئۆتكۈر، سەزگۈر، نازۇك ئەقىل؛ پەم ــ پاراسەتلىك؛
ئەقلى خۇدبىن ــ پەقەت ئۆزىنى ئويلىغۇچى، ئۆزى ھەققىدىلا پىكىر
قىلغۇچى شەخس؛
ئەقلىدىن بېگانە ــ ئەقلىدىن ئازغان، تەلۋە؛
ئەقلى زايىل ــ ئەقلى كەتكەن؛ ئەقلىدىن ئېزىش، ئەقىلسىز بولۇپ قېلىش؛
ئەقلى زۇلمانىي ــ خىرە ئەقىل، ئۆتمەس زېھىن؛
ئەقلى سەركەش ــ ئىتائەتسىز، قەيسەر ئەقىل؛
ئەقلى سەلاھ ــ توغرا، ساغلام پىكىر؛
ئەقلى سىتەمكارە ــ جەبىر ــ زۇلۇم قىلغۇچى، جاپا يەتكۈزگۈچى ئەقىل؛
ئىشق يولىنى توسىدىغان ئەقىل؛
ئەقلى كۇلل ــ «ئەقىل كۇل» غا قاراڭ؛
ئەقلى مەسلەھەتىن ــ مەسلىھەت كۆرسەتكۈچى، توغرا يول، توغرا
پىكىرگە ئۈندىگۈچى ئەقىل؛
قەقلى مۇجەررەد ــ ساپ ۋە ئۆتكۈر ئەقىل؛ ئابستراكت ئەقىل؛
ئەقلى مۇستەقىم ــ ئېغىشمايدىغان، ئىككىلەنمەيدىغان، مۇستەقىل ئەقىل؛
بىر پىكىرلىك ئادەم؛
ئەقلى مۇھاسىب ــ پەم ــ پاراسەتكە بويسۇنغۇچى؛ ئاڭ، ئەقىل، ئىدراك.

ئەقلام 【اقلام】 (ئە) [بىرلىكى: قەلەم] قەلەملەر.

ئەقلايىن 【عقلايين】 (ئە) ئاقىلانە، ئاقىللارچە، دانالىق بىلەن.

ئەقلەن 【عقلاً】 (ئە) ئەقىل يۈزىسىدىن.

ئەقىل زۇدا 【عقل زدا】 (ئە) ئەقىلنى ئالغۇچى، ھوشسىزلاندۇرغۇچى؛ ئەقىلنى
يوقىتىدىغان، ئەقلىدىن ئايرىيدىغان.

ئەقىل كۇش 【عقل كش】 (ئە + پ) ئەقىلنى يوقاتقۇچى، ئەقىلگە نۇخسان يەتكۈزگۈچى.

ئەقلىيات 【عقليات】 (ئە) ئەقىلگە ئائىت، ئەقلىي ئىلىملەر.

ئەقمىشە 【اقمشه】 (ئە) [بىرلىكى: قۇماش] ھەرخىل توقۇلماماللار، ماتالار.

ئەقۋال 【اقوال】 (ئە) [بىرلىكى: قەۋل] سۆزلەر، گەپلەر، رىۋايەتلەر:
«چۇ مەردۇملۇق ئەقۋالى پايان ئولۇپ،

رەۋان چەكمەكى جان نەمايان ئولۇپ»
— ئا. نىزارى.

**ئەقۋام** 【اقوام】(ئە) [بىرلىكى: قەۋم] قەۋملەر.

**ئەقۋىيا** 【اقويا】 (ئە) بىرلىكى: قەۋىي] كۈچلۈكلەر، قاۋۇللار، قۇۋۋەتلىكلەر؛ چوڭلار.

**ئەقىدە** 【عقيده】 (ئە) 1) ئېتىقاد، ئىشەنچ؛ ئىخلاس؛ 2) چۈشەنچە، پىكىر، بىلىش.

«تەڭرى خانىن ئاچۇق ئەقىدە قىلىپ،
خەلقدىن روزى ئىستەگەن گومراھ»
— نەۋائى.

**ئەقىدە قىلماق** — 1) ئىشەنچ ھاسىل قىلماق؛ ئېتىقادلىق بولماق؛ 2) گۇمان قىلماق.

**ئەقىق** 【عقيق】 (ئە) قىممەتباھالىق قىزىل تاش، ھېقىق.

«لەئلى لەبىڭ كۆرەي دەبان كۆز ياشىم ئەيلەدىم ئەقىق،
خالى خەتىڭنى بىلمەدىم تۇرفە كىتابەتى دەقىق»
— زەللى.

**ئەقىق ناب** — ساپ، سۈزۈك ھېقىق؛
**ئەقىقى بىغەش** — تازا، ساپ ھېقىق؛ كۆچمە.م: قىزىل مەي، مەينىڭ قىزىلراقى؛
**ئەقىقى ناب** — «ئەقىق ناب» قا قاراڭ؛
**ئەقىقى يەمەن** — 1) يەمەن ھېقىقى؛ قىپقىزىل ھېقىق؛ 2) كۆچمە.م: قىپقىزىل لەۋ.
**لەب ئەقىقى** — لەۋ قىزىللىقى.

**ئەقىلە** [عقيله] (ئە) 1) باشچى، يولباشچى؛ 2) ئەقىللىق ئايال؛ پەرەنجىگە ئورالغان ئايال؛ 3) زەئىپ، ئاجىز.

**ئەقىم** [عقيم] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەقايىم] تۇغماس، پەرزەنتسىز؛نەتىجىسىز، مېۋىسىز.
**زەنى ئەقىم** — «ئەقىمە» گە قاراڭ؛
**مەردى ئەقىم** — پەرزەنتسىز ئادەم.

**ئەقىمە** [عقيمه] (ئە) تۇغماس ئايال.

**ئەكابىر** [اكابر] (ئە) [بىرلىكى: ئەكبەر] ئەڭ ئۇلۇغلار، ئەڭ كاتتىلار؛ مەر-تىۋىلىك كىشىلەر، مەنسەپدارلار.
**ئەكابىرۇ ئىزام** — ئەڭ كاتتا، چوڭ كىشىلەر؛
**ئەكابىر ۋە ئەشراف** — ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەتىۋارلىق زاتلار.

**ئەكابىرە** [اكابره] (ئە) ساسانىيلار سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ لەقىمى.

**ئەكاسىرە** [اكاسره] (ئە) «ئەكابىرە» گە قاراڭ.

**ئەكباد** [اكباد] (ئە) جىگەرلەر.
**ئەكباد پەيۋەند** — جانجىگەرلەر، تۇغقانلار.

**ئەكبەر** [اكبر] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەكابىر] ئۇلۇغ، كاتتا؛ ئەڭ كاتتا.

www.uyghurkitap.com



**ئەكتاف** [اكتاف] (ئە) [بىرلىكى: كەتىف، كەتىن] يەلكە، يەلكىلىرى.

**ئەكرەم** [اكرم] (ئە) ئەڭ ئالىيجاناب، ئەڭ سېخى؛ ئەڭ ياخشى، تولىمۇ ھىممەتلىك.

**ئەكرەمۇلئەكرەمىن** — كەرىم (ياخشى، ئالىيجاناب، ھىممەتلىك) لەرنىڭ كەرىمى؛ تەڭرى، خۇدا.

**ئەكرىمۇززەيفە** [اكرم الضيفه] (ئە) مېھماننى ھۆرمەت قىلىڭىزلار.

**ئەكس** [عكس] (ئە) 1) سۈرەت، تەسۋىر، شەكىل؛ ئىنكاس؛ 2) شولا، يالقۇن؛ 3) (بىرەر نەرسىنىڭ) ئەكس تەرىپى، ئەكسى، قارىمۇقارشى، زىت.

**ئەكس ئەيلەمەك** — كۆرسەتمەك، تەسۋىر قىلماق، تەسۋىرلىمەك؛

**ئەكس تاپماق** — ئەكسى، تەسۋىرىنى كۆرمەك، قوبۇل قىلماق؛

**ئەكس تۇتماق** — قارشى، زىت ئىش قىلماق؛

**ئەكس تۈشمەك** — سۈرىتى، تەسۋىرى چۈشمەك؛

**ئەكس سالماق** — تەسۋىرىنى سىزماق، ئەكس ئەتتۈرمەك؛

**ئەكس كۆرگۈزمەك** — شولىسى چۈشمەك، ئەكس كۆرۈنمەك.

**ئەكسەر** [اكثر] (ئە) 1) كۆپ، كۆپچىلىك، كۆپ سانلىق؛ 2) ئىنتايىن نۇرغۇن؛ 3) دائىملىق؛ 4) كۆپىنچە، ئومۇمەن؛ 5) كۆپرەك، ئوشۇقراق.

**ئەكسەرەش** [اكثرش] كۆپچىلىك؛ كۆپرەكى؛ كۆپىنچە؛ كۆپچىلىكى بىلەن.

**ئەككە** [عكه] (پ) سېغىزخان.

**ئەكل** [اكل] (ئە) يېمەكلىك؛ يېمىش؛ تاماق:

«فەراغەت تاپىپ ئەكل ـ ئاشادىن،
چىقاردى سۆزىن سەرۋ گۇلفامدىن»
— ئا. نىزارى.

**ئەكلۇ شورب** — يېمەك ـ ئىچمەك.

**ئەكمەل** [اكمل] (ئە) ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ يېتۈك، ئەڭ كامىل؛ ئەۋزەل.

«ھەر كىشىكىم ئىلمدە ئەكمەل دۇرۇر،
بەلكى مەلائىكدىن ئول ئەفزەل دۇرۇر»
— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قاراقاشى.

**ئەكمەلى دەۋران** — دەۋرنىڭ يېتۈك كىشىسى؛

**ئەكمەلى ئىنسان** — ئەلا ئىنسان، ئىنسانىنىڭ ئەڭ ياخشىسى.

گۇمنام، يۈگۈر ئەكمەلى ئىنسان كەتتى،
كۆكلۈك سەدەفىن تۈت لەبى نەيسان كەتتى»
— گۇمنام.

**ئەكمەھ** [اكمه] (ئە) تۇغما كور.

**ئەكناف** [اكناف] (ئە) ئەتراپلار، تەرەپلەر، تۆت ئەتراپ، ئۆپچۆرە، چېگرىلا.

**ئەكنۇن** [اكنون] (پ) ئەمدى؛ ئەمدىلىكتە؛ شۇ ۋاقت، شۇپەيت، شۇدەم:

«چەكتىم جەفانى ئەكنۇن تەندە ھالەت قالمادى،
كەزدىم شەھرۇ بەيابان دىلدە ھەسرەت قالمادى»

— مەشرەپ.

**ئەلا I** [الا] (ئە) ھاي، ئاگاھ بول، ئاڭلا! (ئۈندەش سۆز).

**ئەلا II** [على] (ئە) ......ئۈستىگە، ...گە؛ يۆكسەكلىك، ئالىي دەرىجە.

**ئەلا قەدرى مەراتىبىھىم** — ئۆز مەرتىۋىلىرىگە يارىشا؛

**ئەلا كۇللى ھال** — ھەر ھالدا؛

**نۇرەن ئەلا نۇر** — نۇر ئۈستىگە نۇر؛

**ئىززۇ ئەلا** — ئىززەت ۋە يۈكسەك مەرتىۋە، دەرىجىگە ئىگىلىك.

«تەمەننادۇر خەرابات ئەھلى ئىچرە خاكسار ئولماق،
كېرەكمەس دەھر ئېلىنىڭ بەزمىدە ئىززۇ ئەلا بىزگە.»

— مەھزۇن.

**ئەلاچە** [لاجه] ئالا، ئالا-بۇلا، چىپار؛ سەگەز (ماتا).

**ئەلاچە ھاشىيەلىك تون** — ئالا-بۇلا جىيەكلىك تون.

**ئەلاچۇغ** [الاجوغ] «ئالەچۇق» قا قاراڭ.

**ئەقل ئەلاچۇغى** — ئەقىل ئۆۋىسى، مېڭە؛ كۆڭۈل.

**ئەلاچۇغ ئېلى** — كۆچمەنچى خەلق.

**ئەلاچۇق** [الاجوق] «ئالەچۇق» قا قاراڭ.

**ئەلاخان** [الاخان] خانىۋەيران.

**ئەلاخان ئەيلەمەك** — خانىۋەيران قىلماق؛

**ئەلاخانۇ ئەلامان** — ئۆي-جايسىز، ماكانسىز، خانە-ۋەيران؛ ھايات تەشۋىشلىرى.

**ئەلاقە** [علاقه] (ئە) 1› مۇناسىۋەت، باغلىنىش؛ مۇئامىلە، ئالاقە؛ 2› سەللىنىڭ ئۇچى، ھالاقىسى.

**ئەلالا** [علالا] (ئە) 1› شاۋقۇن-سۈرەن؛ غەۋغا، قىيا-چىيا؛ 2› ئاۋاز؛ 3› ماجىرا؛ گەپ.

«يامان ئادەمىيلەر چۇ غەۋغا قىلىپ،
جەھان ئىچرە تۇرفە ئەلالا قىلىپ»

— ئا. نىزارى.

**ئەلالا ئەيلەمەك** — داد-پەرياد قىلماق، شاۋقۇن كۆتۈرمەك؛

**ئەلالا تۈشمەك** — غەۋغا، توپىلاڭ باشلانماق؛

**ئەلا سالماق** — شاۋقۇن-سۈرەن سالماق، غەۋغا كۆتۈرمەك.

www.uyghurkitap.com

**ئەلامان** [الامان] «ئەلاخان» غا قاراڭ.

**ئەلامەت** [علامت] (ئە) 1 › بەلگە، نىشان، ئىز، 2 › ھادىسە.

**ئەلئان** [الآن] (ئە) ھازىرلا، شۇ پەيتتە.

**ئەلانىيە** [علانيه] (ئە) ئاشكارا، ئوچۇق.

**ئەلاھازەلقىياس** [على هذاالقياس] (ئە) شۇنىڭغا قىياسەن، شۇنىڭغا ئوخشاش؛ ئېھتىمال؛

«كۆزۈ لەئلى بەرق سىررىن بىلمەك ئەتسەڭ ئىلتىماس،
ئۆرتەمەكلىكدۇر جەھان ئەھلىن ئەلاھازەلقىياس»
— ئەرشى

**ئەلايىق** [علايق] (ئـە) [بىرلـىكى: ئەلاقە] 1 › باردى ـ كەلـدىلەر، ئالاقىلەر، باغلىنىشلار، مۇناسىۋەتلەر؛ 2 › دۇنيا ـ مېلىغا ھەۋەس قىلىش:

«ئەتائى، كەچ بۇ دۇنيادىن، ئەلايىق تەركىنى قىلغىل،
سەلاتۇ سەۋم ئاشىقغە بۇ كۈن تەركى ئەلايىقدۇر.»
— ئەتائى.

**ئەلەپەكە** [الاپكه] ئۆردەكنىڭ بىر تۈرى.

**ئەلەپۆكە** [الاپوكه] «ئەلاپەكە» گە قاراڭ.

**ئەلئاتەش** [العطش] (ئە) ئۇسساش، ئۇسسۇزلۇق تەشنالىق.

**ئەلەددەۋام** [على الدوام] (ئە) دائىما، ھەمىشە، ھەممە ۋاقىت، ئۈزلۈكسىز:

«ئەسبابى ئەيش بولسا مۇھەييا ئەلەددەۋام،
ئالەمدە يوق مۇغەننى، دانا سۇخەنۋەرى.»
— سەبۇرى.

**ئەلئەدل** [العدل] (ئە) ئادالەت، ئادىللىق.

**ئەلەر** [الار] (ئە) 1 › ئۇلار؛ 2 › ئۇ (ھۆرمەت مەنىسىدە).

**ئەلەز (ز)** [الذ] (ئە) ئەڭ لەززەتلىك.

**ئەلەست** [الست] (ئە) 1 › مەن ئەمەسمۇ؟ 2 › ئەزەلىيەت، ئىپتىداسىز زامان-نىڭ دەسلەپكى پەيتى.

**جامى ئەلەست** ـ تەقدىر نېسىۋىسى؛

**گۈلزارى ئەلەست** ـ دۇنيانىڭ باشلىنىشى.

**ئەلەسسەباھ** [على الصباح] (ئە) ئەتىگەن تاڭدا، ئەزاندا، ئەتىگەنلەپ.

**ئەلەسسەۋىيە** [على السويه] (ئە) باراۋەر، باپباراۋەر، تەڭ.

**ئەلئەسمائۇ** [الاسماء] (ئە)

**ئەلئەسمائۇ تەنزىلۇ مىنەسسەمائ** ـ ئىسىملار ئاسماندىن چۈشىدۇ.

**ئەلەف** [علف] (ئە) ئوت، كۆكات (كۆكتات)، زىرائەت، يېمەك.

**ئەلەف بەھا** ـ زىرائەتلەرنىڭ كۆكىگە قاراپ بەلگىلەنگەن سېلىق.

**ئەلەلخۇسۇس** [على الخصوص] (ئە) خۇسۇسەن، بولۇپمۇ.

**ئەلەلئىتلاق** [على الاطلاق] (ئە) مۇتلەق، ئومۇمىيەتلىك بىلەن، ئومۇمىي رەۋىشتە.

**ئەلەلئىجمال** [على الاجمال] (ئە) قىسقا قىلىپ ئېيتقاندا، يىغىپ ئېيتقاندا.

**ئەلەلئىهتىمال** [على الاحتمال] (ئە) ئېهتىمالغا يېقىن:

«بارىپ ئول شەھەرگە قىلغىلار سوئال،
بىلۇر ئادەمى بار ئەلەلئىهتىمال»

— ئا. نىزارى.

**ئەلەم I** [علم] (ئە) 1› ئالامەت، بەلگە، نىشان؛ 2› بايراق، تۇغ؛ 3› كۆتۈرۈلگەن؛ كۆچمە. م: يالقۇن:

«ئوت ئەلەم تارتار ئىمىش ئەفلاككە.
بەرق تۇشكەندەك خەسۇ خاشەككە»

— نەۋائى.

«سەھەر خۇرشىدى شاھى تاغ ئۈزە زەررىن ئەلەم چەكتى،
داغى پەرتەۋ ساچىپ گەردۇن ئارا تۇرلۇك رەقەم چەكتى»
— ئەرشى.

ئەلەم ئەيلەمەك — كۆچەم: مەشھۇر قىلماق، ھەممىگە تونۇنماق؛ بايراق قىلىپ كۆتۈرمەك؛

ئەلەم بولماق — كۆچمە م: مەشھۇر بولماق، نام چىقارماق، تونۇلماق؛

ئەلەم تارتماق — «ئەلەم چەكمەك» كە قاراڭ؛

ئەلەم چەكمەك — 1› بايراق تىكمەك؛ بايراق كۆتۈرمەك؛ 2› يۈرۈش قىلماق؛ گۈزەللىك كۆرسەتمەك؛ 3› يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەك؛ زورايماق؛

ئەلەم سۇتۇنى — بايراق دەستىسى؛ غەلىبە بەلگىسى؛

ئەلەم قىلماق — «ئەلەم ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛

ئەلەم كۆتەرمەك — بايراق كۆتۈرمەك؛ كۆتۈرۈلمەك؛ چىقماق (قۇياش)؛ نۇر تاراتماق؛

ئەلەم ئۇرماق — 1› بايراق تىكمەك؛ جەزم قىلماق، مەقسەت قىلماق؛ نام چىقارماق؛ يېگانە بولماق؛ 2› كۆتۈرۈلمەك؛ زورايماق، كۈچەيمەك، ئەۋج ئالماق؛ مەرتىۋىگە ئېرىشمەك، 3› نىشانە،بەلگە بەرمەك؛

ئەلەمى زەركەش — زەرلەنگەن بايراق؛ قۇياش؛

ئەلەمى نىگۇنسار بولماق — تەسلىم بولماق، تەن بەرمەك؛ يەر بىلەن يەكسان بولماق؛

ئەلەمى يىقىۇق — كۆچمە م: ئاجىز، قولى قىسقا؛ مەغلۇپ؛

سۇتۇنى ئەلەم — «ئەلەم سۇتۇنى» غا قاراڭ.

**ئەلەم II** [علم] (ئە) ئاتاقلىق ئات.

**ئەلەم III** [الم] (ئە) 1› ئاغرىق، دەرد، ئەلەم؛ رەنج، غەم، قايغۇ، ئازاب. ھەسرەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەلەم چەكمەك ــ دەرد تارتماق، قىينالماق، ئازاب تارتماق؛
ئەلەم قويماق ــ غەم ـ ئەندىشىگە سالماق، خاپا قىلماق؛
ئەلەم يەتكۈزمەك ــ ئازار بەرمەك، ئاغرىتماق.

**ئەلئەمان** [الامان] (ئە) ئۈندىدش سۆز: ياردەم بېرىڭ! قۇتقۇزۇڭ!
«لەھزە ـ لەھزە باش چىبكەر ئىشقىم شەرابى، ئەي رەفىق،
ئەلئەمان، شەۋقى مۇھەببەت شۇئلەسىدىن ئەلئەمان»
ــ نەۋائى.

**ئەلەم ئەنگىز** [الم انگیز] (ئە+پ) 1) ئەلەم قوزغاتقۇچى، ئەلەمگە سالغۇچى؛ 2) غەملىك، قايغۇلۇق دەردلىك.

**ئەلەم پەرۋەرد** [الم پرورد] (ئە+پ) دەرد ـ ئەلەملىك، ھەسرەتلىك.

**ئەلەمترا ز** [علم طراز] (ئە) سۆرىتى بايراقنى بېزىگۈچى.

**ئەلەمسەنج** [الم سنج] (ئە+پ) غەم ۋە ھەسرەتلىك؛ئازاب تارتقۇچى.

**ئەلەمشوي** [الم شوی] (ئە+پ) دەرد ـ ئەلەمنى كەتكۈزۈدىغان.

**ئەلەمكەش** [علم کش] (ئە+پ) بايراقچى، بايراق كۆتۈرگۈچى؛ بايراقدار:
«كى مەھزۇن دىدى: ‹بۇ نە يەكلىغ ئۆمۈر؟
ئەلەمكەش باشىمدا تاپىپدۇر زۇھۇر›»
ــ ئا. نىزارى.

ئەلەمكەش ئولماق ــ كۆچمە م: يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەك.

**ئەلەن** [علن] (ئە) ئاشكارا، ئايان، ئوچۇق.
ئەلەن ئەتمەك ــ ئاشكارا قىلماق.

**ئەلەيھىسسەلام** [علیه‌السلام] (ئە) ئۇنىڭغا سالاملار بولسۇن! (پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ ئېيتىلىدىغان ھۆرمەتنامە: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، دېگەنگە ئوخشاش).

**ئەلباس** [الهاس] (ئە) [بىرلىكى: لىباس] «ئەلبىسە» گە قاراڭ.

**ئەلبورز** [البرز] (پ) ئىران مازەندەرانىدىكى تاغنىڭ نامى.

**ئەلبىسە** [البسه] (ئە) [بىرلىكى: لىباس] لىباسلار، كىيىملەر، ئۈستىباشلار.

**ئەلتاف** [الطاف] (ئە) [بىرلىكى: لۇتۇف] 1) ئىلتىپاتلار، مەرھەمەتلەر، يۇمشاقلىقلار، ياخشىلىقلار؛ 2) يېقىملىقراق.

**ئەلتەف** [الطف] (ئە) ئەڭ ئىلتىپاتلىق، ئەڭ نازۇك، ئەڭ مۇلايىم.

**ئەلدەلدەغە** [الدالداغه] ئۆردەكنىڭ بىر تۈرى.

**ئەلسىنە** [السنه] (ئە) [بىرلىكى: لىسان] تىللار.

**ئەلغەرەز** [الغرض] (ئە) خۇلاسە، نەتىجە (شۇكى):
«تۇرمادۇق ئول لەنگەر ئارا، ئەلغەرەز،
يول يۈرۈمەك بولدى قەلەندەرگە فەرز»
ــ زەلىلى.

**ئەلف** [الف] (ئە) مىڭ (1000).
**ئەلفە—ئەلفە—مىڭ ـ مىڭ، مىڭلاپ؛ ئەلفۇ ئەلف—«ئەلفە—ئەلفە»** گە قاراڭ.

**ئەلفاز** [الفاظ] (ئە) [بىرلىكى: لەفز] 1) لەۋزلەر، سۆزلەر، ئىبارىلەر، جۈملىلەر؛ 2) سۆز قىلىش ئۇسۇلى، تەلەپپۇز؛ 3) تىل:

«زەمانىكى ئول شەھغە كەچمىش خەيال،
قىلۇر نەزم ئەلفازى دەفئى مەلال»
— ئا. نىزارى.

**ئەلفازى شىرىن** — تاتلىق (شىرىن) سۆزلەر؛
**ئەلفازى فەسىھ** — گۈزەل سۆز، چىرايلىق نۇتۇق؛
**تۈرك ئەلفازى** — تۈرك سۆزلىرى؛
**چىن ئەلفاز** — راست سۆزلەر.

**ئەلفەقىرۇلھەقىر** [الفقرالحقير] (ئە) پېقىر ۋە كەمتەرىن، كەمىنەئي كەمتەرىن، پېقىر ۋە كەمتەر.

**ئەلفىراق** [الفراق] (ئە) ئايرىلىش، ئاجرىلىش ئالدىدا ئېيتىلىدىغان «(ئەلۋىداڭ» رولىدىكى ئۈندەش سۆز:

«يىراغلىقدىن ئانداغ يىراقتىن يىراق،
زىھى ئۇن چېكىپ: «ئەلفىراق، ئەلفىراق»
— ئا. نىزارى.

**ئەلقاب** [القاب] (ئە) [بىرلىكى: لەقەب] 1) لەقەملەر، ناملار، تەخەللۇسلار؛ 2) سۆپەتلىگۈچى ماختىغۇچى سۆزلەر.

**ئەلقەماق** [القماق] (القاماق) ئالقىشلىماق (قارغىماقنىڭ زىت مەنىسى)، كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىماق.

**ئەلقىسسە** [القصه] (ئە) خۇلاسە؛ ھېكايىمىزغا كېلەيلى؛ شۇنداق قىلىپ؛ خالاس.

**ئەلكاسىب** [الكاسب] (ئە) ھۈنەرۋەن، كاسىپ.
**ئەلكاسىبۇ ھەبىبۇللاھ** — كاسىپ (بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى) ئاللانىڭ دوستىدۇر.

**ئەلكەن** [الكن] (ئە) تىلسىز؛ كېكەچ؛ گاچا؛ لال.

**ئەلكىن** [الكن] مېھمان.

«ئارپا، بۇغداي سامانىنى سەلكىن ئايرىيدۇ،
ياخشى بىلەن يامانلارنى ئەلكىن ئايرىيدۇ»
— خەلق قوشىقى.

**ئەللاف** [علاف] (ئە) 1) ئاشلىق سودىگىرى؛ 2) تۈگمەنچى؛ 3) ئۇن بازىرى.
**ئەللام** [علام] (ئە) ئەڭ بىلىملىك، ئالىم؛ تەڭرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


**ئەللامە** [علامە] (ئە) ئاتاقلىق، بۈيۈك؛ ئالىم:
«جۇنۇن دەرسىنى ئېيتۇرمەن مەگەر پىرى مۇغان بىلگەيە
زەلىلى سۆزنى نازۇك ئەيلەدىڭ، ئەللامە بىلمەيدۇر»
— زەلىلى.
**ئەللامەئى كىشۋەر** — مەملىكەتنىڭ يېتۈك ئالىمى؛
**ئەللامۇل غۇيۇب** — غايىبنى بىلگۈچى:
«يەنە غايىبغە ئەللامۇل غۇيۇبسەن،
قۇلۇڭ ئەيبىگە سەتتارۇل ئۇيۇبسەن»
— خەراباتى.

**ئەللان** [علان] (ئە) تۆھپىكار.

**ئەللاھ** [الله] (ئە) ئاللا (خۇدانىڭ نامى)؛ خۇدا، تەڭرى.
**ئەللاھ — ئەللاھ!** — خۇدا - خۇدا؛ كۆچمە م: ئەي! ئەجەبا! (ھەيرەت، تەئەججۇپنى ئىپادىلەيدىغان ئۈندەش).

**ئەللەتىف** [اللطيف] (ئە) ئەڭ نازۇك، ئەڭ مۇلايىم، ئەڭ يېقىملىق.

**ئەلماس** [الماس] ئالماس، قىممەتباھا قېزىلما مېتال.

**ئەلمۇتەخەللىس** [المتخلص] (ئە) تەخەللۇسلۇق، تەخەللۇسلانغان، نام ئالغان، لەقەملىك.
**ئەلمۇتەخەللىس بىن نەۋائىي** — نەۋائىي تەخەللۇسنى ئالغان.

**ئەلمۇتەكەللىم** [المتكلم] (ئە) سۆز ئىگىسى، سۆزلىگۈچى.

**ئەلمۇلەققەب** [الملقب] (ئە) لەقەملەنگەن، لەقەملىك.
**ئەلمۇلەققەب بىن نەۋائىي** — نەۋائىي دەپ لەقەملەنگەن.

**ئەلمۇلكۇلەھۇ** [الملك له] (ئە) مۇلۇك ئۇنىڭغا (خۇداغا) تېگىشلىك.

**ئەلمىننەتۇ** [المنة] (ئە) شۈكرى، تەشەككۇر.
**ئەلمىننەتۇ لىللاھ** — خۇداغا شۈكرى.

**ئەلھان** [الحان] (ئە) [بىرلىكى: لەھن] 1› ياخشى، يېقىملىق ئاۋازلار، تاۋۇشلار؛ قۇشلارنىڭ سايرىشى؛ 2› كۈي، ئاھاڭ، نەۋا:
«مۇغەننى دەرد مەندانە غەزەلخان،
تۇزۇپ بۇلبۇل نەۋا بۇ قۇمرى ئەلھان»
— لۇتفى.

**ئەلھانسەرا** [الحانسرا] (ئە + پ) سايرىغۇچى؛ ناخشىچى.

**ئەلھاننەماي** [الحان نماى] (ئە + پ) تۈرلۈك ئاھاڭدا كۈيلىگۈچى، شېرىن تىل بىلەن ھېكايە قىلغۇچى.

**ئەلھەزەر** [الحذر] (ئە) 1) ئېھتىيات قىلماق، ئاۋايلىماق، پەخەس بولماق،

دىققەت قىلماق؛ 2 › كۆپىنچە ئۇندەش مەنىسىدە ئىشلىتىلىپ: «ھەزەر قىل! ساقلان! پەخەس بول! ساقلا!» غا ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈردۇ:

«جەفايۇ جەۋر يەتكۈرگەچ سىپىھرى نىلۇفەر تەنھا،
قەدەم دەرۋازەئى فەقر ئۈزرە قويدۇم ئەلھەزەر تەنھا.»
— زەلىلى.

**ئەلھەق** [الحق] (ئە) ھەقىقەتەن، توغرىسى، راستىن.

**ئەلھەمدۇلىللاھ** [الحمدلله] (ئە) 1 › بارلىق مەدھىيە تەڭرىگە خاس: خۇداغا ھەمدىلەر بولسۇن؛ 2 › خۇداغا شۈكرى:

«كەلدىم ئىشىككە دەپ ‹شەيئى لىللاھ›،
كۆردۈم يۈزۈڭنى، ئەلھەمدۇلىللاھ»
— مەشرەب.

**ئەلۋان** [الوان] (ئە) [بىرلىكى: لەۋن] رەڭلەر، بوياقلار، رەڭگارەڭ، تۈرلۈك - تۈمەن.

«ئوتۇن گەر نەچچە ئەلۋاندۇر، كۆيۈپ ئوت بولسە يوق فەرقى،
ئەدەد مەئدۇم ئولۇر ئول ئوت كەبى سوزۇ جەلالىڭدىن»
— گۇمنام.

**ئەلۋاھ** [الواح] (ئە) [بىرلىكى: لەۋھ] لەۋھەلەر، تىكىست تاختىلىرى.

**ئەلۋىدائ** [الوداع] (ئە) كېتەر (ئايرىلىش) ۋاقتىدا خەيرلىشىش (خوشلىشىش) ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان: خەير، خوش قىلىش ... مەنىلىرىدىكى سۆز؛ خەيرخوش، ئەلۋىدا، ياخشى قېلىڭ:

«قىلىپ ئول زەمان پىر ئىلە ئەلۋىدائ،
چۇ شەھزادە بارماقغە قىلدى شۇجائ»
— ئا. نىزارى.

**ئەلۋىدائ قىلماق** - خەيرلەشمەك؛ تەرك ئەتمەك؛ ۋىدالاشماق.

**ساغەرى ئەلۋىدائ** - كېتىش، خەيرلىشىش ئالدىدا ئىچىلىدىغان مەي.

**ئەلى** [على] (ئە) مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ خەلىپىلىرىدىن تۆتىنچىسى ۋە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ كۈيوغلى.

**ئەلى زۇلفىقارى** - ئەلىنىڭ قىلىچى.

**ئەلىف** [الف] (ئە) 1 › ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى بىرىنچى ھەرپ «ا» نىڭ نامى؛ 2 › ئوق، نەيزە؛ ھايات ۋاستىسى؛ 3 › «ئەبجەد» ھىسابىدا بىر؛ 4 › كۆچمە م: تىك شەكىل، تىك قامەت؛ 5 › كۆچمە م: كىشىنىڭ بەدىنىگە (ياكى يۈزىگە) چېكىلگەن خال (داغ) نىڭ تىك تۇرغاندىكى شەكلى؛ 6 › ئاھ، نالە، ئىمز، نىشانە؛ ئەكس:

www.uyghurkitap.com



«ئەلىق ئىردى قەدىم، ئەي شاھى خۇبان، ئەمدى نۇن يەڭلىغ،
ستەمگەر بى مۇرۇۋۋەت كۆرمەدىم دۇنيايى دۇن يەڭلىغ»
— زەلىلى.

«كى مىژگان ئوقىنى قاش ياسىدىن ئول ماھ رۇخسارە،
ئەلىق ئىرمەس ئوقىدۇر «جان» ئىچىندە جانغە ئاتغاندۇر»
— ئەرشى.

ئەلىق چەكمەك — ئېلىپ شەكلىدە سىزماق، يازماق؛
ئەلىف كەسمەك — 1› بەدەنگە، يۈزگە ئېلىپ شەكلىدە خال ئويماق؛ 2» مۇشەققەت چەكمەك.

ئەلىق [اليق] يەم ـ خەشەك.

ئەلىل [عليل] (ئە) ئىللەتلىك، نۇقسانلىق كېسەل؛ بىمار (ئاغرىق)؛ غەش؛ دەردمەن، ئاجىز.
ئەلىل قىلماق — خار قىلماق؛ تارتىنماق؛ ھەزەر قىلماق؛ ئاغرىتماق؛ ئاجىزلاشتۇرماق.

ئەلىم I [عليم] (ئە) بىلەرمەن (بىلگۈچى)، دانا،

ئەلەم II [الم] (ئە) ئەلەملىك؛ ئەلەم قىلغۇچى، مۇشەققەتلىك؛ ئېغىر.
ئەزابى ئەلىم — ئېغىر ئازاب، قاتتىق ئازاب.

ئەلىيۇلئەزىم [على العظيم] (ئە) ئەڭ ئالىي، ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ يۈكسەك.
«ئىلاھا، سىفاتىڭ ئەلىيۇلئەزىم.
كى ئەللاھ زاتىڭ، سىفاتىڭ قەدىم»
— ئا. نىزارى.

ئەلياق [اليق] (ئە) ئەڭ لايىق، ئەڭ مۇناسىپ؛ مۇناسىپراق، لايىقراق؛ ئوخشاشراق؛ كېلىشكەن.

ئەما [عمى] (ئە) كور، قارىغۇ، ئەما؛ كورلۇق.

ئەمارەت [امارت] (ئە) ئەمىرلىق. ھاكىملىق، بەگلىك، ئەمىرگە قاراشلىق، مەنسەپدارلىق؛ ھۆكۈمرانلىق؛ بۇيرۇق قىلىش.
ئەمارەت دىۋانى — مەھكىمە؛
ئەمارەت سىيتى — ئەمىرلىك ھاكىملىق شان ـ شۆھرىتى.

ئەمارەت مەئاب [امارت مآب] (ئە) ئەمىرلىك مەنسىپىدىكى (ئەمىرنىڭ ئۇنۋانى)؛ ئەمىرلىك مەنسىپىدە تۇرغۇچى؛ ئەمىرلىكنى كۆزەتكۈچى.

ئەمارى [عمارى] (ئە) 1› ئادەم تۇشۇش ئۇچۇن تۆگە ياكى پىلغا ئارتىلغان كاجىۋا، بالداق؛ 2› كۆچمە م: جىنازا، تاۋۇت.
چۇبىر نەئش ئەمارىغە كىردى ئىكەۋ،
كى ئۆلگەن كىلىن بىرلە جانسىز كۈيەۋ»
— ئا. نىزارى.

**ئەماسىل** [امائل] (ئە) [بىرلىكى: مىسل] ئوخشاشلار؛ «ئەمسالI» گە قاراڭ.

**ئەمامە** [عمامه] (ئە) سەللە، دەستار.

«ئەفەندى سەن مەگەر ئىسلام ئېلىنىڭ شەھىرىدە ئەلهەق،
باشىڭدا بىر قۇچاق ئەممامەئى جۇجى زەرىن دەرلەر.»
— زەلىلى.

**ئەمان** [امان] (ئە) 1 › خەۋپسىزلىك، ئاسايىشلىق؛ نىجات، قۇتۇلۇش، خالاس بولۇش.

ئەمان تاپماق — 1 » تىنچلىق، پاراغەتتە بولماق؛ 2 › نىجات تاپماق، قۇتۇلماق.

ئەمان ھىرزى — سېھىر ۋە جادۇغا قارشى يازدۇرۇلغان تۇمار.

**ئەمانىي** [امانى] (ئە) ئەپۇ، كېچىرىم.

خەتتى ئەمانىي — ئەپۇ قىلغۇچى كەچۈرۈم خېتى، ئازادلىق خېتى.

**ئەمەد** [عمد] (ئە) ياغاچ، تۈۋرۈك.

**ئەمەل I** [عمل] (ئە) 1 › ئۈمىد، ئىستەك، تىلەك، ئارزۇ؛ 2 › ئىش، ھەرىكەت؛ ئىجرا؛ 3 › مەنسەپ؛ خىزمەت؛ ۋەزىپە.

ئەمەل ئەھلى — ئەمەلدارلار؛

ئەمەل ئەيلەمەك — 1 › (بىرەر ئىشنى) بېجىرمەك، ئىجرا قىلماق؛ 2 » رىئايە قىلماق؛ ئىش تۇتماق؛

ئەمەل قىلماق — «ئەمەل ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛

ئەمەل مۇفلىسلىغى — ياخشى ئىشلارنىڭ بولماسلىقى؛

ئەمەل مىزانى — ئەمەل ئۆلچىمى؛

ئەمەل ھىرىسى — ئەمەلگە بېرىلىش.

**ئەمەل II** [امل] (ئە) كۆي، ناخشا، ئاھاڭ.

ئەمەل ئەھلى — كۆيچى، كۆيلىگۈچى؛

ئەمەلۇ قەۋل — كۆي - ئاھاڭ.

**ئەمەلە** [عمله] (ئە) 1 › ئەمەلدارلار؛ خىزمەتچىلەر؛ 2 › ئىش بېجىرگۈچىلەر؛ 3 › پائالىيەت؛ ئىشلىنىش.

**ئەمەمتار** [امطار] (ئە) [بىرلىكى: مەتەر] يامغۇرلار، ھۆل - يېغىن؛ تامچىلار.

**ئەمجاد** [امجاد] (ئە) يۈكسەك دەرىجىلىك، شۆھرەتلىك، ئالىي نەسەب.

**ئەمدا** [عمدا] (ئە) قەستەن، بىلىپ تۇرۇپ، ئەتەي، ئەتەيلەپ.

**ئەمدەن** [عمدا] (ئە) «ئەمدا» غا قاراڭ.

**ئەمر** [امر] (ئە) 1 › بۇيرۇق، ھۆكۈم، پەرمان؛ 2 › ھەققىدە، خۇسۇسىدا، توغرىسىدا؛ 3 › ئىش، ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسە.

ئاۋ ئەمرى — ئوۋ ئىشى؛

ئەمر ئەتمەك — «ئەمر قىلماق» قاقاراڭ؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمرئەيلەمەك ــ بۇيرۇق بەرمەك، بۇيرۇماق، پەرمان قىلماق؛
ئەمردىن شەيرى ــ بۇيرۇقتىن تاشقىرى؛
ئەمرقىلماق ــ بۇيرۇماق، پەرمان بەر مەك؛
ئەمرۇنەھىي ــ بۇيرۇش، ئۈندەش (ياخشى يولغا) ۋە قايتۇرۇش (يامان يولدىن)؛
ئەمرۇنەئى ــ قىلىشقا بولىدىغان ۋە بولمايدىغان ئىشلار؛
ئەمرى خىلاف ــ بۇيرۇققا خىلاپ ئىش قىلىش؛
ئەمرى غەرىب ــ دىققەتنى جەلپ قىلغۇچى ھادىسە؛
ئەمرى مەھال ــ قىيىن، بىجىرىش مۇشكۈل بولغان ئىش:

«ئانىڭ خىزمەتىنى چۇ قىلسام خەيال،
كى ئەجرىنى ياندۇرماق ئەمرى مەھال»
ــ ئا. نىزارى.

ئەمرى مەئرۇف ــ ياخشىلىققا ئۈندەش؛
ئەمرى ھىدايەت ــ توغرا بۇيرۇق، ھەققانىي بۇيرۇق؛ توغرا يول؛
ئەمرى ئىتتىفاقىي ــ بىر - بىرىدىن خەۋەرسىز ھالدا بىرخىل ئىش قىلىپ قويۇش، ئەينەن بىر خىل شېئىر يېزىش؛ تۇيۇقسىز بىرەر ھادىسىنىڭ يۈزبېرىشى.

ئەمراز [امراض] (ئە) [بىرلىكى: مەرەز] كېسەللىكلەر.
ئەمراغ [امراغ] (ئە) ئۆزىگە تارتىش، خۇشال قىلىش، بەزلەش.
ئەمراغ ئەتمەك ــ ئۆزىگە تارتماق، خۇشال قىلماق، بەزلىمەك.
ئەمرەد [امرد] (ئە) ياش، يىگىت.
ئەمرەق [امرق] (ئە) دوستلۇق، ئۈلفەت؛ ئامراق.
ئەمرود [امرود] (پ) نەشپۈت، ئامۇت.
ئەمربەدىئ [امربديع] (ئە + پ) گۈزەل، يېقىملىق ئىش، قىزىق ئىش.
ئەمرى مەۋھۇم [امر موهوم] (ئە) ھاياتىي گەپ.
ئەمرى مەئھۇد [امر معهود] (ئە) ئادەتتىكى ئىش.
ئەمسار [امصار] (ئە) [بىرلىكى: مىسر] كاتتا شەھەرلەر.
ئەمسال I [امثال] (ئە) [بىرلىكى: مىسل] ئوخشاشلار، تەڭتۇشلار، تەڭداشلار.
ئەمسال II [امال] (ئە) [بىرلىكى: مەسەل] مەسەللەر، ماقاللار، مىساللار؛ دەلىللەر. مىساللار؛
ئەمسىلە [امثله] (ئە) [بىرلىكى: مىسال] مىساللار، ئۆرنەكلەر.
ئەمكىنە [امكنه] (ئە) [بىرلىكى: مەكان] تۇرار جايلار، ئورۇنلار.
ئەملاك [املاك] (ئە) [بىرلىكى: مۈلك] مۈلۈكلەر، بايلىقلار، يەر - سۇلار، كىشىنىڭ ئىختىيارىدىكى بۇيۇملار.
ئەملاك ئەتمەك ــ ئۆز مۈلكىگە ئايلاندۇرماق.

**ئەملەھ** [املح] (ئە) ئەڭ گۈزەل، ئەڭ شېرىن، ئەڭ يېقىملىق.
ئەملەھ ئۇلماق — گۈزەللەشمەك، ئەڭ گۈزەل بولماق.

**ئەمم** [عم] (ئە) قېرىنداش.
ئىبنى ئەمم — ئىككى تۇغقان بۇرادەرلەر:
«ئەندەلىبى مەن ھەممىشە بوستانى ھەمدىدىن،
نەئت پاكى ئىبنى ئەمم مۇستەفا كەلتۈرمىشەم»
— زەلىلى.

**ئەمما بەئد** [امابعد] (ئە) مەتسەتكە كەلسەك، شۇنداق قىلىپ، شۇندىن كېيىن.

**ئەممار** [امار] (ئە) بۇيرۇغۇچى، ئۈندىگۈچى (يامان يولغا).
نەفسى ئەممار — يامان يولغا ئۈندىگۈچى نەپس.

**ئەممارە** [اماره] (ئە) «ئەممار» غا قاراڭ:
«مەلەك تەسلىمى شەيتان كىبىردەكتۇر بۇكى ئەقل ئۆزىن،
قىلىپ مەئمۇرى ئەمر ئىستەر ئەمارەت نەفسى ئەممارە»
— نەۋائى.
ئەممارە نەفس — «نەفسى ئەممار» غا قاراڭ؛
نەفسى ئەممارە — يامان يولغا ئۈندىگۈچى نەپس.

**ئەممال** [عمال] (ئە) 1› ئەمەل قىلغۇچى، ئىش كۆرگۈچى؛ 2› سېلىق سالغۇچىلار.

**ئەمن** [امن] (ئە) 1› ئامانلىق، تىنچلىق، خاتىرجەملىك، ئاسايىشلىق؛ 2› تىنچ؛ خىلۋەت؛ راھەت.
ئەمنى مەنزىل — تۇرار جايىنىڭ خاتىرجەملىكى، خەۋپسىزلىكى؛
مەنزىل ئەمن — تىنچ جاي.

**ئەمن ئاباد** [امن آباد] (ئە+پ) 1› تىنچلىق جايى؛ تىنچ جاي، راھەت-پاراغەتلىك جاي؛ 2› تىنچ-ئامانلىق تىلىكى؛ ئالقىش.

**ئەمنۇ ئەمان** [امن و امان] (ئە) تىنچلىق، خاتىرجەملىك، ئاسايىشلىق ۋە راھەت.

**ئەمنىيەت** [امنيت] (ئە) تىنچلىق، ئامانلىق؛ خەۋپسىزلىك؛ خاتىرجەملىك.

**ئەمنىيەت رۇب** [امنيت روب] (ئە+پ) تىنچلىقنى بۇزغۇچى، تىنچسىزلاندۇرغۇچى.

**ئەمۋات** [اموات] (ئە) [بىرلىكى: مەييىت] ئۆلۈكلەر.
ئەمۋات ئەتمەك — كۆچمە م: خازان قىلماق؛ قىشلىق ئۇيقۇغا كىرگۈزمەك (دەرەخلەرنى)؛
باخ ئەمۋاتى — كۆچمە م: قىش ئۇيقۇسىدىكى دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەر.

**ئەمۋاج** [امواج] (ئە) [بىرلىكى: مەۋج] مەۋجلەر، دولقۇنلار.

**ئەمۋال** [اموال] (ئە) [بىرلىكى: مال] ماللار، ئەشيالار، مال-مۈلۈك، مال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇنيا، بايلىقلار:

«ئەمۋالى بولسا ھەددى ئەدەددىن فۇزۇن داغى،
ئەئزازى بولسە ھەممەدىن ئارتۇق ھەمە مەھەل»
— سەبۇرى.

**ئەمىر** [امير] (ئە) [كۆپلۈكى: ئۇمەرا] پادىشاھ، رەئىس، ھۆكۈمدار، ھاكىم، باشلىق، بەگ، پېشىۋا.

**ئەمىرزادە** [اميرزاده] پادىشاھنىڭ ئوغلى، شاھزادە.

**ئەمىرۇلمۇئمىنىن** [اميرالمومنين] (ئە) 1) مۇسۇلمانلار ئەمىرى؛ 2) خەلىپىلەرگە بېرىلگەن نام؛ (ئەمىر سۆزىنىڭ قىسارتىلمىسى ئادەتتە «مىر» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ).

**ئەمىرۇلئۇمەرا** [اميرالآمراء] (ئە) ئەمىرلەرنىڭ ئەمىرى، شاھلارنىڭ شاھى:

«ئەيلەدىلەر ۋەسپى ئەمىرانە چىن،
بەلكى ئەمىرۇلئۇمەرا خانە چىن»
— زەلىلى.

**ئەمىق** [اعميق] (ئە) چوڭقۇر، تىرەن.

«تاپمادى بۇ مەلاھەتنىڭ ھىچ فەردىشتە يۇ پەرى،
يۈسۈف مىسرى رەشك ئېتەركىم چەھى غەبغەبىڭ ئەمىق»
— زەلىلى.

**ئەمىق ئەيلەمەك** — ئەتىراپلىق پىكىر قىلماق؛
**ئەمىق زېھىن** — ئۆتكۈر زېھىن، تىرەن (چوڭقۇر) پىكىر؛
**ئەمىق ئولماق** — چوڭقۇر بولماق؛
**جەھالەت ئەمىقى** — جاھالەتنىڭ چوڭقۇرلۇقى:

«ئەقىدە يولىدىن كىمەرسە چىقار،
جەھالەت ئەمىقىغە ئۆزىنى تىقار»
— ئا. نىزارى.

**فىكرى ئەمىق** — چوڭقۇر پىكىر:

«تەئەممۇل بىلە قىلدى فىكرى ئەمىق،
خىيالات بەھرىدە بولدى غەرىق»
— ئا. نىزارى.

**ئەمىن** [امين] (ئە) 1) ساقلىغۇچى؛ ئامانەتكە خىيانەت قىلمىغۇچى، سادىق ئىشەنچلىك؛ توغرا؛ خەزىنىچى؛ 2) خەۋپسىز، تىنچ، سالامەت؛ 3) ۋەكىل:

«بەلايۇ فىتنەدىن دايىم ئەمىندۇر،
مۇرەببىسى بۇ تۈركىستان زەمىندۇر»
— زەلىلى.

ئەمىيم [عميم] (ئـە) ئومۇمىي؛ ئاما؛ ھەممىگە يېيىلغان، بارچىگە تەڭ.
ئەمىيمى لۇتف ـ بارچىگە تەڭ ئىلتىپات؛
لۇتفى ئەمىيم ـ «ئەمىيمى لۇتف» غا قاراڭ.

ئەنا [عنا] (ئـە) 1) مـۇشەقـقـەت، قىيىنچىلىق، ئـازاب؛ ئـوقۇبـەت، كۈلپەت؛ رەنج؛ 2) ھەسەت؛ ئىغۋا.
ئەھلى ئەنا ـ ھەسەتخـورلار، ئىغۋاگەرلەر، خاپىلىق كەلتۈرگۈچىلەر؛
رەنجۇ ئەنا ـ رەنجىش ۋە مۇشەققەت.

ئەنادىل [عنادل] (ئـە) [بىرلىكى : ئەندەلىب] بۇلبۇللار.

ئەناسىر [عناصر] (ئـە) مـاددىلار، ئېلېمېنتلار، بىرەر نـەرسىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى؛ ئۇنسۇرلار:

«ئەناسىردىن قىلىبسەن ئادەمىزاد،
بىراۋنى دېۋدەك، بىرنى پەرىزاد»
ـــ خەراباتى.

ئەناسىرى ئەربەئە ـ تۆت ئـۇنسۇر، ئېلېمېنت (سۇ، ھـاۋا، تـۇپراق، ئوت)؛
ئەناسىرى ئەفلاك ـ پەلەك جىنـسلىرى، ئۇنسۇرلىرى.

ئەنام [انام] (ئـە) كىشىلـەر، خەلق.
بەيىنەل ئەنام ـ خەلق ئارىسىدا؛
كافقەئى ئەنام ـ بارچە ئادەملەر، بارچە خەلق.

ئەنامىل [انامل] (ئـە) پـەنجە ئۇچلىرى.

ئەنان [عنان] (ئـە) بۇلۇت.

ئەنانىيەت [انانيت] (ئـە) 1) مەنمەنلىك، تـەكەببۇرلۇق، ئۆزۈمـچىلىك؛ 2) ئىززەت نەپسى، غۇرۇرى.
ئەنانىيەت خاشاكىن ساۋۇرماق ـ كىبىر ۋە تەكەببۇرلۇقنى يوقاتماق، يەڭمەك.

ئەناۋىن [عناوين] (ئە) [بىرلىكى: ئۇنۋان] نام ـ نىشانلار، بەلگىلەر، ئۇنۋانلار.

ئەنە [انا] (ئـە) مەن.
ئەنە ئەفسەھ ـ مەن ئۆتـكۈر ناتىقمەن؛
ئەنە ئەفسەھ ـ «ئەنەئەفسەھ»كە قاراڭ.

ئەنەس [انس] (ئـە) پـەيـغەمبەر ساھابىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

ئەنەلھەق [اناالحق] (ئـە) مـەن ھەقمەن.

«مەستانە ئەنەلھەق ئۇزە ئـەسرارنى كۆردۈم،
مەنسۇر بولۇپ باش ئالىبان دارنى كۆردۈم»
ـــ گۇمنام.

ئەنبار [انبار] (پ) 1) خامان، ئامبار؛ 2) ئەخلەت، سۈپۈرۈندى.

www.uyghurkitap.com

ئەنبار ئەيلەمەك ـ يىغماق، جەملىمەك.

**ئەنباركەش** [انبارکش] (پ) ئەخلەت توشۇغۇچى، يىغقۇچى.

**ئەنباز** [انباز] (پ) 1) شېرىك، ئۈلۈپەت؛ جۈپ، ئەش:

«گەھى قەنىر ئىچرە بالىق بىرلە ھەمساز،
گەھى مەۋج ئۈستىدە كۆن بىرلە ئەنباز»
ــ لۇتفى.

ئەنباز كەلمەك ـ ماس كەلمەك، مۇۋاپىقلاشماق؛
ئەنباز ئولماق ـ شېرىك، ئورتاق بولماق.

**ئەنبانچە** [انبانچه] (پ) خالتا، توۋرا.

**ئەنبە** [انبه] (پ) ئىران ۋە ھىندىستان مېۋىلىرىدىن بىرى.

**ئەنبەر** [عنبر] (ئە) 1) خۇش پۇراقلىق نەرسىلەرنىڭ ئارىلاشمىسىدىن تەييارلانغان خۇشبۇي قارا ماددا؛ خۇش پۇراق؛ 2) كۆچمە م: يارنىڭ قارا، خۇش بۇي چېچى.

ئەنبەر سارا ـ ساپ ئەنبەر، ئەڭ خۇشپۇراق ئەنبەر؛ ناھايىتى يېقىملىق پۇراق؛
ئەنبەرنەسىم ـ ئەنبەر ھىدىنى كەلتۈرگۈچى، خۇشپۇراق تارقاتقۇچى؛
ئەنبەرى سۇنبۇل ـ ئەنبەر پۇرايدىغان چاچ:

«نى سەرۋ بىلە گۈلدا بۇ شەكلى شەمايىلدۇر،
نى ئەنبەرى سۇنبۇلدا بۇ نەۋئى سەلاسىلدۇر»
ــ گۇمنام.

**ئەنبەر ئاسا** [عنبر آسا] (ئە + پ) ئەنبەرگە ئوخشاش، ئەنبەردەك.

**ئەنبەر ئالۇد** [عنبر آلود] (ئە + پ) ئەنبەر ئارىلاش؛ ئەنبەردەك قاپقارا.

**ئەنبەرئەفشان** [عنبرافشان] (ئە + پ) ئەنبەر (خۇش پۇراق) چېچىلغان؛ ئەنبەر چاچقۇچى، تارقاتقۇچى.

ئەنبەرئەفشان ئەيلەمەك ـ خۇش پۇراق تارقاتماق، ياياماق.

**ئەنبەر بار** [عنبر بار] (ئە + پ) ئەنبەر ياغدۇرغۇچى، يېقىملىق ھىد تارقاتقۇچى.

**ئەنبەر بىز** [عنبربیز] (ئە + پ) ئەنبەر چېچىلغان، خۇش بۇي.

**ئەنبەرسا** [عنبارسا] (ئە + پ) «ئەنبەرساي» غا قاراڭ.

**ئەنبەرساي** [عنبرسای] (ئە + پ) 1) ئەنبەر سۈرتۈلگەن، خۇش بۇي؛ 2) تاڭ قاراڭغۇلۇقى.

**ئەنبەر سىرىشت** [عنبرسرشت] (ئە + پ) ئەنبەرلىك، ئەنبەر ئارىلاش، خۇش بۇي.

**ئەنبەر شەمىم** [عنبرشمیم] (ئە) ئەنبەر ھىدلىق، خۇش بۇي.

**ئەنبەرفشان** [عنبرفشان] ئە + پ) خۇش پۇراق تاراتقۇچى، ئەنبەر چاچقۇچى.

**ئەنبەرۋەش** [عنبروش] ئەنبەرگە ئوخشاش، ئەنبەر پۇراقلىق.

**ئەنبەرىن** [عنبرین] (ئە + پ) 1) ئەنبەر ھىدلىق، خۇشبۇي؛ ئەنبەر ئارىلاش-

قان؛ 2 › قارا نەرسە:

«ئەنبەرىن خالىڭ فىداسى قىلغالى ئۇششاقلار،
جان فۇلۇرىن ئىلكىگە ئالىپ دەما ـ دەم ساناشۇر»
— ئەرشى.

ئەنبەرىن ئەفئى ـ (ئەفئى: قارا يىلان) كۆچمە م: ئۆرۈلگەن ئۇزۇن قارا چاچ؛ ە

ئەنبەرىن خال ـ قارا خال، مەڭ؛

ئەنبەرىن دۇد ـ كۆچمە م: خۇش بۇي، قاپقارا چاچ؛

ئەنبەرىن زۇلف ـ 1 › خۇش بۇي، ئەنبەر ھىدلىق قارا چاچ؛ 2 › قاراڭغۇ كېچە؛

ئەنبەرىن فام ـ ئەنبەر تۈسلۈك، ئەنبەر ھىدلىق چاچ؛

ئەنبەرىن ھىلال ـ (ھىلال: ئۈچ كۈنلۈك ئاي) كۆچمە م: قاراقاش.

**ئەنبۇر** [انبور] (پ) ئامبۇر، قىسقۇچ.

**ئەنبۇھ** [انبوه] (پ) 1 › ئۇيۇشقان، توپلانغان؛ 2 › تولا، ناھايىتى كۆپ، سان ـ ساناقسىز؛ 3 › جامائەت، گۇرۇھ.

«نەمايان كۆرۈپ بىستۇن كوھنى،
ئاڭا ئىشلەگەن خەيلى ئەنبۇھنى»
— ئا. نىزارى.

ئەنبۇھ ئولماق ـ كۆپەيمەك، ئارتماق.

**ئەنبىيا** [انبيا] (ئە) [بىرلىكى: نەبىي] پەيغەمبەرلەر، نەبىيلەر، ئەلچىلەر.

ئەنبىيا ھەلقەسىنىڭ خاتىمى ـ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرى (مۇھەممەت پەيغەمبەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ)؛

ئەنبىيائى مۇرسەلىن ـ ئەلچىلەر، كىتاب ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر.

**ئەنتەھۇر** [النطهور] (ئە) ئەڭ پاك، ساپ، ئەڭ تازا.

شەرابى ئەنتەھۇر ـ جەننەت شارابى، پاك شاراب:

«مەنسۇرى ئەللاجىدەك ئىچىپ شەرابى ئەنتەھۇر،
چەرخ ئۇرۇپ يىغلاپ تۇرارمەن ئۇشبۇ دەم دار ئالدىدا»
— مەشرەب.

**ئەنجام** [انجام] (پ) 1 › ئاقىۋەت، ئاخىر، تۈگەش؛ نەتىجە؛ بېجىرىش؛ تۈگەللىنىش:

«ئەزەلدىن جەھان رەسمى ئەنجامىدا،
ئەمەس ئىنسۇجان ئەسلە ئارامىدا»
— ئا. نىزارى.

**ئەنجام ئەيلەمەك** ـ كۆچمە م: قەست قىلماق؛ لايىق كۆرمەك؛

ئەنجام بەرمەك ـ تۈگەتمەك، ئاخىرىغا يەتكۈزمەك؛

www.uyghurkitap.com



**ئەنجام تاپماق** ــ ئاخىرىغا يەتمەك، تۈگىمەك، تامام بولماق؛
**ئەنجامۇ ئاغاز** ــ ئاخىر ۋە باشلىنىش؛
**ئەنجامى ئەدل** ــ ئادالەت نەتىجىسى؛
**ئەنجامىغا يەتكۈزمەك** ــ تۈگىمەك، تامام بولماق.

**ئەنجۇم** [انجم] (ئە) [بىرلىكى: نەجم] 1 › يۇلتۇزلار؛ 2 › ئۈنچە، مەرۋايىتلار؛
«يىغىلدى ھەممە خەلق ئەنجۇم كەبى،
نە ئەنجۇم كەبى، بىل ئانى قۇم كەبى»
ــ ئا. نىزارى.

**ئەنجۇم ئەنجۇمەنى** ــ يۇلتۇزلار توپى؛
**ئەنجۇم تۆكمەك** ــ كۆچمە م: ياش تۆكمەك؛
**ئەنجۇم تىرناغى** ــ يۇلتۇز قىرلىرى؛
**ئەنجۇم خەيلى** ــ يۇلتۇزلار لەشكىرى؛ يۇلتۇزلار توپى؛
**ئەنجۇم دۇررى** ــ يۇلتۇزلار؛
**ئەنجۇم دىرەملەرى** ــ يۇلتۇز تەڭگىلىرى؛ يۇلتۇز نۇرلىرى، كۆرۈنۈشلىرى؛
**ئەنجۇم ساچماق** ــ كۆچمە م: بەخت ـ سائادەت بەرمەك؛
**ئەنجۇم سىپاھ** ــ سانسىز، ساناقسىز، ھېسابسىز قوشۇنلار؛ ئەسكىرى يۇلتۇزدەك كۆپ؛
**ئەنجۇم سىپاھى** ــ يۇلتۇزلار لەشكىرى؛
**ئەنجۇم قىياس** ــ يۇلتۇزغا ئوخشاش؛
**ئەنجۇم كۆزى** ــ يۇلتۇزلار يورۇقلۇقى، نۇرلۇق كۆرۈنۈش؛
**ئەنجۇم گۇرۇھ** ــ كىشىلىرى يۇلتۇزدەك كۆپ؛
**ئەنجۇم گۈلى** ــ يۇلتۇزلار گۈلى؛ ھېسابسىز گۈل؛
**ئەنجۇمى ئەشك** ــ ياش تامچىلىرى؛
**ئەنجۇمى پەيكان** ــ ھېسابسىز نەيزىلەر، تىغلار؛ كۆز ئوقى؛
**ئەنجۇمى رەخشان** ــ پارلاق يۇلتۇزلار؛
**ئەنجۇمى سىپىھرنىشىن** ــ ئاسمانغا تاقالغان يۇلتۇزلار؛ ئېگىز، يورۇق يۇلتۇزلار؛
**ئەنجۇمى شەبگەرد** ــ «ئەنجۇمى شەبگىر»گە قاراڭ؛
**ئەنجۇمى شەبگىر** ــ تۈندە سەير قىلغۇچى (ئايلىنىپ يۈرگۈچى) يۇلتۇزلار؛
**ئەنجۇمى نەھس** ــ يامانلىق كەلتۈرگۈچى يۇلتۇزلار؛
**ئەنجۇمى ئۇلۇۋۋى رىفئەت** ــ يۈكسىلىشنىڭ ئالىي يۇلتۇزلىرى؛ ئەڭ ئېگىز، يۈكسەك يۇلتۇزلار.

**ئەنجۇمەن** [انجمن] (ئە) 1 › يىغىلىش، مەجلىس، يىغىن، بەزمە، مەركە؛ 2 › كۆپچىلىك، جامائەت.

«ھەمراھ ئىدى يەتتە قەلەندەر بىلەن،
سۇھبەتىمىزدىن ھەمەيەر ئەنجۇمەن»
— زەلىلى.

**ئەنجۇمەن ئەھلى** ـ بەزمىدىكىلەر؛ مەجلىس، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى؛
**ئەنجۇمەن تەماشاگاھى** — بەزمە ئەھلى، جامائەت؛ كۆپچىلىك؛
**ئەنجۇمەنى غەم** ـ خاپىلىق، ماتەم يىغىنى؛ دەرد ـ ئەلەمنىڭ كۆپلۈكى، كۆلپەتلەر يىغىندىسى.

**ئەنجۇمەن ئاراي** [انجمن‌آرای] (ئە + پ) يىغىلىشقا ھەۋەس بەرگۈچى بېزىگۈچى.

**ئەنجۇمەن پەردازلىغ** [انجمن‌پردازلیخ] مەجلىسنى قىزىتماقلىق.

**ئەنجۇمەن دىيدە** [انجمن‌دیده] (ئە + پ) مەجلىس كۆرگەن، كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىلىك.

**ئەنجۇمەن ساز** [انجمن‌ساز] (ئە + پ) 1 › مەجلىس قۇرغۇچى؛ 2 › كېڭەش بىلەن ئىش قىلغۇچى.

**ئەنجۇم رەباي** [انجم ربای] (ئە + پ) يۇلتۇزنى ئۆزىگە تارتىدىغان؛ يۇلتۇزلارنى نىشانىغا ئالغۇچى.

«ھەم ئوقى تىرە كېچە ئەنجۇم رەباي،
ھەم قىلىچى زەھەم بولۇپ يېڭى ئاي»
— نەۋائى.

**ئەنجۇم رىز** [انخم ریز] (ئە + پ) 1 › يۇلتۇزلارنىڭ نۇر ياغدۇرۇشى، يۇلتۇزلار-نىڭ ئۇچۇشى؛ 2 › يامغۇرغا ئوخشاش كۆز يېشى.

**ئەنجۇم سان،** [انجم ثان] (ئە) يۇلتۇزدەك، يۇلتۇزغا ئوخشاش؛ ئەتراپىنى يۇلتۇز ئورىغاندەك.

**ئەنجۇمشۇناش** [انجم‌شناس] (ئە + پ) يۇلتۇزشۇناس، ئاسترونوم، مۇنەججىم.

**ئەنجۇم گۇرۇھ** [انجم‌کروه] (ئە + پ) كۆپ پۇقرالىق (شاھ)، كىشىلىرى يۇلتۇزدەك كۆپ.

**ئەنداز** [انداز] (پ) 1 › تاشلىغۇچى، ئاتقۇچى؛ سالغۇچى؛ 2 › تاش-لاش، ئېتىش؛ 3 › قەست، دۈشمەنلىك ؛ 4 › مۆلچەر؛ ئىنتىلىش؛ نىشانىغا ئېلىش.
خارە ئەنداز ـ تاش ئاتقۇچى.

**ئەندازە** [اندازه] (پ) 1 › ئۆلچەم، قېلىپ، ئەندىزە؛ 2 › نەمۇنە؛ قىياس؛ سېلىشتۇرۇش؛ ئوخشاش؛ 3 › يوكسەكلىك، ئېگىزلىك.

**ئەندازەسىز** [اندازه‌سز] ئۆلچەمسىز، چەكسىز، چېگرىسىز، ھېسابسىز؛ قىياسسىز.

**ئەندام** [اندام] (پ) 1 › بەدەن، بوي، گەۋدە، قەددى ـ قامەت، تەن؛ جىسىم؛ 2 › ئەپتى، بەشرە؛ قىياپەت؛ 3 › زىننەت؛ تەرتىپ؛ يارىشىقلىق؛ كۆركەملىك؛ 4 › كۆرۈنۈش:

«چۇ خۇسرەۋ كۆرۈپ بۇ سىفەت يالپال،

ئەجەب شىر ئەندامۇ ساھىب جەمال»
— ئا. نىزارى.

**ئەندام بەرمەك** — زىننەت بەرمەك؛ تەرتىپكە سالماق؛
**ئەندامى رۇھئەفزا** — روھلاندۇرغۇچى قىيامەت.

**ئەندەر** [اندر] (پ) ئىچىدە، ئارىسىدا؛ ... — دا، ... — دە.
**زەر ئەندەر زەر** — ئالتۇن ئىچىدە ئالتۇن.

**ئەندەرز** [اندرز] (پ) پەند - نەسىھەت؛ ۋەسىيەت.

**ئەندەك** [اندک] (پ) بىر ئاز، ئازغىنا؛ جىندەك:
«ئەندەك ئاھىم، قورقەمەن، توققۇز فەلەكنى ئۆرتەگەي،
گەر قويى يۈزلەنسە بىللە تا سەمەكنى ئۆرتەگەي»
— ئەرشى.

**ئەندەلىپ** [عندليب] (ئە) بۇلبۇل:
ئەندەلىبى بىنەۋا يەكلىغ قاچانغە يىغلايىن،
كىچە تاڭ ئاتقۇنچە بىردەم بەختى بىدار ئولماسا»
— زەلىلى.
**ئەندەلىبى خۇشنەۋا** — يېقىملىق كۈيلىگۈچى بۇلبۇل؛ كۆچمە. م: پەيغەمبەرلىك بەلگىسى؛
**ئەندەلىبى سۇخەنۋەر** — سۆزلىگۈچى (گەپ قىلغۇچى) بۇلبۇل، شېرىن سۆز بۇلبۇل؛ بىلىمدانلىق كۈيچىسى؛
**ئەندەلىبى نەغمە سەراي** — كۈيلىگۈچى بۇلبۇل؛ كۆچمە. م: بىلىدىغان، دانىشمەن.

**ئەندەلىبۋار** [عندليبوار] (ئە + پ) بۇلبۇلغا ئوخشاش، بۇلبۇلدەك، بۇلبۇل سۈپەت.
«چېكىپ ئەندەلىبۋار ئاھۇ فىغان،
ئوقۇپ ئىشق ھەرفى بىلە داستان»
— ئا. نىزارى.

**ئەندۇختە** [اندوحته] (پ) ھاسىل قىلىنغان، توپلانغان، يىغىلغان، نەتىجە.
**ئەندۇختەئى ئىشتىياق** — زوق - شوق، ئىستەك يىغىندىسى، دولقۇنى.

**ئەندۇد** [اندود] (پ) سۇۋالغان؛ قاپلانغان؛ سۈرتۈلگەن؛ (كۆپىنچە مۇستەقىل سۆزلەرگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ.)
**سىيمى زەر ئەندۇد** — كۈمۈش ئۈستىگە ئالتۇن قاپلانغان.

**ئەندۇز** [اندوز] (پ) كۆپىنچە سۆزلەرگە قوشۇلۇپ: 1› ئالغۇچى؛ ھاسىل قىلغۇچى؛ قازانغۇچى؛ 2› ئېلىش، ھاسىل قىلىش؛ قازىنىش،... قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.
**ئىشرەت ئەندۇز** — راھەتلىنىش، پاراغەتلىنىش.

**ئەندۇھ** [اندوه] (پ) غەم، قايغۇ، ئەلەم، دەرد، رەنج.

**ئەندۇھ تۇفراغى** — قايغۇ، ئەلەم توپرىقى؛
**ئەندۇھ غىزاسى** — غەم يېيىش، ئەلەم چېكىش؛
**ئەندۇھ يەئجۇجى** — غەم لەشكىرى؛
**ئەندۇھ يېلى** — غەم شامىلى؛
**ئەندۇھى دەۋران** — دەۋر، زامان، غەم ئەلەملىرى؛
**ئەندۇھى فۇرقەت** — ئايرىلىش غېمى، دەردى، قايغۇسى؛
**ئەندۇھى فىراق** — پىراق قايغۇسى؛
**ئەندۇھى ھىجران** — ئايرىلىش قايغۇسى.

**ئەندۇھ ئاسا** [اندوهآسا] (پ) غەم ئارىلاش، قايغۇ، غەم بىلەن.

**ئەندۇھ ئەفزا** [اندوهافزا] (پ) غەم، قايغۇ كەلتۈرگۈچى؛ مۇڭلۇق، قايغۇلۇق، غەمكىن.

**ئەندۇھزا** [اندوهزا] (پ) قايغۇ، غەم كەلتۈرگۈچى، ئارتتۇرغۇچى.
**ئەندۇھزا خەيلخانەسى** — غەم - قايغۇلار ئۆيى.

**ئەندۇھگىن** [اندوهگين] (پ) غەملىك، قايغۇلۇق.

**ئەندۇھلىغ** [اندوهليغ] قايغۇلۇق.

**ئەندۇھناك** [اندوهناك] (پ) قايغۇلۇق، غەملىك، دەردلىك.

«ھىدايەت زەمانىدا ئول زاتى پاك،
كىرىپ كەئبە يولىغە ئەندۇھناك»
— ئا. نىزارى.

**ئەندىش** [انديش] (پ) 1) پىكىر، ئوي، خىيال؛ مۇلاھىزە؛ 2) پىكىر قىلغۇچى، ئويلىغۇچى؛ 3) مۇلاھىزىلىك.

**ئەندىشە** [انديشه] (پ) 1) پىكىر، ئوي، خىيال، مۇلاھىزە؛ 2) خەۋپ، قورقۇنچ؛ 3) مەقسەت، قەست.

«ئالىپ قولغە مىتىن بىلە تىشەنى،
سۇ ئاچماق ئۈچۈن قىلدى ئەندىشەنى»
— ئا. نىزارى.

**ئەندىشە قىلماق** — ئويلىماق، پىكىر قىلماق؛
**ئەندىشەئى گۇمراھ** — كۆچمە م: ئېتىقاد؛
**ئەندىشەئى نۇر** — چوڭقۇر خىيال، پىكىر.

**ئەندىشەۋار** [انديشهوار] (پ) مۇلاھىزىلىك پىكىر؛ مەقسىتى ئوخشاش.
**ئەندىشەۋار بولماق** — پىكىر، مەقسەت جەھەتتىن ئوخشىماق، پىكىر، مەقسىتى ئوخشاش بولماق؛ مۇلاھىزىلىك بولماق.

**ئەنزار** [انظار] (ئە) قاراشلار، نەزەرلەر؛ بېقىشلار؛ تەكشۈرۈش.
**كەۋكەب ئەنزارى** — يۇلتۇزلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى دەرىجىلىرى.

**ئەنساب** [انساب] (ئە) [بىرلىكى: نەسەب] نەسىل، نەسەب، نەسىللەر.

www.uyghurkitap.com

**ئەنسار** [انصار] (ئە) ياردەمچىلەر؛ ياردەم بەرگەنلەر؛ مەدەت بەرگۈچىلەر، تەرەپدارلار؛ مۇھەممەت پەيغەمبەرگە مەدەت بەرگەن مەدىنە ئاھالىسى، ئەنسارلار.

**ئەنسەب** [انسب] (ئە) ئەڭ مۇناسىپ، ئەڭ لايىق؛ مۇناسىپراق، لايىقراق.

**ئەنشى** [انشى] (ئە) ئىنشا، يېزىق، خەت، ئىجاد.

ئەنشى ئەتمەك — ئىنشا قىلماق، يازماق، ئىجاد قىلماق.

**ئەنفاس** [انفاس] (ئە) [بىرلىكى: نەفەس] 1) نەپەسلەر، تىنىقلار؛ دەملەر؛ 2) تىل، ئاۋاز، سۆز؛ سۆزلەش ئاھاڭى.

ئەنفاسى جان بەخش — «ئەنفاسى مەسىھا»غا قاراڭ؛

ئەنفاسى رۇھۇلالاھى — ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ نەپەسى، جان بەخش ئەتكۈچى، تىرىلدۈرگۈچى نەپەسلەر؛ ئۆتكۈر نەپەس؛

ئەنفاسى قىسىھ — يېقىملىق نەپەسلەر؛

ئەنفاسى قۇدسى — «ئەنفاسى مۇقەددەس»كە قاراڭ؛

ئەنفاسى مەسىھ — «مەسىھ ئەنفاسى»غا قاراڭ؛

ئەنفاسى مەسىھا — جان بېغىشلىغۇچى نەپەسلەر، ئۆتكۈر نەپەسلەر؛

«سۇرەتى يۇسۇف، نىگارا سەندەدۇر،
دايىم ئەنفاسى مەسىھا سەندەدۇر».
— لۇتفى.

ئەنفاسى مۇقەددەس — پاك، مۇقەددەس نەپەسلەر؛

ئەنفاسى نەفھەئى سەندەل — سەندەل دەرىخىنىڭ ئىسى كېلىدىغان نەپەسلەر؛

ئەنفاسى ئىسا سىرۇشت — ئەيسا دېمى بىلەن يۇغۇرۇلغان؛ ھاياتبەخش، جانلاندۇرغۇچى؛

مەسىھ ئەنفاسى — ئەيسا نەپەسلىرى.

**ئەنفەئ** [انفع] (ئە) ئەڭ پايدىلىق؛ پايدىلىقراق، پايدىلىق.

**ئەنفۇس** [انفس] (ئە) [بىرلىكى: نەفس] شەخسلەر، جانلار.

**ئەنقا** [عنقا] (ئە) 1) قاپ تېغىدا ياشايدىغان ئەپسانىۋى قۇشنىڭ نامى، ئەنقا؛ 2) تېپىلماس، نادىر، يېگانە.

«كۆزلەرىڭدەك بەسكى تۇتتۇم گۇشە ئۇزلەت قافىدە،
فەرق ئېتە ئالماي دۇرۇرلار زەررە ئەنقارىن مېنى»
— ئەتائى.

**ئەنقەرىب** [عنقريب] (ئە) يېقىندا، يېقىن كۈندە، يېقىن ئارىدا؛ ئېھتىمال.

«ئەي گۆرىستان ئەھلى بىر - بىر تۇتۇڭىز راھى ئەدەم،
كىم مەلۇل ئۇلماڭ بۇ كۈن تاڭلا قىيامەت ئەنقەرىب»
— زەلىلى.

**ئەنكەبۇت** [عنكبوت] (ئە) ئۆمۈچۈك.
«قارا زۇلفۇڭ خەيالى چىرمادى باشدىن ئاياغىمنى،
مەگەر بىر ئەنكە بۇتىغە مەگەسدەك سەيدى تار ئولدۇم»
— گۇمنام.
**ئەنكە بۇتى پەردە دارى** – ئۇۋا ياسىغۇچى ئۆمۈچۈك.

**ئەنكەر** [انكر] (ئە) ناھايىتى يېقىمسىز (ئاۋاز ھەققىدە)؛ خۇنۇك؛ يېقىمسىزراق.
**ئەنكەرۇلئەسۋات** – ئەڭ يېقىمسىز، خۇنۇك ئاۋاز، تاۋۇش.

**ئەنكەل** [عنكل] (ئە) گىرىپتار، باغلىنىپ قالغان، بېرىلىپ قالغان، ئاشىق.

**ئەنگەبىن** [انكبين] (پ) «ئەنگۇبىن» غا قاراڭ.
«زەھىر ئىچەر يار ئىلكىدىن ھەرزار رىندى مەيپەرەست،
ھۇرى جەننەت ئەنگەبىندىن ئەيلەگەن ھەلۋا بىلۇر»
— گۇمنام.

**ئەنگەچە** [انكچه] ئۇنىڭغىچە؛ ئۇ پەيتكىچە؛ ئۇ ۋاقىتقىچە.

**ئەنگەل** [انكل] (پ) دەخلى يەتكۈزگۈچى؛ ئارتۇقچە، بىگانە؛ يېقىمسىز كىشى.

**ئەنگۇبىن** [انكبين] (پ) ھەسەل، بال.
«لەئلى ھەدىسىدە دىمانىكىم، سىفەت ئۇيلە كىرىپىگىن،
ئاغزىمە چۇنكى سانچىلۇر نىش بۇ ئەنگۇبىن ئارا»
— نەۋائى.

**ئەنگۇر** [انكور] (پ) ئۈزۈم:
«ياپۇرماغى ئارا ئەنگۇر شاھى،
سىپەر تارتىپ يۈزىگە چۇن سىپاھى»
**دانەئى ئەنگۇر** – ئۈزۈم دانىسى:
«كەچكۈل ئىچرە دانەئى ئەنگۇر ئىدى،
دانە ئېرمەس ئېردى، ئەينى نۇر ئىدى».
**دەرەختى ئەنگۇر** – ئۈزۈم تېلى، تال.

**ئەنگۇرىستان** [انكورستان] (پ) ئۈزۈمزارلىق، ئۈزۈملۈك باغ.

**ئەنگۇشت** [انكشت] بارماق (قول ياكى پۇتنىڭ.)

**ئەنگۇشتخاى** [انكشت خاى] (پ) ھەيرەتتە قالغان، ھەيران؛ ئەپسۇسلىنىش.

**ئەنگۇشتنەما** [انكشت نما] (پ) بارماق بىلەن سانىغۇدەك؛ ئەتىۋارلىق؛ كۆزگە كۆرۈنەرلىك؛ شۆھرەت، داڭ چىقارغان؛ ئابرويلۇق؛ ھەممىنى قايىل قىلىدىغان.

**ئەنگىز** [انكيز] (پ) «ئەنگىز»گە قاراڭ. 1 › قوزغىتىش؛ قوزغاتقۇچى، ئويغاتقۇچى؛ 2 › قەست؛ 3 › باشلاش؛ مەشغۇل بولۇش.
«بۇ دەۋلەتدىن ھەسەد ئېتىپ زەمانە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەنە ئەنگىز قىلدى مىڭ بەھانە»
— لۇتفى.
«سەن ئانداق نازۇ ئىشرەت بىرلە ئەنگىز،
مەن ئۇش مۇنداق سىپىرىشكىم بىرلە خونرىز»
— لۇتفى.

**ئەنگىز** ئەيلەمەك — باشلىماق، بايان قىلماق؛ كۆتۈرمەك؛
**ئەنگىز** قىلماق — «ئەنگىز ئەيلەمەك»كە قاراڭ؛
**فىتنە** ئەنگىز — پىتنە قوزغىغۇچى؛
**ئىشرەت** ئەنگىز — شاتلىق قوزغىغۇچى.

**ئەنھار** [انهار] (ئە) دەريالار؛ قانالىلار، ئېقىن سۇلار.
«سالىپ تەرھى مىئمار ئىشقە بۇلار،
قىلىپ جارى ئەنھار ئىچرە سۇلار»
— ئا. نىزارى.

**ئەنھى** [انهى] (ئە) خەۋەر، مەلۇمات.

**ئەنۋار** [انوار] (ئە) [بىرلىكى: نۇر] 1) نۇرلار، يورۇقلۇقلار، روشەنلىكلەر؛
2) كۆچمە م: چېھرە، نۇرلۇق چېھرە.
«ئەنۋارى تەجەللىيى ئىلاھاغا تولۇپدۇر،
تاسەر سەرى ئالەمگە زەلىلى چۇ نەزەر قىل»
— زەلىلى.

**ئەنۋارۇلھۇدا** — توغرا يول نۇرلىرى:
«ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىل كەئىسى ئەنۋارۇلھۇدا»
(قۇياشتەك چاقناپ تۇرغان قەدەھنىڭ شولىسىدىن توغرا يول نۇرلىرى پارلايدۇ.)
— نەۋائى

**ئەنۋارى** شاھەنشەھ — شەھەنشاھلىق بەلگىسى، شاھلىق نۇرلىرى؛ ئۇلۇغ كۆرۈنۈش؛
**ئەنۋارى** قۇدس — مۇقەددەس نۇرلار؛
**ئەنۋارى** ئىشراق — پارلىغان نۇر.

**ئەنۋائ** [انواع] (ئە) [بىرلىكى: نەۋئ] تۈرلەر، خىللار؛ خىلمۇخىل، ھەرخىل تۈرلۈك - تۈمەن.
**ئەنۋائى** بەلىيەت — تۈرلۈك خاپىلىقلار؛ ھەرخىل كۆرگۈلۈكلەر؛
**ئەنۋائى** زەرەر — تۈرلۈك - تۈمەن زەرەرلەر؛
**ئەنۋائى** فىسق — تۈرلۈك - تۈمەن يامان ئىشلارنى قىلماق؛
**ئەنۋائى** نېئمەت — خىلمۇخىل نېمەت؛
«يېتىلۇر بەس لەتىق ئەنۋائى نېئمەت،

كېلىپ قىلسا بۇلۇر تۇرلۇك مەئىشەت»
— لۇتفى.

**ئەنۋائى نىيازمەندلىغ** — تۇرلۇك - تۇمەن ھاجەتمەنلىك؛

**ئانۋائى ئىزا ۋە زەرەر** — ناھايىتى كۆپ، تۇرلۇك كۆلپەت ۋە زىيانلار ئەزىيەتلەر.

**ئەنۋەر** [انور] (ئە) ئەڭ نۇرلۇق، ئەڭ روشەن، پارلاق.
«باقىبان ئەل سارى جانا يۈزۈڭدىن بىر نىقاب ئالساڭ،
رۇخۇڭنى چۇن مەھى ئەنۋەر تەجەللىئى خۇدا دەرلەر»
— زەلىلى.

**ئەنىس** [انيس] (ئە) 1) ئۈلپەت، دوست، يېقىن، ئورتاق، ئاشنا، ھەمدەم، ھەمدەرد، ھەمسۆھبەت، سىرداش؛ 2) يېقىنلىق.

**ئەنىس بولماق** — ئۈلپەت بولماق؛

**ئەنىسى ئەنجۇمەن** — مەجلىس ئۈلپىتى؛ كۆڭلىگە يېقىن دوست، ھەمسۆھبەت؛ سىرداش؛

**ئەنىسى جاۋىدانى** — مەڭگۈلۈك دوست؛ ئايرىلماس ئۈلپەت؛

**ئەنىسى خىلۋەت** — يالغۇزلۇقتىكى ھەمدەم، سىرداش دوست.

**ئەنىف** [عنيف] (ئە) 1) قوپال، رەھىمسىز؛ قەھىرلىك؛ 2) ئۆچەكەشكۈچى.

**ئەنىن** [انين] (ئە) نالە قىلىش.

**ئەھادىس** [احاديث] (ئە) [بىرلىكى: ھەدىس] پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى؛ ھەدىسلەر، سۆزلەر، گەپلەر.

**ئەھادىسى رەسۇل** — پەيغەمبەر سۆزلىرى، ھەدىسلىرى؛

**ئەھادىسى مۇستەفاۋى** — پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەدىسلىرى.

**ئەھالى** [احالي] (ئە) خەلقلەر، كىشىلەر، ئادەملەر، ئاھالە.

**ئەھەب(ب)** [احب] (ئە) ناھايىتى سۆيۈملۈك، ئەڭ ياخشى؛

**ئەھەد** [احد] (ئە) 1) بىر، يالغۇز؛ بىرەركىم، بىرسى.

**باغى ئەھەد** — جەننەت، خۇدانىڭ بېغى؛

**ھېچ ئەھەد** — ھېچكىم؛ 2) كۆچمە م: خۇدا، تەڭرى.

**ئەھەقق** [احق] (ئە) ئەڭ لايىق، مۇناسىپ؛ ھەقلىقراق.

**ئەھەم(م)** [اهم] (ئە) ناھايىتى مۇھىم.

**ئەھباب** [احباب] (ئە) [بىرلىكى: ھەبىب] دوستلار، يارانلار، سۆيۈملۈكلەر؛ سىرداشلار:
«دۇرۇدۇ سەلام ئالى ئەسھابىغە،
كى تەسلىم ئەۋلادۇ ئەھبابىغە»
— ئا. نىزارى.

**ئەھباب مۇلاقاتى** — دوستلار سۆھبىتى.

**ئەھبار** [احبار] (ئە) دانىشمەنلەر، دانالار، ئالىملار.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

**ئەھد I** [عهد] (ئە) ۋەدە، ۋەدە بېرىش، سۆز بېرىش، قەسەم، شەرت؛ ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيەت.
ئەھد ئەتمەك ــ قەتئىي قارار قىلماق، سۆز بەرمەك، ئەھدۇپەيمان قىلماق؛
ئەھد ئەيلەمەك ــ ۋەدىلەشمەك، بىر سۆزدە بولماق؛
ئەھد باغلاماق ــ قەتئىي قارار قىلماق، ۋەدە بەرمەك؛
ئەھد شىكەن ــ ۋەدىنى بۇزغۇچى؛
ئەھد مىساق ــ ئەھدۇ پەيمان، قەتئىي ۋەدە بېرىش؛
ئەھدۇ قەۋل ــ شەرتلىشىش، قول باغلىشىش؛
ئەھدى مەھكەم ــ ئۆز سۆزىدە تۇرغۇچى، ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى؛
ئەھدى يالغان ــ ئالدامچى؛ ۋاپاسىز، ۋەدىسى يالغان.

**ئەھد II** [عهد] (ئە) 1〉 دەۋر، زامان، ئەسىر؛ 2〉 هايات، ئۆمۈر.
ئەھدى بەئىد ــ ئۇزاق مۇددەت؛ يىراق زامان، قەدىم زامان.

**ئەھرار** [احرار] (ئە) [بىرلىكى: هۆر] 1〉ئازاد، ئەركىن؛ 2〉 ئالىيجاناب، ھىممەتلىك؛ ئالىيجاناب ۋە ھىممەتلىكلەر.

«يەنە ھەزرەتى خاجە ئەھرارنى،
مۇھىببى خۇدا، پاك ئەبرارنى»
ــ ئا. نىزارى.

**ئەھرەمەن** [اهرمن] (پ) ئەك دەھشەتلىك دىۋە.

«مەنى كۆرسە قاچادۇر شەيخۇلئىسلام ئەھرەمەن يەڭلىغ،
نېچۈن بوينۇمدا زۇلفى تارى چىرماشقان تۇمارىم بار»
ــ گۇمنام.

**ئەھزان** [احزان] (ئە) غەملەر، قايغۇ ـ ئەلەملەر، قايغۇلار.

**ئەھسەن** [احسن] (ئە) 1〉 ناھايىتى ياخشى، ئەڭ گۈزەل؛ ياخشىراق، گۈزەلرەك؛ 2〉 ماختاش، ئاپىرىن.
ئەھسەن ئەيلەمەك ــ ياخشىلىماق، تۈزەتمەك؛
ئەھسەنۇلقەسەس ــ قىسسەلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى، قىسسە ۋە ھېكايىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى؛
ئەھسەنى تەقۋىم ــ ئەڭ چىرايلىق سۈرەتلىك، ئىنسان سۈرىتى.

**ئەھسەنتە** [احسنت] (ئە) 1〉 قايىل، تەھسىن، ئاپىرىن، بەللى! 2〉 ياخشى قىلدىڭ.

«ھەممە دېدى: ئەھسەنتە ئەي نەۋجەۋان،
كى قىلماس بۇ ئىشنى جەھان پەھلەۋان»
ــ ئا. نىزارى.

[احشا] (ئە) ئىچكى ئەزالار (قېرىن، يۈرەك، جىگەر، بۆرەككە ئوخشاشلار).

**ئەھشام** [احشام] (ئە) خادىملار، تەۋەلەر، قاراشلىقلار.
**ئەھفاد** [احفاد] (ئە) ئەۋلاد، ئەۋلادلار؛ نەۋرىلەر.
**ئەھقەر** [احقر] (ئە) ناھايىتى قەدىرسىز، ناھايىتى ئېتىبارسىز، ناھايىتى خار؛ كۆچسىز.
**ئەھكام** [احكام] (ئە) [بىرلىكى: ھۆكىم] 1 › ھۆكۈملەر، يولىيورۇقلار، نىزاملار، قانۇنلار، پەرمانلار، بۇيرۇقلار؛ نەتىجىلەر؛ 2 › ئاسترونومىيىدە يۇلتۇز-لار ھەرىكىتى ۋە ھالىتىنى تەتقىق قىلىش؛ 3 › گەپ؛ مەسىلە.
**ئەھكامى نامەئدۇد** ـ سان ـ ساناقسىز ھۆكۈملەر؛ ھادىسىلەر.
**نۇجۇم ئەھكامى** ـ يۇلتۇزلار ھەققىدىكى تەتقىقاتلار.
**ئەھل** [اهل] (ئە) 1 ›ئىگە، ساھىب؛ تېگىشلىك؛ 2 › ئائىلە، ئايال؛ 3 › ئا-ھالە؛ 4 › ئاشىق؛ ساداقەتلىك؛ لايىق.
**ئەھلۇ ئەۋلاد** ـ ئائىلە ۋە پەرزەنتلەر، ئۇرۇق ـ ئايماق؛
**ئەھلى ئالەم** ـ ئالەم ئاھالىسى، بارچە ئادەملەر؛
**ئەھلى ئەدەب** ـ ئەدەب ئەھلى، ئەدەبلىك كىشىلەر؛
**ئەھلى ئەدەم** ـ يوق بولغان؛ نابۇت بولغان؛
**ئەھلى ئەزا** ـ ھازىدار كىشىلەر، ماتەملىك كىشىلەر؛
**ئەھلى ئەزاب** ـ ئازاب چەككۈچىلەر، مەزلۇملار؛
**ئەھلى ئەزىمەت** ـ يولغا، سەپەرگە چىققان كىشىلەر؛
**ئەھلى ئەسر** ـ زاманداشلار؛
**ئەھلى ئەقل** ـ ئەقىل ئىگىلىرى، دانالار، ئەقىللىقلار؛
**ئەھلى ئەلەم** ـ دەرد ـ ئەلەم تارتقۇچىلار، ئازاب تارتقۇچىلار؛
**ئەھلى ئەنا** ـ مۇشەققەتتە، قىيىنچىلىقتا قالغانلار؛
**ئەھلى ئەيان** ـ ئىمانى كامىللار، ھەقىقى ئىشەنچ ئىگىلىرى؛
**ئەھلى ئەيش** ـ مەئىشەتپەرەسلەر، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلگەنلەر؛
**ئەھلى ئەييام** ـ زامانە كىشىلىرى؛
**ئەھلى باتىن** ـ يوشۇرۇن سىرلارنى بىلگۈچىلەر، كېلەچەكنى كۆرگۈچىلەر؛ ئەۋلىيالار؛ تەسەۋۋۇپ ئەھلىلىرى؛ بىلىمدانلار، دانىشمەن كىشىلەر؛ كۆڭلىنى خۇداغا باغلىغانلار؛
**ئەھلى بەزم** ـ زىياپەتتىكىلەر، بەزمىدە ھازىر بولغانلار؛
**ئەھلى بەقا** ـ باقىيلار، ئەبەدىيلەر؛ ئەبەدىي تىرىكلەر؛ تەڭرىگە يېقىن كىشىلەر؛
**ئەھلى بەلىييەت** ـ رەنج، مۇشەققەت، ئازاب چەككۈچىلەر؛ بالاغا قالغانلار؛
**ئەھلى بەيئ** ـ ئۆي ئىگىلىرى؛ دەللاللار؛
**ئەھلى بىنىش** ـ كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەر؛ يىراقنى (ئۇزاقنى) كۆزلىگۈ-چىلەر؛ دانا، دانىشمەنلەر؛ زېرەك، ھوشيار؛

www.uyghurkitap.com



**ئەھلى پەرخاش** ــ جەڭچىلەر؛

**ئەھلى تاج** ــ شاھلار، تاج ئىگىلىرى؛

**ئەھلى تەبئ** ــ ئىقتىدارلىق كىشىلەر، شائىرلار، ئەدىبلەر؛

**ئەھلى تەجاھۇل** ــ جاھالەت ئەھلى، جاھىللار؛

**ئەھلى تەختۇتاج** ــ پادىشاھلار؛

**ئەھلى تەرەب** ــ بەزم ئەھلى، خۇش چاقچاق كىشىلەر؛

**ئەھلى تەرىق** ــ مەلۇم بىر مەسلەك كىشىلىرى، سوپىلىقتا مەنسۇپ كىشىلەر، مۇرت؛

**ئەھلى تەرىق بولماق** ــ زاھىد ۋە سوپىلار قاتارىغا كىرمەك؛

**ئەھلى تەزەللۇم** ــ مەزلۇملار، ئېزىلگەنلەر؛

**ئەھلى تەسەۋۋۇف** ــ سوپىلار، خۇدا جۇيلار؛ نەپسىدىن كەچكەنلەر؛

**ئەھلى تەقۋا** ــ «ئەھلى تەقۋى»گە قاراڭ؛

**ئەھلى تەقۋى** ــ تەقۋادارلار؛

**ئەھلى تەلەب** ــ 1) تىلەكچى؛ 2) ئۈمۈمەن بىرەر تىلەك، ئىستەك ئارقىسىدا يۈرگۈچىلەر؛

**ئەھلى تەلەۋۋۇن** ــ تۇرلۇك تۇستە كۆرۈنگۈچىلەر، شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرغۇچىلار؛

**ئەھلى تەمكىن** ــ سۆلەتلىك كىشىلەر؛ ئېغىر، ۋەزمىن، تەمكىن كىشىلەر؛

**ئەھلى تەمىز** ــ ئاجراتقۇچى، پەرقلەندۈرگۈچى؛ زېرەك كىشىلەر؛

**ئەھلى تەنەئئۇم** ــ نېمەت ئىگىلىرى، پاراۋان ياشىغۇچى كىشىلەر؛

**ئەھلى تەھقىق** ــ بىلىمدانلار، ھەقىقەتنى ئىزدىگۈچىلەر؛ شېئىرشۇناسلار.

**ئەھلى تەئرىخ** ــ تارىخچىلار، تارىخشۇناسلار؛

**ئەھلى تەئيىد ئولماق** ــ قۇۋۋەتلىك، ئىرادىلىك بولماق؛

**ئەھلى تۇراب** ــ تۇپراققا قوشۇلغانلار، ئۆلۈكلەر؛

**ئەھلى تۇرۇق** ــ 1) كەسىپداشلار؛ 2) سوپىلىق مەسلەكلىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەر؛

**ئەھلى جاھ** ــ مەنسەپدارلار، يۇقىرى دەرىجىلىك كىشىلەر، بايلار؛

**ئەھلى جەدەل** ــ بەسلەشكۈچىلەر، بەس تالاشقۇچىلار؛

**ئەھلى جەفا** ــ جاپاكارلار، جاپا چەككۈچىلەر؛

**ئەھلى جەھان** ــ بارچە ئادەملەر، پۈتۈن دۇنيا ئەھلى؛

**ئەھلى جۇد** ــ ساخاۋەتلىك كىشىلەر، سېخىيلار؛

**ئەھلى جۇاۇس** ــ مەجلىستىكىلەر، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى؛

**ئەھلى جۇنۇن** ــ شەيدالار، ئاشىقلار؛ دىۋانىلەر، سەۋدايىلار؛

**ئەھلى خانەقاھ** ــ نامازخانلار؛

**ئەھلی** خەرابەت ــ 1 › مەیخانا ئەھلی؛ 2 › كۆچمە م: ۋەھدەت مېیی بىلەن مەس بولغانلار؛
**ئەھلی** خۇراسان ــ خۇراسان خەلقی، ئاھالىسی؛
**ئەھلی** خىرەد ــ ھوشیارلار، ئەقىل ـ ئىدرەكلىكلەر، زېرەكلەر؛
**ئەھلی** خىزمەت ــ خىزمەت كۆرسەتكەنلەر، خىزمەتتىكلەر؛
**ئەھلی** دانىش ــ بىلىمدانلار، دانىشمەنلەر؛
**ئەھلی** دەرد ــ دەردمەنلەر، ئاغرىقلار؛ ئاشىقلار؛
**ئەھلی** دەرك ــ چۈشەنگۈچىلەر، بىلگۈچىلەر؛
**ئەھلی** دەرۋىش ــ دەرۋىشلەر؛
**ئەھلی** دەقىق ــ دىققەت، ئېتىبار بەرگۈچىلەر؛
**ئەھلی** دەۋر ــ دەۋر، زامان كىشىلىرى؛
**ئەھلی** دەۋران ــ دەۋر، زامان كىشىلىرى؛ زامان ئەھلی، زاماند‌اشلار؛
**ئەھلی** دەۋزەخ ــ دوزىخىيلار؛
**ئەھلی** دەۋلەت ــ دۆلەتمەنلەر؛ بايلار؛
**ئەھلی** دەير ــ بۇتخانا ئەھلی؛
**ئەھلی** دۇنیاــ ھەممە ئادەملەر، دۇنیادىكی بارلىق كىشىلەر؛ دۇنیا ـ نی دوست تۇتقۇچىلار:

«كافىر بولساڭ ئىشقی بول، ئەھلی دۇنیا بولماغىل،
زاھىد سۈپەت دۇنیا دەپ، ھەرگىز مۇردار بولماغىل»
ــ مەشرەب.

**ئەھلی** دىل ــ 1 › پاكىزە كىشىلەر؛ سوپىلار؛ 2 › يۈرەك سىرلىرىنی سەزگۈچی، سىرداش، غەمخور؛ كۆڭۈل بەرگەن ئاشىق؛
**ئەھلی** دىن ــ 1 › دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار، دىندارلار؛ 2 › زاھىدلار؛
**ئەھلی** دىيار ــ ۋەتەن، ئۆلكە خەلقی؛
**ئەھلی** رەھمەت ــ مېھرىبانلار، شەپقەتلىكلەر، غەمخورلار، كۆڭۈل كۆ ـ تۈرگۈچىلەر؛ گۇناھی كەچۈرۈلگەنلەر؛
**ئەھلی** رۇزگار ــ زامان كىشىلىرى؛
**ئەھلی** رىيا ــ مۇناپىقلار، مەككارلار؛
**ئەھلی** زاھىر ــ 1 › يۈزەكی نەرسىلەرنی بىلگۈچىلەر، يۈزەكی كۆرۈ ـ نۈشنی بايقىغۇچىلار؛ يۈزەكی قارىغۇچىلار؛ 2 › روشەن، ئېنىق پىكىر قىلغۇچىلار، دانىشمەنلەر؛
**ئەھلی** زەلل ــ ھەبەشتەك قاپقارا؛
**ئەھلی** زەمان ــ زاماند‌اشلار، زامانە ئەھلی؛ زامان كىشىلىری؛
**ئەھلی** زۇلم ــ زالىملار؛ زالىم تەبىئەت كىشىلىری؛
**ئەھلی** زۇھد ــ زاھىدلار، زاھىدلىقتا بېرىلگەنلەر؛

www.uyghurkitap.com



ئەھلى زىندان ــ زىنداندىكىلەر، تۇتقۇنلار؛
ئەھلى سەئادەت ــ سائادەتمەنلەر، بەختىيارلار؛
ئەھلى سەخا ــ ساخاۋەتلىك كىشىلەر، سېخىيلار؛
ئەھلى سەفا ــ كۆڭلى ساپ كىشىلەر، پاك كىشىلەر؛
ئەھلى سەفەر ــ يولۇچىلار، سەپەر قىلغۇچىلار؛
ئەھلى سەلامەت ــ ساق ـ سالامەت قېلىشنى ئىستىگەنلەر؛ سالامەتلىكلەر، ساقلار، پاكلار، ياخشى كىشىلەر؛
ئەھلى سەلاھ ـ ياخشى كىشىلەر؛ تەقۋادارلار، پاكلار؛
ئەھلى سەۋال ــ سوئال بەرگۈچىلەر، سورىغۇچىلار؛
ئەھلى سەۋدا ــ ئىشق سەۋداسىغا يولۇققان كىشىلەر، سەۋدايىلار، شەيدالار؛
ئەھلى سۈرەت ــ يۈزەكى، نادان ئادەملەر، تېشى پال-پال، ئىچى غال - غال كىشىلەر؛
ئەھلى سۇلۇك ــ تەسەۋۋۇپچىلار؛
ئەھلى سۈننەت ــ سۈننىيلەر، سۈننىي مەزھىپىگە ئەگەشكۈچى مۇسۇلمانلار؛
ئەھلى سىدق ــ توغرا سۆزلۈك كىشىلەر، سادىقلار، ساداقەتلىكلەر، توغرىلار؛ راستچىللار؛
ئەھلى شەست ــ سالغا، سىرتماق تاشلىغۇچىلار؛
ئەھلى شەقاۋەت ــ بەدبەختلەر؛ بەختى قارىلار؛
ئەھلى شۇھۇد ــ شاھىدلار، گۇۋاھلار، گۇۋاھچىلار؛
ئەھلى غۇرۇر ــ مەغرۇرلار، غۇرۇرغا بېرىلگەنلەر؛
ئەھلى غىنا ــ 1 〉سازەندىلەر، ناخشىچىلار؛ 2 〉 بايلار؛ 3 〉 ھېچنەرسىنى نەزەرگە ئىلمايدىغان ھىممەتلىكلەر؛
ئەھلى فەزەئ ۋە ئەفىر ــ قورقۇنچ، ۋەھىمىدىن نالە قىلغانلار؛
ئەھلى فەزل ــ پەزىلەت ئىگىلىرى، ئىلمىي كىشىلەر؛
ئەھلى فەزلۇكەمال ــ پەزىلەتلىك، يېتۇك كىشىلەر؛ ئالىم ۋە دانا كىشىلەر؛
ئەھلى فەساد ــ يول توسارلار، قاراقچىلار؛
ئەھلى فەن ــ پەن، ھۈنەر ئىگىلىرى، يېتۇك بىلىملىك، ماھىر كىشىلەر؛
ئەھلى فەنا ــ ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئىلاھىيغا بېرىلگەن ئادەملەر، تەسەۋۋۇپچىلار؛
ئەھلى فۇنۇن ــ پەن، ھۈنەر ئىگىلىرى؛ بىلىمدانلار؛
ئەھلى قەبۇل ــ خۇلق ـ مىجەزى ياخشى كىشىلەر، خەلققە ياقىدىغانلار، خەلق ياقتۇرىدىغانلار؛
ئەھلى قەلەم ــ قەلەم ئىگىلىرى، ئەدىبلەر، شائىرلار؛ كاتىپلار؛

ئەھلى قۇبۇر — قەبرىدە ياتقانلار. ئۆلۈكلەر؛
«ھەر يېتىمى كى بۇ جەھان ئىچرەدۇر،
يىغلار ئانىڭ ھالىغە ئەھلى قۇبۇر»
— زەلىلى.
ئەھلى قۇلۇب — كۆڭلى ساپ، ۋىجدانى پاك كىشىلەر؛ قەلب ئىگىلىرى؛
ئەھلى كەرەم — سېخىي، قولى ئوچۇق كىشىلەر؛
«گەدادۇر جەنابىڭدا ئەھلى كەرەم،
ئەتا قىلماغاي بەرمەسەڭ سەن دەرەم»
— ئا. نىزادى.
ئەھلى كەلام — سۆز ئۇستىلىرى، ئەدىبلەر، ناتىقلار؛
ئەھلى كەمال — ھېكمەت، كامالەت ئىگىلىرى، ئالىملار؛
ئەھلى كەمىن — ئۆزىنى چەتكە ئالغۇچىلار؛
ئەھلى كۇفرۇدىن — كاپىرلار، دىنسىزلار؛
ئەھلى گۇناھ — گۇناھكارلار؛
ئەھلى ماتەم — ماتەم تۇتقانلار؛
ئەھلى مەئانىي — مەنە ئىگىلىرى، مەنە ۋە بايان ئالىملىرى؛
ئەھلى مەجلىس — ئولپەتلەر، سۆھبەتداشلار؛ يىغىنغا توپلانغانلار؛
ئەھلى مەزەللەت — خار، تۆۋەن كىشىلەر؛
ئەھلى مەشرەب — ئىچىملىك مۇخلىسلىرى؛
ئەھلى ماقالەت — سۆز، نۇتۇق ئەھلى؛ گەپدانلار؛
ئەھلى مەكتەب — مەكتەپتىكىلەر؛ ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلار؛
ئەھلى مەلامەت — مالامەت، تاپا-تەنە قىلغۇچىلار؛
ئەھلى مەئرىفەت — مەرىپەت، ئىلىم ئىگىلىرى؛
ئەھلى مەئنى — مەنە ئىگىلىرى، بىلىمدانلار؛ سۇخەندانلار؛
ئەھلى مۇتىئ — ئىتائەتكارلار؛ تەۋە؛
ئەھلى مۇسىبەت — غەم، ئەندىشە، قايغۇ-ئەلەم چەككۈچىلەر؛
ئەھلى مۇناجات — يىلىنىپ يالۋۇرغۇچىلار؛
ئەھلى مۇھەببەت — ئاشىقلار؛ دوستلار؛ مۇھەببەتلىكلەر؛
ئەھلى نامۇس — نومۇسلۇق، نومۇسچان كىشىلەر؛
ئەھلى نەجات — قۇتۇلغانلار، نىجات تاپقانلار، خالاس بولغانلار؛
ئەھلى نەدەم — پۇشايمان قىلغۇچىلار، ئەپسۇسلانغۇچىلار؛
ئەھلى نەزەر — ياخشى قارىغۇچىلار، نەزەر سالغۇچىلار؛
ئەھلى نەسىم — يەل، يېقىملىق شامالدىن بەھرىمەن بولغۇچىلار؛
ئەھلى نەشات — ۋاقتىنى شادلىق بىلەن ئۆتكۈزگۈچىلەر، خۇشاللىق ئىستىگۈچىلەر؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەھلى نۇجۇم ــ مۇنەججىملەر، ئاسترونوملار؛
ئەھلى نۇقسان ــ جاھىللار؛ نادانلار؛ نۇقسانلىقلار؛
ئەھلى ھال ــ تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىسىدە: ئىشق يولىدا ئۆزىنى يوقىـتىش ھالىتىگە چۈشكەن سوپىلار؛
ئەھلى ھەرب ــ ھەربىيلەر، سىپاھلار، ئەسكەرلەر؛
ئەھلى ھەق ــ تەڭرىگە يېقىنلار؛
ئەھلى ھەقىقەت ــ سوپىلىقتا، سوپىلىق مەسلەكلىرىدە خۇداغا يېتىشـكەن كىشىلەر؛
ئەھلى ھەيا ــ ھايالىقلار، ئىپپەتلىكلەر؛ ئەندىشە بىلەن يۈرگۈچىلەر؛
ئەھلى ھۇزۇر ــ ھازىرلار، ئاگاھلار، ھوشيارلار؛
ئەھلى ھۇش ــ ھوشيارلار، زېرەكلەر؛
ئەھلى ھۇسن ــ گۈزەللەر، زىبالار؛
ئەھلى ھۈنەر ــ ھۈنەر ئىگىلىرى، ھۈنەرۋەنلەر؛
ئەھلى ھىجاز ــ ھىجاز خەلقى، ئاھالىسى؛
ئەھلى ھىجران ــ ئايرىلىش ئازابىدا كۈن كەچۈرۈۋاتقانلار؛
ئەھلى ھېكمەت ــ بىلىمدانلار، دانىشمەنلەر؛ پەيلاسوپلار؛
ئەھلى ئۇقۇل ــ ئاقىللار، دانالار، ئەقىل ئىگىلىرى؛
ئەھلى ئۇبۇر ــ كەزگۈچى، ساياھەتچى، ئۆتكۈنچى، كېزىپ يۈرگۈچىـلەر؛ سودىگەرلەر، ساياھەتچىلەر؛
ئەھلى ئۇسۇل ــ فىقھى ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار؛
ئەھلى ۋەرەئ ــ تەقۋادارلار، پەرھىزكارلار؛ پاكلار؛

«ئەگەر ئىشق ئاپەتىن كۆرمەي دېسەڭ ئەھلى ۋەرەئ بىلگىم،
تىلىڭغە ئىشق ئاتىن كەلتۈرمەگىل زىنھار مەن يەڭلىغ»
— گۇمنام.

ئەھلى ۋەسل ــ يېتىشكەنلەر، ئېرىشكەنلەر؛
ئەھلى ۋەفا ــ ۋاپادارلار، ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىلار؛
ئەھلى ۋەھدەت ــ خۇدانىڭ بىرلىكىنى تەن ئېلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنغان كىشىلەر؛
ئەھلى ۋەيل ــ دوزاختىكىلەر، دوزاخ ئەھلى؛
ئەھلى ۋۇسۇل ــ يېتىشكەن، ئېرىشكەنلەر؛
ئەھلى ۋۇقۇف ــ خەۋەردار كىشىلەر، بىلگەنلەر، خەۋەردارلار؛
ئەھلى ۋىداد ــ دوستلار؛
ئەھلى ۋىسال ــ يېتىشكەنلەر، ئېرىشكەن ئاشىقلار؛
ئەھلى ۋىفاق ــ ھەمكارلىق، دوستلۇقتا ئىنتىلگۈچىلەر؛
ئەھلى ئىپتىدا ــ توغرا يولدا ماڭغۇچىلار؛ يول تاپقانلار؛

ئەھلى ئېھتىياج ـ موھتاج كىشىلەر؛
ئەھلى ئېئتىبار ـ ئىبرەت ئالغۇچى كىشىلەر، ئىبرەت ئىگىلىرى؛
ئەھلى ئىدراك ـ ئەقىللىقلار، ئىدراكلىق كىشىلەر؛ پاراسەتلىك، زېرەك كىشىلەر؛
ئەھلى ئىرادەت ـ مۇرىتلار، مۇخلىسلار؛
ئەھلى ئىرتىداد ـ دىنىدىن قايتقانلار؛ مەسلەكتىن يانغانلار؛ ھەيدەلگەنلەر؛
ئەھلى ئىرفان ـ بىلىم، مەرىپەت ئەھلى؛
ئەھلى ئىسلام ـ مۇسۇلمانلار؛
ئەھلى ئىسيان ـ ئىتائەتسىز كىشىلەر، قوزغىلاڭچىلار، ئىسيانكارلار؛
ئەھلى ئىشق ـ ئاشىقلار؛
ئەھلى ئىلىم ـ ئىلىم ئىگىلىرى؛ ئالىملار؛
ئەھلى ئىمان ـ مۇسۇلمانلار، مۆمىنلەر، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار؛
ئەھلى ئىيادەت ـ ھال ـ ئەھۋال سورىغۇچىلار؛
ئەھلى يەقىن ـ خۇدانى تونۇغانلار، خۇداجۇيلار.

**ئەھلەن** [اهلاً] (ئە)
ئەھلەن ۋە سەھلەن (بەزىدە «مەرھەبا» سۆزى ھەم قوشۇلىدۇ):
«خۇش كېلىپسىز، ياخشى كېلىپسىز، مەرھەمەت!» كە ئوخشاش ياخشى تىلەكلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

**ئەھلىلىق** [اهل لیق] ئىگىلىك، ساھىبلىق؛ مەھرەملىك (دوستلۇق، بۇرادەرلىك؛ چورىلىق)، بىردىللىق.

**ئەھلۇللاھ** [اهل الله] (ئە) ئەۋلىيالار، خۇداغا يېقىنلار.
«يەتتە تەن كەلتۈر ئۇ ئەھلۇللاھدىن،
بەئىدەزان ھاجەت تىلە ئەللاھدىن»
— زەلىلى.

**ئەھلىيەت** [اهلیت] (ئە) يېقىن بولۇش، يېقىنلىق.

**ئەھمال** [احمال] (ئە) [بىرلىكى: ھەمل] يۈكلەر.
ئەھمال ۋە ئەسقال ـ يۈكلەر ۋە ئېغىر نەرسىلەر.

**ئەھمەر** [احمر] (ئە) قىپقىزىل، قىزىل.
«سەفا گۈلشەنىنىڭ گۈلى ئەھمەرى،
ۋەفا ئالەمىنىڭ مەھى ئەنۋەرى»
— ئا. نىزارى.
لالەئى ئەھمەر ـ قىزىل لالە:
«چىمەن سارىغە ناگەھ تۈند بادى يەتسە قەھرىڭدىن،
نە قالغاي لالەئى ئەھمەر، نە قالغاي سۈنبۈلى رەئنا»
— زەلىلى.

www.uyghurkitap.com

**ئەھمەرىي** [احمری] (ئە) قىزىل؛ قىزىلغا مەنسۇپ.

**ئەھمەق** [احمق] (ئە) گول، نادان، ئەخمەق.

**ئەھۋال** [احوال] (ئە) [بىرلىكى: ھالەت] ھالەتلەر، ھاللار، ئەھۋال.
**ئەھۋالى مەسەل** — خار - زارلىقتا نەمۇنە.

**ئەھۋەل** [احول] (ئە) ئالغاي، ئەلەس كۆز (كۆزى بىرەر نەرسىنى ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق قىلىپ كۆرۈدىغان)، غىلاي

«كۆرمەيدۇ مەردى ئەھۋەل، تەڭرى تەجەللى نەبەل،
روىى زەمىنگە مەشئەل خۇرشىد - ماھ ئەمەسمۇ»
— زەلىلى.

**ئەھىببا** [احبا] (ئە) [بىرلىكى: ھەبىب] ئەھبابلار، دوستلار، سۆيۈملۈكلەر، جورىلار.
**ئەھىببايى دەۋران** — دەۋران، زامانە دوستلىرى.

**ئەھيا** [احيا] (ئە) ‹ 1 قايغۇلار، مىسكىنلىكلەر؛ ‹ 2 ۋۇجۇدقا چىقىش؛ تىرىك؛ جانلاندۇرۇش، تىرىلدۇرۇش.

«كۆكۆل ئارەزىن مەيدە ھەمرا قىلاي،
ئانىڭ كەيفىدە دىلنى ئەھيا قىلاي»
— ئا. نىزارى.

**ئەھيانەن** [احياناً] (ئە) بەزەن؛ بەزى ۋاقىتتا، گاھى - گاھى.

**ئەۋ** [ايو] ئۆي، خانا:

«گۆل نەۋرۇزنى كۆتەرىپ ئەۋگە ئىپلىتكەنى»
— لۇتفى.
**كۆز ئەۋى** — كۆز چانىقى.

**ئەۋاخىر** [اواخر] (ئە) [بىرلىكى: ئاخىر] ئاخىرلار، كېيىنلەر؛ بىرەر دەۋرنىڭ ئاخىرلىرى. كېيىنكى پەيتلەر.

**ئەۋارىز** [عوارض] (ئە) [بىرلىكى: ئارىزە] پەيدا بولغان نەرسىلەر، ھادىسىلەر؛ تۈرلۈك تاسادىپىلىقلار، ئىشلار، مەشغۇلاتلار؛ يامانلىقلار، ئىللەتلەر.

**ئەۋاسىت** [اواسط] (ئە) [بىرلىكى: ۋەسەت] ئوتتۇرىلار؛ ئوتتۇراھاللار؛ ئورتتۇرازامان.

**ئەۋام** [عوام] (ئە) ئومۇم، ئامما؛ خەلق، خالايىق؛ ئاددىي كىشىلەر.
**ئەۋام ئەرازىلى** — ئاددىي خەلقنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەبىقىلىرى.

**ئەۋامۇننااس** [عوام‌الناس] (ئە) خەلق ئاممىسى، ئومۇم خەلق، ئاددىي خەلق، پۇقرا.

**ئەۋامىر** [اوامر] (ئە) [بىرلىكى: ئەمر] ئەمرلەر، بۇيرۇقلار.

**ئەۋانI** [اوان] (ئە) ۋاقىت، پەيت، زامان، مەۋسۇم.
**شەباب ئەۋانى** — ياشلىق پەيتى.

**ئەۋانII** [عوان] (ئە) ‹ 1 ئۆي ئىشى بىلەن مەشغۇل ئايال؛ ‹ 2 ئەرلىك ئايال؛ ‹ 3 دۆلەت پاسىبانى، مىرشاب؛ قاتتىق قوللۇق، جازالىغۇچى جاللات.

**ئەۋانى** [اوانى] (ئە) [بىرلىكى: ئىنا] ئىدىشلار؛ قاپلار.
ئەۋانىيى سىيمىن ــ كۈمۈش ئىدىشلار.

**ئەۋائىل** [اوايل] (ئە) [بىرلىكى: ئەۋۋەل] ئاۋۋاللار، ئىلگىرىلەر، دەسلەپ، بىرەر نەرسىنىڭ باشلىنىش دەۋرى، ئىپتىداسى؛ ئاۋۋالقى دەۋرلەر.

**ئەۋايىل** [اوايل] (ئە) «ئەۋائىل» غا قاراڭ.

**ئەۋباش** [اوباش] (پ) بەتقىلىق، بەڭباش، تەرسا، سایاق.

«ھەردەم يېتىبان پەلەككە ھۇيۇم،
ئەۋباش ئىلە بارچە گۇفتۇ گۇيۇم»
ــ قىدىرى.

**ئەۋباشلىق** [اوباشليق] تەرتىپسىزلىك، تەربىيەسىزلىك، ئۆز بېشىمچىلىق.

**ئەۋتاد** [اوتاد] (ئە) [بىرلىكى: ۋەتەد] 1› قوزۇقلار؛ تايانچلار؛ 2› قەبىلە پېشىۋالىرى، بىرەر جامائەتنىڭ ئۇلۇغ، ھۆرمەتلىك كىشىلىرى؛ ئەۋلىيالار؛ تۆت ئەۋلىيانىڭ باشلىقى؛ خۇداغا يېتىشكەنلەر؛ 3› ئىككى ھىجالىق ئارۇز رۇكنى.

**ئەۋتار** [اوتار] (ئە) چالغۇ تارلىرى.

**ئەۋتان** [اوطان] (ئە) [بىرلىكى: ۋەتەن] ئورۇن، ماكان؛ ۋەتەنلەر؛ ئىستىقامەت جايلىرى.

**ئەۋج** [اوج] (ئە) 1› ئىگىز، يۇقىرى؛ 2› بىرەر نەرسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىسى؛ چوققا؛ 3› ئېگىزلىك؛ 4› ئاسمان، پەلەك.

«مەگەر ئىسلام ئېلىنىڭ نالەسى ئەۋجىگە يەتمەيدۇر،
بەرەھمەن باش كۆتەردى كۇفردىن بۇتخانەدۇر پەيدا»
ــ زەلىلى.

**ئەۋج** ئالماق ــ كۈچەيمەك، زورايماق؛
**ئەۋج** بەرمەك ــ يۇقىرى دەرىجىگە، يۈكسەك مەرتىۋىگە يەتكۈزمەك، مۇۋەپ‑پەقىيەتكە ئېرىشمەك؛
**ئەۋج** تاپماق ــ يۈكسەك ئورۇن ئالماق، يۇقىرى دەرىجە ۋە مەرتىۋىگە يەتمەك؛ تەرەققىي قىلماق؛
**ئەۋج** تۇتماق ــ يۈكسەك دەرىجىگە، يۇقىرى ئورۇنغا، ئېگىز چوققىلارغا كۆتۈرۈلمەك؛
**ئەۋج** تىلىمەك ــ يۇقىرى مەرتىۋە ۋە يۈكسەك ئورۇنغا ئىنتىلمەك، مايىل بولماق؛
**ئەۋجى** رىفئەت ــ يۇقىرى مەرتىۋە، يۈكسەك دەرىجە؛
**ئەۋجى** سەلتەنەت ــ پادىشاھلىق ئورنى؛
**ئەۋجى** سىپېھر ــ ئاسمان چوققىسىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئورنى؛
**ئەۋجى** شەرەف ــ ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسى، بۈيۈكلۈكنىڭ يۇقىرى چوققىسى؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ئەۋج كەمال تاپماق** ــ كامالەت چوققىسىغا ئېرىشمەك؛
**ئەۋجى مۇقەرنەس** ــ ئاسمان، ئاسمان گۈمبىزى؛
**ئەۋجى ھەقىقەت** ــ ھەقىقەت ئاسمىنى؛ ھەقىقەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى؛
**ئەۋجى ۋەلا** ــ ئەڭ يۇكسەك.

«مەقامى ئانىڭ بولدى ئەۋجى ۋەلا،
ۋەلا ئەۋجىدە يەئنى شەمسۇز زۇھا»
ــ ئا. نىزارى.

**ئەۋجگاھ** [اوجی‌گاه] (ئە + پ) يۇقىرىسى، يۇقىرى ئورۇن، يۇكسەك جاي.

«ئۆتۈپ بۇ كېچە بولدى خۇرشىد فاش،
سەما ئەۋجگاھىدا تۇردى قۇياش»
ــ ئا. نىزارى.

**ئەۋد** [عود] (ئە) قايتىش، ئارقىغا قايتىش.
**ئەۋد ئەتمەك** ــ قايتماق، قايتىپ كەلمەك؛ قايتىلىماق؛
**ئەۋد ئەيلەمەك** ــ «ئەۋد ئەتمەك» كە قاراڭ؛
**ئەۋد قىلماق** ــ «ئەۋد ئەتمەك» كە قاراڭ.

**ئەۋر** [عور] (ئە) يالىڭاچ.
**ئەۋر ئولماق** ــ يالىڭاچ بولماق.

**ئەۋراد** [اوراد] (ئە) [بىرلىكى: ۋىرد] بامـدات، تاڭ نامىـزىـدىن كېيـىن ئوقۇلىدىغان دۇئا ياكى ئايەت؛ دۇئالار; ۋەزىپىلەر («ۋىرد»قا قاراڭ).

«مەنۇ رۇخسارۇ زۇلفۇڭ زىكرۇ فىكرى،
خەلايىق سۇبھۇ شام ئەۋراد ئوقۇرلەر»
ــ ئەتائى.

**ئەۋراق** [اوراق] (ئە) [بىرلىكى: ۋەرەق] 1〉 ۋاراقلار، سەھىپىلەر؛ 2〉 بەرگـلەر؛ ياپراقلار؛ 3〉 بۆلەكـلەر، پارچىـلار، قىـسىمـلار؛ 4〉 قەغـەزلەر، ھۆججەتلەر؛ 5〉 يازمىلار (شېئىر، رىسالە ۋە باشقىلار)، كىتابـلار؛ 6〉 بىرەر نەرسىلەر مەجمۇئەسى، قامۇسى، يىغىندىسى.

«لالە يافراغى ۋەيا ئەۋراقى گۈلدىن دەفتەرى،
مىسرەئى شوخىنى تەھرىر ئەتكەلى دىۋان كېرەك»
ــ زەلىلى.

**ئەۋراقى سىيم** ــ كۈمۈش ۋاراقلار؛ كۆچمە م: قۇياش نۇرلىرى؛
**جەمال ئەۋراقى** ــ كىشىنىڭ يۈزى (مەڭزى).

**ئەۋرەت** [عورت] (ئە) ئەۋرەت، جىنسىي ئەزا، ئۇياتـلىق جاي، نامەھـرەمـگە كۆرسىتىشكە بولمايدىغان ئەزالار (دىنىي: ئەرلەر ئۈچۈن كىنـدىكتىن تىزىغىچە بولغان قىسمى؛ خوتۇن ـ قىزلار ئۈچۈن جەينەكتىن بويىنىغىچە ۋە بويىندىن تۆۋەنگىچە بولغان قىسمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ).
**سەترى ئەۋرەت** ــ ئەۋرەتنى يېپىش (يوشۇرۇش).

**ئەۋرەڭ** [اورنگ] (پ) 1 › تەخت، ئوردا؛ 2 › تاج؛ 3 › شەرەپ؛ گۆزەللىك؛ 4 › ئەقىل؛ بىلىم؛ 5 › ئاسمان؛ 6 › هۆكەر يۇلتۇز (يۇلتۇزلار تۇر- كۇمىدىن بىرىنىڭ نامى)؛ 7 › شەۋكەت (ئەل ئىچىدە قازانىغان كاتتا ئابروي، هۆرمەت؛ شان - شۆهرەت).

«چىقارسام بۇ ئەۋرەڭگە شەهزادەنى،
كۆزۈم نۇرى دىلبەند فەرهادنى»
— ئا. نىزارى.

**هەفتە ئەۋرەڭ** — يەتتە تەخت:
«گەردۇنى هەفت ئەۋرەڭ، شىنگەرفى ئۇ تۆمۈررەڭ،
يا مىسسۇ نۇقرەۋۇ دەڭ، يا كۇهسار ئەمەسمۇ؟»
— زەلىلى.

**ئەۋرۈلمەك** [ايورولماك] 1 › ئايلانماق، ئۆرۈلمەك؛ 2 › مەشغۇل بولماق؛ قايغۇرماق.

**ئەۋزار** [اوزار] (پ) ئەسۋاب، قورال («ئەفزار» غا قاراڭ).

**ئەۋزان** [اوزان] (ئە) [بىرلىكى: ۋەزن] 1 › ۋەزنلەر؛ ئۆلچەملەر (شېئىرىي ئۆلچەم)؛ ئارۇز ۋەزنلىرى؛ 2 › مۇزىكىدىكى ئۆلچەم.

**ئەۋزائ** [اوضاع] (ئە) [بىرلىكى: ۋەزئ] هالەتلەر؛ ئەهۋاللار؛ شارائىتلار.

**ئەۋزەه** [اوضح] (ئە) روشەن؛ روشەنرەك، ئوچۇقراق؛ ئەڭ روشەن، ئەڭ ئوچۇق.

**ئەۋساف** [اوصاف] (ئە) [بىرلىكى: ۋەسف] سۈپەتلەر، تەرىپلەر، ماختاشلار.

**ئەۋسافى پىسەندىدە** — يېقىملىق سۈپەتلەر، مۇۋاپىق هالەتلەر؛

**ئەۋسافىن بىتمەك** — تەرىپ - تەۋسىپىنى يازماق؛

**ئەۋسافى هەمىدە** — ياخشى سۈپەتلەر مەدهىيىسى؛

**ئەۋسافى هىلم** — تاقەت، بەرداش؛ يۇمشاقلىق سۈپەتلىرىنىڭ ماختىلىشى.

**ئەۋسەت** [اوسط] (ئە) 1 › ئوتتۇرا، ئوتتۇرىچە؛ 2 › قىسقا، ئىخچام.

**ئەۋسەت سۆز** — قىسقا سۆز، ئىخچام سۆز؛

**خەيرۇلئۇمۇرى ئەۋسەتۇها** — هەممە ئىشلارنىڭ ئوتتۇرىچىسى ياخشى.

**ئەۋسەتۇنناس** [اوسطوالناس] ئوتتۇرا تەبىقىدىن بولغان كىشىلەر.

**ئەۋسەئ** [اوسع] (ئە) كەڭرەك؛ ناهايىتى كەڭ.

**ئەۋقات** [اوقات] (ئە) [بىرلىكى: ۋەقت] 1 › ۋاقىتلار، پەيتلەر؛ كۈنلەر؛ 2 › ئۆمۈر، هايات؛ زامان، دەۋر؛ 3 › ئۆمۈر كەچۈرۈش، ۋاقىت ئۆتكۈزۈش.

«تەلبەۋۇ رەسۋايى خەرابات ئۈچۈن،
ئاشىقى بەدنام هەر ئەۋقات ئۈچۈن»
— زەلىلى.

**ئەۋقات جامى** — ۋاقىتلار جامى؛ ۋاقىت جەريانى؛ ۋاقىتنىڭ سىغدۇرۇش هەجمى؛

www.uyghurkitap.com



ئەۋقات سۈردەك ــ ھايات كەچۈرمەك، ئۆمۈر ئۆتكۈزمەك.

**ئەۋقاف** [اوقاف] (ئە) [بىرلىكى: ۋەقف] ۋەقپىلەر، ۋەقپى قىلىنغان مۈلۈكلەر (مەسچىت، مەدرىسە، قارىخانا، خانىقاھ تەممناتى ئۈچۈن بەلگىلەپ قويۇلغان دارامەتلەر ــ سۇ ۋە باشقا مۈلۈكلەر، «ۋەقف» گە قاراڭ).

**ئەۋلا** [اولا] (ئە) ياخشىراق، تۈزۈكرەك؛ ئەڭ ياخشى.

**ئەۋلاد** [اولاد] (ئە) [بىرلىكى: ۋەلەد] پەرزەنتلەر، ئوغۇللار؛ ئوغۇل ــ قىزلار؛ نەسىل.

ئەۋلادى كىرام ــ ياخشى ئەۋلاد.

**ئەۋلادلىغ** [اولادليغ] پەرزەنتلىك، ئوغقانلىق، قىرىنداشلىق.

**ئەۋلاد مانەند** [اولاد مانند] (ئە + پ) ئوغلىدەك، پەرزەنتىدەك، قىرىنداشتەك.

**ئەۋلى** [اولى] (ئە) ياخشىراق، ئەۋزەلرەك، تۈزۈكرەك؛ ئەڭ ياخشى.

**ئەۋلىيا** [اوليا] (ئە) [بىرلىكى: ۋەلى] ۋەلىلەر، دوستلار؛ ئېتىقادلىق، دىندار كىشىلەر؛ مۇقەددەس، ئەزىز ئادەملەر؛ روھانىيلار.

ئەۋلىيائى مۇرسەلىن ــ خۇدا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلەر؛

ئەۋلىيائى ئىزام ــ ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك ئەۋلىيالار.

**ئەۋلىيائۇللاھ** [اوليا الله] (ئە) خۇدانىڭ دوستلىرى، يېقىنلىرى؛ خۇداغا يېقىن كىشىلەر.

**ئەۋن** [عون] (ئە) ياردەم، مەدەت، كۆمەك.

**ئەۋھام** [اوهام] (ئە) [بىرلىكى: ۋەھم] ۋەھىمىلەر، قورقۇنچلار، ئويلار، تۇيغۇلار، بىھۇدە خىياللار.

**ئەۋۋارە** [اواره] (ئە)

ئەۋۋارەئى بىخانۇمان ــ ئۆي ــ جايسىز، سەرگەردان؛ تېنىگەن.

«بەيابانى فىراق ئىچرە بەسى ئەۋۋارەلەر سىزمۇ؟
قايۇ ئەۋۋارەلەر، دەرد ئىچرە باغرى پارەلەر سىزمۇ؟
ــ ئەرشى.

**ئەۋۋەل** [اول] (ئە) 1) بىرىنچى، ئاۋۋالقى، دەسلەپ؛ ئالدى، ئىلگىرى؛ 2) باشلانغۇچ، ئىپتىدا، باش.

ئەۋۋەلى ئافەرىنىش ــ يارىتىلىشنىڭ بېشى (دەسلىپى)؛

ئەۋۋەلى جۇلۇس ــ مەجلىس، مۇراسىمنىڭ باشلىنىشى؛

ئەۋۋەلى ھال ــ دەسلەپ، ئاۋۋال.

**ئەۋۋەلا** [اولا] (ئە) بىرىنچىدىن؛ ئالدىدىن، باشتىن.

**ئەۋۋەلئاقشام** [اول آقشام] كەچتۇرۇن، تۈن باشلىنىش پەيتى.

**ئەۋۋەلەن** [اولن] (ئە) بىرىنچىدىن؛ دەسلەپ، باشتىن، ئاۋۋالدا، دەسلەپكى ۋاقىتتا.

**ئەۋۋەلغى** [اولغى] «ئەۋۋەلكى» گە قاراڭ.

«كۆڭلۈم ئىچرە دەردۇ غەم ئەۋۋەلغىلەرغە ئوخشاماس،
كىم ئۇل ئاينىڭ ھەجرى ھەم ئەۋۋەلغىلەرغە ئوخشاماس»
— نەۋائى.

**ئەۋۋەلگى** [اولكى] بىرىنچى، دەسلەپكى، ئالدىنقى، ئاۋۋالقى، بۇرۇنقى، ئىلگىرىكى.

**ئەۋۋەلىن** [اولين] (ئە) ئالدىنقى، ئالدىنقىلار.

ئەۋۋەلىنۇ ئاخىرىن — ئالدىنقى (ئاۋۋالقى)لار ۋە ئاخىرقىلار؛ باشلىنىش ۋە تۈگەللىنىش.

**ئەۋۋەلىيەت** [اوليت] (ئە) ئىلگىرىلىك، بىرىنچىلىك؛ قەدىمكىلىق؛ ئەزەلىي بارلىق.

**ئەئادى** [اعادى] دۈشمەنلەر.

**ئەئتاف** [اعطاف] (ئە) مېھرىبانلىقلار، مەرھەمەتلەر.

**ئەئجەم** [اعجم] (ئە) 1› كۆچمە م: نادان؛ 2› ياخشى سۆزلىيەلمەيدىغان.

**ئەئجەمي** [اعجمى] (ئە) «ئەئجەم» گە قاراڭ.

**ئەئجۇبە** [اعجوبه] (ئە) «ئەجوبە» گە قاراڭ.

«ئەئجۇبەئى ئىلاھى، كەۋنەين پادىشاھى،
خىرگاھى بارگاھى چەرخى كەيۋان ئەمەسمۇ؟»
— زەلىلى.

**ئەئجۇبەلىق** [اعجوبه ليق] ئاجايىپلىق، غارايىپلىق.

**ئەئدا** [اعدا] (ئە) [بىرلىكى: ئەدۇۋ] دۈشمەنلەر.

ئەئدا سىپاھى — دۈشمەن لەشكىرى.

**ئەئداد** [اعداد] (ئە) [بىرلىكى: ئەدەد] سانلار، ساناقلار، ھېسابلار.

ئەئدادىدە تۇتماق — سانغا قوشماق، قاتاردا سانىماق، ھېسابقا قوشماق.

**ئەئراب** [اعراب] (ئە) ئەرەبلەر، كۆچمەنچى ئەرەبلەر؛ سەھرايى ئەرەبلەر.

«سوردىلەر ئەئرابىلەردىن كىم قايان،
رەۋزەئى پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان»
— زەلىلى.

**ئەئرابى** [اعرابى] (ئە) بەدەۋيى (سەھرادا تۇرغۇچى، كۆچمەنچى) ئەرەبلەر.

**ئەئراز** [اعراض] (ئە) [كۆپلۈكى ئەرەز] «ئەرەز» گە قاراڭ.

**ئەئزا** [اعضا] (ئە) 1› تەن ئەزالىرى، قىسىملىرى؛ 2› بەدەن، تەن، گەۋدە.

**ئەئزەم** [اعظم] (ئە) ئەڭ كاتتا، ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ ئۇلۇغ؛ كاتتىراق، ئۇلۇغراق.

«كى فارۇقى ئەئزەم ئەدالەت سىرىشت،
ھەياكانى ئوسمان ئىبادەت سىرىشت»
— ئا. نىزارى.

www.uyghurkitap.com



ئەسسەۋادول ئەئزەم ـ ئەڭ زور كۆپچىلىك، مۇتلەق كۆپ سانلىقلار؛
ئەئزەم سەۋاد ـ كاتتا شەھەر، كاتتا ئۆلكە.

**ئەئقەل** [اعقل] (ئە) ئەقىللىقراق؛ ئەڭ ئەقىللىق.
ئەئقەلى رۇزگار ـ زامانىسىنىڭ ئەڭ ئەقىللىق كىشىسى.

**ئەئلا** [اعلا] (ئە) ئالىي، يۇكسەك، يۇقىرى؛ ئۇستۇن؛ يۇكسەكرەك، ئالىيراق.

«بولسا جەننەتدە ئەتائى سەنسىزىن قىلغاي فىغان،
سالدىلار دەۋزەخكە دەپ فىردەۋسى ئەئلادىن مېنى»
ـ ئەتائى.

ئەئلا مەقام ـ يۇقىرى، يۇكسەك مەرتىۋە، دەرىجە.

**ئەئلام** [اعلام] (ئە) [بىرلىكى: ئەلەم] 1› بايراقلار؛ 2› ئاتاقلىق ئاتلار (ئىسىملار).

«خوجەغە قىلدى سەلام ئىكرام ئېتىپ،
بارچە ئەھۋالاتىنى ئەئلام ئېتىپ»
ـ زەلىلى.

**ئەئلەم** [اعلم] (ئە) زور ئالىم، بۈيۈك ئالىم؛ ناھايىتى دانا، كاتتا ئىلىم ئىگىسى، دانىشمەن.
ئەئلەمى ئۇلەما ـ ئالىملارنىڭ ئەڭ بىلىمدانى.

**ئەئما** [اعما] (ئە) 1› كور؛ كۆزى ئاجىز؛ كۆرمەس، قارىغۇ؛ 2› بىلىمسىز، نادان؛ خەۋەرسىز.
ئەئما كەلمەك ـ بىلىمسىزلىك، ئاجىزلىق قىلماق.

**ئەئمال** [اعمال] (ئە) [بىرلىكى: ئەمەل] ئەمەللەر، ئىشلار، قىلمىشلار.
ئەئمال نامەسى ـ قىلىنغان ئىشلار خاتىرىسى؛
ئەئمالى خەير ـ ياخشى ئىشلار؛
ئەئمالى قەبائىھ ـ يامان، رەزىل، قەبىھ قىلمىشلار.

**ئەئۋاد** [اعواد] (ئە) قۇرۇق سۆلەت.
زۇمرەئى ئەئۋادۇ تەكاسۇل ـ بىر توپ بىكارچى، مېھنەتتىن باش تارتقۇچىلار.

**ئەئۋام** [اعوام] (ئە) يىللار، زامانلار.

**ئەئۋان** [اعوان] (ئە) ياردەمچىلەر.

**ئەئىززە** [اعزه] (ئە) [بىرلىكى: ئەزىز] ئەزىزلار، ھۆرمەتلىكلەر؛ چوڭلار؛ دانىشمەنلەر.
ئەئىززەئى ئەھباب ـ ئەزىز دوستلار؛ ئىززەتلىك، ھۆرمەتلىك جورىلار؛ كۆڭلى يېقىن كىشىلەر.

**ئەئىممە** [ائمه] (ئە) [بىرلىكى: ئىمام] ئىماملار، پېشىۋالار.

**ئەئىممەئى ئىسلام** ـ ئىسلام ئىماملىرى، ئىسلام دىنىنىڭ پېشۋالىرى.

**ئەئيان** [اعيان] (ئە) 1› ئاقسۆڭەكلەر، ئېسىلزادىلەر، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى، ئۇلۇغ مەرتىۋىلىكلەر، تونۇلغان، ئاتاقلىق كىشىلەر؛ 2› كۆزگە كۆرۈنگەن، ئاشكارا، ئوچۇق، چۈشىنىشلىك:

«پادىشاھا، يوقتۇر ھېچ پىنھان ساڭا،
زاھىرۇ باتىن ھەمە ئەئيان ساڭا»
ـــ خەراباتى.

**ئەئيانى ھەزرەت** ـ (پادىشاھ) ھۇزۇرىدىكى مەنسەپدارلار.

**ئەيالەت** [ايالت] (ئە) [كۆپلۈكى: **ئەيالات**] ۋىلايەت، بىرەر مەمۇردىي دائىرە.

**ئەيالغۇ** [ايالغو] 1› مۇزىكا ئەسۋابلىرىدىن بىرى؛ 2› ئۆلەن، كۈي، ئاھاڭ، تەسىرلىك قوشاق.

**ئەيالغۇچى** [ايالغوچى] مۇزىكانت.

**ئەيب** [عەيب] (ئە) نۇقسان، خاتا، كەمچىلىك، گۇناھ.

**ئەيب كۆزى** ـ نۇقسان ئىزدىگۈچى كۆز.

**ئەيىبپوش** [عيب پوش] (ئە + پ) ئەيىب يوشۇرغۇچى، سىر ساقلىغۇچى، بىراۋنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرمەسلىككە سالغۇچى، ئەيىب كەچۈرگۈچى.

**ئەيىبجو** [عيب جو] (ئە + پ) ئەيىب ئاختۇرغۇچى، كەمسىتكۈچى؛ قارا نىيەت؛ پىتنە پاسات تارقاتقۇچى.

**ئەيىبجوي** [عيب جوى] (ئە + پ) «ئەيىبجو» غا قاراڭ.

**ئەيىبجويلىق** [عيب جويلىق] ئەيىب تېپىش، كامچىلىق ئىزلەش؛ قارا نىيەتلىك، پىتنە پاسات تارقاتماقلىق.

**ئەيىبجويلىك** [عيب جويليك] «ئەيىبجويلىق» قا قاراڭ.

**ئەيىبگو** [عيب كو] (ئە + پ) چېقىمچى، يامانلىغۇچى، بىراۋنىڭ ئەيىبىنى يايغۇچى، يۈزىگە سالغۇچى.

**ئەيىبگوي** [عيب كوى] (ئە + پ) «ئەيىبگو» غا قاراڭ.

**ئەيىبىنلىغ** [عيبينليغ] بەتنىيەتلىك، قاراكۆڭۈللۈك، تىرناق تېگىدىن كىر ئىزدەش.

**ئەيىبىنلىق** [عيبين ليق] «ئەيىبىنلىغ» گە قاراڭ.

**ئەيت** [ايت] 1› ئېيتماق، سۆزلىمەك؛ 2› يازماق، پۈتمەك؛ 3› ئوقۇماق؛ 4› كۈيلىمەك.

**ئەيتام** [ايتام] (ئە) [بىرلىكى: يەتىم] يېتىملار.

**ئەيتىكلىك** [ايتيكليك] چېقىمچىلىق، ئىغۋا؛ گەپ ـ سۆز؛ تەنە

**ئەيزەن** [ايضاً] (ئە) يەنە، بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇنىڭدىن باشقا.

**ئەيش** [عيش] (ئە) تۇرمۇش، ياخشى تۇرمۇش؛ ھايات؛ 2› خۇشاللىق، كۆڭۈللۈك؛ خۇشال خوراملىق، شاتلىق؛ راھەت ـ پاراغەت، كۆڭۈل خۇشلۇقى.

«كەتتى چۇ سەرسەرى جەھان، كەلدى نەسىمى نەۋ بەھار،
تەلبە زەلىلى ئەيشىدىن كۆڭلىدە نائۇمىد ئەمەس»
— زەلىلى.

**ئەيش** ئەتمەك — خۇرسەنچىلىك، كەيپ-ساپا قىلماق، كۆڭلىنى خۇش قىلماق؛

**ئەيش** ئەھلى — ئەيش-ئىشرەت قىلغۇچىلار، بەزمىدىكىلەر؛

**ئەيش** ئەيلەمەك — ئەيش-ئىشرەت قىلماق، كەيپ-ساپا سۈرمەك؛

**ئەيش** بەزمى — ئويۇن-كۈلكە، خۇرسەنچىلىك، خۇشاللىق بەزمىسى؛

**ئەيش** تەھرىسى — ئەيش-ئىشرەت ئىستىكى؛

**ئەيش** جامى — شادلىق قەدەھى؛

**ئەيش** خەتى — خۇشاللىق نامەسى؛ مۇراد نامەسى؛

**ئەيش** دەۋرانى — خۇشاللىق ۋاقتى؛ خۇشاللىق چاغلىرى؛

**ئەيش** سازى — ئەيش-ئىشرەتكە لازىمەتلىك جابدۇق ۋە ئوزۇقلار؛ ئەيش-ئىشرەت قىلىشقا لايىق؛

**ئەيش** سۇبھى — ۋىسال ئۈمىدى؛ خۇشاللىقنىڭ باشلىنىشى؛

**ئەيش** كامى — ھالاۋەت؛ ھايات تەمى؛

**ئەيش** گۇلبۇنى — شادلىق گۈللەپ ياشنىغان چاغ؛

**ئەيش** گۇلى — خۇشاللىقنىڭ ياشنىغان پەيتى؛

**ئەيشۇ** تەرەب — شادلىق، خۇرسەنلىك، ئويۇن-كۈلكە:

«ئەيشۇ تەرەبدە ئەي پەرى سەن كەبى دىلرەبا كېرەك
دەردۇ غەمىڭدە ئۆلگەلى مەن كەبى مۇبتەلا كېرەك»
— گۇمنام.

**ئەيشۇ** كام — خۇشاللىق ئىستىكى؛ پاراغەت، مەقسەتكە ئېرىشىش؛ راھەت-پاراغەتلىك ھايات؛

**ئەيشۇ** مۇراد — مەقسەتكە، شادلىققا يېتىش؛

**ئەيشۇ** نەشات — شاد-خۇراملىق خوش ۋاقىلىق

**ئەيشۇ** ئىشرەت — ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپا؛

**ئەيشى**خىلۋەت — خالى جايدىكى خۇشال تۇرمۇش:

«دىلبەرا ھۇسنۇڭ شىكارى نەقشى تابىدۇر فەلەك،
ئەيشى خىلۋەت ئىچرە ھەمتارىڭ ئەمەس ئېردى مەلەك»
— گۇمنام.

**ئەيشى** سۇرۇر — ئەيش-ئىشرەت خۇشاللىقى، ھايات سۆيۈنچىسى، شاد تۇرمۇش؛

**ئەيشى** مۇدام — دائىملىق راھەت-پاراغەت مەيى، شادلىق كەيپى؛

**ئەيشى** مۇستەدام — دائىمىي خۇرسەنچىلىك؛ ئۆزلۈكسىز ئەيش-ئىشرەت؛

**ئەيش پەرداز** [عيش پرداز] (ئە + پ) تىرىكچىلىك قىلغۇچى، ئۆمۈر ئۆتكۈزگۈچى.

**ئەيشساز** [عيش ساز] (ئە + پ) ئەيش - ئىشرەتساز، ئەيش - ئىشرەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

**ئەيشساز بولماق** — ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولماق.

**ئەيش كۆزىن** [عيش كوزين] (ئە + پ) ياخشى كۈن كەچۈرگۈچى، ياخشى مەئىشەت، ئىشرەتپەرەس، ئەيش - ئىشرەتنى سۆيگۈچى.

**ئەيلەدىك** [ايلاديك] ئەيلىدۇق، قىلدۇق، (پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى).

**ئەيلەيۇ** [ايلايو] ئەيلەپ، قىلىپ (پېئىلنىڭ رەۋىشداش شەكلى).

**ئەيماق I** [ايماق] (كۆپلۈكى: «ئەيمەقات» شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ). «ئايماق» قا قاراڭ.

**ئەيماق II** [ايمق] ئىبىتماق، دېمەك.

**ئەيمان** [ايمان] (ئە) ‹1 ئۆك قول، ئوڭ تەرەپ؛ ‹2 قەسەملەر؛ ۋەدىلەر:

«ئاشىق ئولمايدۇر كىشى تا كەچمەگۈنچە جاندىن،
زۇلفىغە مەھرەم بولۇرمۇ ئۆتمەسە ئەيماندىن»
— زەلىلى.

**ئەيمەن** [ايمن] (ئە) ‹1 ئەرەبىستاندىكى بىر جاينىڭ نامى؛ ‹2 دەرەخ نامى.

«ئەيمەن دەرەختىدىن كىم مۇساغە ئوت كۆرۈندى،
ئىننى ئەنەللاھ ئەيتۇر ئەسرارى جان ئەمەسمۇ؟»
— زەلىلى.

**نارى ئەيمەن** — ئوت يالقۇنلاپ تۇرىدىغان دەرەخ.

**ئەين** [عين] (ئە) ‹1 ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى «ع» ھەرپىنىڭ نامى؛ ‹2 كۆز، كۆز قارىچۇقى؛ ‹3 بۇلاق؛ ‹4 بەلگە؛ ئەينەك، كۆزگۈ؛ ‹5 ماھىيەت؛ جەھەت؛ ‹6 قۇياش؛ ‹7 ئالتۇن؛ ‹8 نەقۇل؛ ‹9 سازە ياخشى؛ ‹10 ئوخشاشلىق.

«تۇرفەتۇل ئەين ئىچرە رو بولدى بەلا،
ئارى - ئارى مۇستەجاب ئولدى دۇئا»
— زەلىلى.

**ئەينەن تۇسەمما** سەلسەبىل — سەلسەبىل ناملىق بۇلاق؛

**ئەينى بىباكلىك** — ئىتائەتسىزلىكنىڭ ئەينى ئۆزى؛

**ئەينى بىنىش** — ئۆتكۈر كۆز، چوڭقۇر چۈشەنگۈچى، بىلىملىك كىشىلەر؛

**ئەينى تەلەتتۇف** — نازۇك مۇئامىلىدە بولۇش تۈپەيلى، بىرلا ياخشىلىق ئۈچۈن؛

**ئەينى جەلادەت** — ئەزىمەتلىك يۈزىسىدىن، چاققانلىق، تېزلىك؛

**ئەينى رەسۋالىق** — ئۆتە رەسۋالىق؛ رەسۋالىقنىڭ ئۆزى؛

**ئەينى رەشك** — رەشىك تۈپەيلى، رەشىك تەقەززاسى بىلەن، رەشكىلىك قاراش (نەزەر)؛

ئەينى رىزا ـ مەرھەمەتلىك نەزەر، رازىلىق جەھەتتىن قوبۇل قىلىش نەزەرى؛
ئەينى زەمان ـ زاماننىڭ ياخشىسى، ئۇلۇغى، ئالەم كۆزى؛ ھەممىنىڭ نەزەرى؛
ئەينى سەفا ـ ساپ ئىرادە، گۈزەل ئارزۇ؛
ئەينى كەرەم ـ ياخشىلىق يۈزىسىدىن؛
ئەينى كەسافەت ـ كاساپەت مەنبەسى؛ ناھايىتى كاساپەت؛
ئەينى مەقسۇد ـ ئەسلى مەقسەت، ھەقىقىي مەقسەت؛
ئەينى مۇھەببەت ـ مۇھەببەت تۈپەيلى؛ خالىس مۇھەببەت؛
ئەينى ناز ـ ناز تۈپەيلى؛ نازلىق كۆز؛ پەقەت ناز قىلماقلىق؛
ئەينى نەزاھەت ـ ھەقىقىي پاكلىق، ئەسلى پاكلىق؛
ئەينى نۇر ـ نۇرنىڭ دەل ئۆزى، ئۆز يورۇقلۇقى؛
ئەينى **ھەيات ئەفزا** ـ ھايات بېغىشلىغۇچى، تىرىلدۈرگۈچى، ئىلتىپاتلىق كۆز؛
ئەينى **ئىززەت** ـ ئىززەت يۈزىسىدىن، ۋەجىدىن؛
ئەينى **ئىفلاس ۋە فەلاكەت** ـ ئىنتايىن چۈشكۈنلۈك ۋە پالاكەت؛
ئەينى **ئىنايەت** ـ ئىنايەتنىڭ ئەينى ئۆزى؛ خالىس مېھرىۋانلىق؛
ئەينى يەرەقان ـ سېرىق كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان كىشىنىڭ كۆزى.

**ئەينە** [اين] (ئە) قەيەردە؟
ئەينەلمەفەر ـ قاچىدىغان جاي قەيەردە؟

**ئەينەين** [عينين] (ئە) ئىككى كۆز.

**ئەينۇلكەمال** [عين الكمال] (ئە) كامالەت، بالاغەت؛ پەقەت كامالەت ۋەجىدىن.

**ئەينۇلھەيات** [عين الحيات] (ئە) 1› ھايات بۇلىقى، ھايات سۇيى؛ 2› ئەسەر نامى.

«ئەرىقنى دەبان ئىسمى «نەھرۇننەجات»،
كى سەرشارىنىڭ ئاتى «ئەينۇلھەيات»»
— ئا. نىزارى.

**ئەينۇليەقىن** [عين اليقن] (ئە) بىرەر نەرسىنى ماھىيىتى بىلەن ئېنىقلاش ۋە كۆرۈش، بىرەر نەرسە ھەققىدىكى ئېنىق مەلۇمات.

«كۇفرۇ ئىمان ئايەتىنىڭ شەرھىنى ساھىب نەزەر،
كۆزلەرىڭ ئاقۇ قاراسىندەك كۆرەر ئەينۇليەقىن»
— ئەتائىي.

ئەينۇليەقىن ئەھلى ـ ئۆتكۈر كۆزلۈكلەر؛ چىن، ھەقىقەتنى بىلگۈچى، مۇلاھىزە قىلغۇچى كىشىلەر.

**ئەينىيەت** [عينيت] (ئە) ئەينى ئۆزى ئىكەنلىكى؛ ئۆزلۈك.

**ئەيۋان** [ايوان] 1› ئالدى ئوچۇق يۈكسەك بىنا، قەسىر؛ 2› ئالتىنچى قەۋەت ئاسمان، پەلەك؛ ئالتىنچى قەسىر؛ 3› قۇياشنىڭ 12 بۇرجىكىدىن بىرى.

«بۇساغاڭدا كۆك تىرەر ئىردى باشىم لۇتفۇڭ بىلە،
يەرگە چالدىڭ شىشەدەك ئەيۋانى مىينادىن مىنى»
— ئەتائى.

ئەيۋانى رىفئەت — يۈكسەك (قەسىر)؛ ئاسمان؛
ئەيۋانى مۇنەققەش — بېزەكلىك، نەقىشلىك قەسىر، پەلەك، چەرخ؛
ئەيۋانى مىينا — كۆك ئاسمان.

**ئەيىبانە** [عيبانه] (ئە) جەرىمانە، تۆلەم.

**ئەيىغ** [ايىغ] ئېيىق.

**ئەيىقماق** [ايقماق] ئايرىلماق؛ ئويغانماق؛ هوشيار بولماق، هوشىغا كەلمەك؛ چۈشەنمەك؛ پەملىمەك.

**ئەيىلدۇرماق** [ايىلدورماق] ئويغاتماق، هوشىغا كەلتۈرمەك؛ ئاجراتماق.

**ئەيىلماق** [ايىلماق] «ئەيىقماق» قا قاراڭ.

**ئەيياب** [عياب] (ئە) ئەيىبلىگۈچى.

**ئەييار** [عيار] (ئە) هىيلىگەر، مەككار؛ سېھىرگەر.

ئەييار كۆز — مەككارلارچە قارىماق؛
دىلبەرى ئەييار — سېھىرلىگۈچى دىلبەر.

**ئەييارە** [عياره] (ئە) مۇناپىق، هىيلىگەر، ئالدامچى، مەككارە؛ كونا دۇنيا.

**ئەيياش** [عياش] (ئە) مەئىشەتكە بېرىلگەن، مەئىشەتپەرەس، ئەيش-ئىشرەتنى سۆيگۈچى.

**ئەييام** [ايام] (ئە) [بىرلىكى: يەۋم] كۈنلەر، دەۋر؛ پەيت، چاغلار، زامانلار، ۋاقىتلار.

«ئۇيقۇسىز ئۆتكەركى سەن ئەييامنى،
بىهۇدە ئۆتكەرمە سۇبهى - شامنى»
— خەراباتى.

ئەييامى ئەدل كۆرگۈزمەك — ئادالەت، ئىنساب كۆرسەتمەك؛ هەققانىيلىق دەۋرى، زامانى بولماق؛
ئەييامى شەباب — يىگىتلىك دەۋرلىرى، ياشلىق دەۋرى؛
ئەييامى فانىي — ئۆتكەن كۈنلەر، ئۆتكۈنچى پەيتلەر؛
ئەييامى ۋىسال — يېتىشىش كۈنلىرى، ئۇچرىشىش پەيتلىرى؛
زەئىف ئەييامى — كۈچسىزلىك پەيتلىرى، ئاجىزلىق دەۋرى.

**ئەييۇهەسساقىي** [ايهاالساقى] (ئە) ئەي ساقى.

**ئەييۇهەننااس** [ايهاالناس] (ئە) ئەي ئادەملەر، ئەي خالايىقلار!

«بىلىڭ ئەييۇهەنناس يىتتى بالام،
ئانى بەرسە ئورنىغە بەرگۇم غۇلام»
— ئا. نىزارى.

www.uyghurkitap.com



*Амир Хусрав Деҳлавийнинг Деҳлидаги мақбараси*
*Мавзолей Амира Хосрова Дехлеви в Дели.*
*Amir Hosrov Dehlevi mausoleum in Delhi.*




**源　泉**（维吾尔文）总22期　　بۇلاق (ئومۇمي 22 - سان) (پەسىللىك ژۇرنال)

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN 65－1063/I
本刊代号：58－108定价：1.25元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 108- 58　باھاسى: 1.25 يۈەن